جەنۇبىي دېڭىزدىكى بىر مەملىكەت. بۇ مەملىكەتنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇق ياكى بىر ئارال ئىكەنلىكى توغرىسىدا جۇغراپىيىشۇناسلار بىر مەيدان ئىنتايىن تېتىقسىز تالاش - تارتىش ئېلىپ بېرىپ، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ سانائەت ۋە سودا تەرەققىياتىنى ئېغىر ھالدا كېچىكتۈرۈۋەتكەن.

**ئائىلە**

1. ئائىلە ھاراق ئىچىدىغان ئەر بىلەن ئاغزى بېسىلمايدىغان ئايالدىن تەركىب تاپىدۇ.

2. ئاتا - ئانىنىڭ ئارامگاھى، ئاياللارنىڭ مۇلازىمەت مەركىزى.

3. ئادەملەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئارزۇلاپ كىرىدىغان تۈرمە.

**ئائىلە ئايالى**

بوينداق ئاياللار ئېرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن، ئانالىزچى، دوختۇر، ئىنسانشۇناس، كونا سىيالاھىيەتلىك مۇناسىۋەتشۇناس ۋە ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىسىدىكى نوپۇز ئىگىسى بولۇشتىن ئىبارەت جاپالىق ئىشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم قالتىس چاكارلار ئاشخانا ۋە ياتاق ئۆيىنىڭ سايىسىدە غايىب بولۇپ

ئايال B : ھەئە.

ئايال A : ئۇنى ئوبدان تونۇيمەن، ئۇ كىشىلەرگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، زادىلا يامان ئىش قىلىپ باقمىغان.

ئايال B : بولدىلا، ئەدىكى بىمەززە پاراڭنى قىلىشماي، باشقا ئاياللار-نىڭ گېپىنى قىلىشايلى.

**ئايالنىڭ جەلپكارلىقى**

ئەرلەرنى نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان قورال.

**ئايالنىڭ قەلبى**

1. چەكسىز ھەسرەت.

2. ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدىغان، ھەتتا ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئىمتىھان سوئالى.

*ئايال ھەمراھ*

- قارا سېنى، ئاۋۇ دىۋانىگە قانچە پۇل بېرىۋەتتىڭ؟ ئۇ يالغاندىن قارىغۇ بولۇۋاپتۇ!

- بىراق، سەن كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ ماڭا: «سىز بەك چىرايلىقكەنسىز، كۆڭلىڭىز بەك ياخشىكەن» دېدى.

- شۇنداقمۇ؟ قارىغاندا ئۇ راستىنلا قارىغۇ ئىكەن - دە!

*سەزگۈرلۈك*

ئەر: سەن بۇ تايىنى يوق كىتابنى كۆتۈرۈۋېلا يۈرسەنغۇ؟

ئايال: دىققەت قىلماپسەن - دە، بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ رەڭگى بىلەن بۈگۈن كىيگەن كىيىمىمنىڭ رەڭگى تازا ماس كېلىدىكەن.

*ئاجرىشىش*

بىر خانىم ئېرى بىلەن ئاجرىشىش ئۈچۈن سوتقا بېرىپتۇ.

- سىز توقسەن توققۇز ياشقا كىرىپسىز، - دەپتۇ سوتچى ئەجەپلەنىپ، - ئېرىڭىز بىر يۈز بىر ياشقا كىرىپتۇ، مۇشۇ ياشقا كەلگەندە ئاجرىشىمىز دېگىنىڭىز نېمىسى؟

- سوتچى ئەپەندى، - دەپتۇ خانىم، - سىز بىلمەيسىز، بىز يەتمىش يىلنىڭ ئالدىدا ئاجراشماقچى بولغانىدۇق، لېكىن بىز باللارنى يېتىم

لىق ماللار ئىچىدە، بۇ خىل قۇربانلىقنىڭ جايلاشقان جايى ئەڭ كۆپ بولۇپ، يەر شارىنىڭ ھەر قانداق يېرىدىن تېپىلىدۇ. لېكىن، ھازىرقى مۇزېيشۇناسلار ئاياللارنىڭ بۇنداق گۈزەل ئەخلاقىنى ئىنكار قىلدى ۋە: «ئەلمىساقتىن كۆرۈلۈپ باقمىغان چاغلاردىكىدەك، ئاياللار يەنە غەزەپلىك نەرە تارتماقتا» دەپ جاكارلىدى.

2. ئۆزىنىڭ يېشى، بەدەن ئېغىرلىقى ۋە ئېرىنىڭ كىرىمىدىن باشقا نەرسىلەر ھەققىدە ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدىغان ئادەم.

**ئايال كاتىپ**

1. كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغان خىزمەت ئورنى.

2. كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى توساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مودېل.

*تېز خاتىرىلەش ماھارىتى*

دىرېكتور جاۋاب خەت يېزىش ۋاقتىنى تېجەش ئۈچۈن ئايال كاتىپنى تېز خاتىرىلەشكە چاقىردى. ئۇ دېمەكچى بولغانلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن سورىدى:

- جاۋاب خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېنىق بىلىۋالدىڭىزمۇ؟

- ھەئە، ھەممىسىنى بىلىۋالدىم. بىراق، سىز «ياخشىمۇسىز» بىلەن «خەير - خوش» نىڭ ئارىلىقىدىكى مەزمۇنلارنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

*چاچ ئاسراش مېيى*

ئايال: بۇ چاچ ئاسراش مېيى.

ئەر: رەھمەت.

ئايال: سىزگە ئەمەس، ئايال كاتىپىڭىزغا بەرمەكچىمەن، كاستومىڭىزدا نۇرغۇن چاچلىرى تۇرىدۇ.

**ئاياللارنىڭ دوستلۇقى**

ئىككى ئايالنىڭ قايتىدىن ئەپلىشىپ قالغانلىقى، ئۈچىنچى ئايالنىڭ ئۇلارغا ئورتاق دۈشمەن بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

*يېقىن دوست*

ئايال A: ئاۋۇ ئايال سىزنىڭ دوستۇڭمۇ؟

# ئە

**ئەپەندى**

1. بىر خىل ھۆرمەت نامى. ئۇ ھېچقانداق باشقا ھۆرمەت نامى يوقلارنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

2. قاۋاقخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ھېلىقىدەك «ئىدارە باشلىقى» ياكى «بۆلۈم باشلىقى» دېگەن تاجىلىرى يوقلارنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئەپسانە**

1. يەر شارىدىكى تۇنجى مېكىيان تۇغقان تۇنجى تۇخۇم ياكى تۇنجى تۇخۇمدىن چىققان تۇنجى چۈجە. بۇ ئاجايىپ - غارايىپ نەرسە ۋاقىتنىڭ تىنىمسىز ئۆرۈپ تۇرۇشى بىلەن تا ھازىرغا قەدەر دەسلەپكى يارقىنلىقىنى ساقلايدىغان بولغان.

2. كۆپ قىسىم ئەپسانىلەر «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» دەپ باشلىنىدۇ؛ يەنە بىر قىسىم ئەپسانىلەر بولسا «مۇبادا مەن سايلىنىپ قالغۇدەك بولسام» دەپ باشلىنىدۇ.

**ئەپسۇسلىنىش**

1. يازماقچى بولغان شېئىرنىڭ تۇرمۇش تەرىپىدىن ئاشكارا ئېلان قىلىنىۋېتىلىشى.

2. مۇستەبىتلەر شۇنچە باش قاتۇرۇپمۇ، تا ھازىرغىچە قەلبنى باغلاپ قويىدىغان زەنجىرنى تاپالمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنى. لېكىن بۇنداق ئەپسۇسلىنىش ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ.

3. ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشەلمىگەن ياكى پۈتۈنلەي ئېرىشكەندىن كې-

قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاجرىشىشقا كېلىشكەن.

ئايروپىلان

1. قىلچە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولمىغان تەسەۋۋۇر كۈچى

2. جىمى ئىشنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىدىغان پەلسەپە. قىمار خەتىرى ۋە سۇرئەتنىڭ تېزلىك مەنىسى ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلانغان ئۇزۇن ساندۇق.

*تاقەت قىلالماسلىق*

ئايروپىلاندىكى بىر ئايال يولۇچىنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىكەن، باللار ئايروپىلان بولۇمىدە ھېچكىم يوقتەك قىيغىتىپ ئويناپتۇ. بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان بىر يولۇچى ئۇلارغا قاراپ سۆزلەپتۇ:

- باللار، تالاغا چىقىپ ئوينىساڭلار قانداق؟

**ئەخلەت**

سۆز ئۆززۇندىلىرى بىلەن ئەقلىيە سۆزلەرنى بىر ساندۇققا قاچىلاش.

**ئەخمەق**

كۈچ - قۇدرىتى زور بولغان بىر كاتتا ئىرقنىڭ ئەزاسى. ئەخمەقلەر ئىرقىنىڭ تەسىرى ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىدا ئەزەلدىن يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلگەن. ئەخمەقلەرنىڭ پائالىيىتى ھەر قانداق ئىدىيە ياكى ھەرىكەت ساھەسى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ «ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل پائالىيەت بوشلۇقلىرىنى قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ، شۇنداقلا ھەممىنى بەلگىلەيدىغان رول ئوينايدۇ.» بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدۇ، ئۇنىڭ قارارىغا رەددىيە بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇ كۆز قاراش ۋە قىزىقارلىق ھەر خىل مودىلارنى يارىتىدۇ، ئۇ سۆزلەشكە قارىتا تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى بېكىتىدۇ، يەنە ئۇ قاتتىق پەرھىزلەردىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى يەڭگىللىك بىلەن قارامىلىق قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**ئەدەبىي ئاخبارات**

«توقۇلمىسىز ئەسەر» دەپ نام ئالغان توقۇلما ئەسەر.

**ئەدەپ - قائىدە**

بۇ كىشىلەر ناھايىتى ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان بىر خىل ساختىلىق.

**ئەدىب**

ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانى بولغاچقا، ئۇنىڭ ياشىشى ۋە قىلغان ئىشلىرى دائىم تەڭرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدۇ.

بۇ خىل ئادەمنىڭ كەسپىي بۇرچى: دوختۇرنىڭ كېسەلگە دىئاگنوز قويغاندىكى نەزىرى بىلەن تۇرمۇشقا قاراپ - قايتا زەن سېلىپ، ئاندىن كېيىن ئۆزگىچە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن تۈيۈقسىز تۇرمۇشنىڭ سىرتقى كىيىمىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تەتۈر ئۆرۈپ، سۆكۈلگەن جايلىرىنى، جۈملىدىن يامىغىلى بولمايدىغان تۆشۈكلىرىنى سازايە قىلىشتىن ئىبارەت.

**ئەر**

1. ئەر دېگەن شۇنداق بىر خىل ئادەمكى، توي قىلىشتىن بۇرۇن

يىنكى كەيپىنىڭ ئۇچۇشى.

**ئەپۇ سوراش**

1. كىيىن يەنە بىر قېتىم رەنجىتىش ئۈچۈن يوشۇرۇنغان مەزمۇن.

2. كېلەر قېتىم يەنە شۇنداق ئىش قىلىشنىڭ قائىدە - يوسۇنى.

**ئەپيۇن**

دۇنيا بويىچە ئەڭ - ئەڭ زەھەرلىك ئەقلىيە سۆز. ئۇ كىشىلەرگە گۈزەللىك ھەممىنى ئېزىقتۇرىدۇ ۋە رەت قىلىدۇ دېگەن داۋلىنى ئېيتىپ بەردى. 19 - ئەسىردە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆز ئالدىغا بۇنداق ئۇسۇملۇكنى تېرىشنى مەنئى قىلدى. . شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىكى بىۋاستە مۇستەملىكىلەردە تېرىلىشقا ۋە يامراشقا باشلاپ، گۈزەللىكنىڭ ئىشتىھاسى پەگداشسىز بولۇپ كەتتى.

**ئەتە**

1. مەرد، سېخىي بىر دوستىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئىنتىلىۋاتقان بارلىق نەرسىلەرنى بىزگە بېرىشكە ماقۇل بولۇشى.

2. پۇشايمان قىلىدىغان كۈن.

3. ھورۇننىڭ لۇغىتىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۆز.

**ئەتىر**

باشقىلارنى غىدىقلاپ، ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل پەرداز بۇيۇمى. ئۇ بەزى كىشىلەرنى چىداپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ؛ بەزى كىشىلەرنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئامېرىكىدا ئەتىر بىلەن بېنزىن بارلىق تەۋەككۈلچىلىك كەسپلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ.

**ئەخلاق**

سىن ئەخلاقلىق بولغانسېرى، تاپىدىغان پۇلۇڭ شۇنچە ئاز بولىدۇ.

**ئەخلاقى بۇزۇق**

ھەممىشە باشقىلارنى ئۆزىنىڭ قۇربانى بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان، ئۆزى بولسا ئاززاقمۇ قۇربانلىق بەرمەيدىغان كىشىلەر. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى ئۇچۇنلا ياخشى ئىش قىلىدۇ.

2. بىر - بىرىنى زادى كۆرگۈسى كەلمىسىمۇ، لېكىن كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان كىشىلەر.

ئەركەك جىنس

دائىم سەل قارىلىپ قالىدىغان ئەرزىمەس جىنس. ئاياللارنىڭ نەزىرىدە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەركەك جىنسى پەقەت ئەر كىشىدىنلا ئىبارەت. ئەرلەر ياخشى باققۇچىلار ۋە ناچار باققۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەركىنلىك

1. ئىنسانلارنىڭ كېيىمىنى بايراق قىلىپ ھەممىلا يەردە لەپىلدىتىپ يۈرۈشكە ئۈرۈنىدىغان سەبىيلەرچە مەقسىتى.

2. ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق.

3. تويدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش.

ئەركىنلىكنىڭ دۈشمىنى

قەپەسنى ئىزدىگەن قۇش، چۇلغۇۋىنى ئىزدىگەن ئات، قار - شىۋىرغاننى ئىزدىگەن گۈل.

ئەرلەرگە ئۆچلۈك

1. ئەرلەرنى قىلتاققا چۈشۈرۈشتىكى ئاجايىپ ماھارەت.

2. كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئەرلەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئايال.

*ئۇنداق بولسا*

چىرايلىق قىز بىلەن بىر يىگىت سۆزلىشىۋاتاتتى.

يىگىت: سىزگىلا راست گەپ قىلىۋاتىمەن، مەن بولۇپمۇ ئاياللارغا ئۆچ، بىر ئۆمۈر ئۆيلىنىشنى خالىمايمەن.

قىز: ئالدامچى.

يىگىت: راست دەۋاتىمەن.

قىز: ھەقىقەتەن قالتىسكەنسىز. مەن ئەرلەرگە بەك ئۆچ. بىر ئۆمۈر ئەرگە تېگىشنى خالىمايمەن.

يىگىت: ئالداۋاتقانسىز؟

قىز: راست دەۋاتىمەن.

ئايال ئۇنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ توي قىلغاندىن كېيىن ئايال ئۇنىڭ- دىن گۇمان قىلىدۇ؛ ئۆلگەندىن كېيىن بولسا، ئايال ئۇنى ھۆرمەت قىلىش- قا باشلايدۇ.

2. تامىقىنى يەپ بولۇپ، قاچىسىنى ئۆز جايىدىن قىمىرلاتماي قوپۇپ كېتىدىغان ئادەم.

*كېچىكىش سەۋەبى*

بىر ئادەم ئىشقا ئىككى سائەت كېچىكىپ قاپتۇ.

- نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ باشلىقى.

- خوتۇنۇم ئون سوم پۇلنى يىتتۈرۈپ قويغانىدى.

- قانداق قىلدىڭلار؟

- ئۇ كالۋا تازا ئىزلىدى.

- خوتۇنۇڭ پۇلنى ئىزلىگەن بولسا، سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟

- مەن پۇلنى ئايىغىم بىلەن دەسسەپ تۇردۇم.

ئەر بىلەن ئايال

1. مەڭگۈ چاينىلىدىغان پاراڭ تېمىسى بولۇپ، ئىككىسىلەننىڭلا ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى - ئوخشاش. ئەر كىشى ئاشكارا ئوخشايدۇ، ئايال كىشى مەخپىي ئوخشايدۇ. بىر تەرەپنىڭ نەزىرىدە قارشى تەرەپ سۇ بولۇپ كۆرۈ- نىدۇ.

2. ئەرلەر تاماق ئېتىشتىن قورققاچقا ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيگە قاي- تىشقا ئالدىرىمايدۇ؛ ئاياللار تاماق ئېتىش ئۈچۈن ۋاقىت توشماستىنلا ئىشتىن چۈشۈشكە ئالدىرايدۇ.

ئەر - خوتۇن

1. قانۇن بىر - بىرىگە چېتىپ قويغان بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ئاتىلىشى. تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلىدى ۋە ئىسپاتلايدۇكى: ئەر- خوتۇن راستىنلا ئاجراشماقچى بولغان كۈزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋاقىت ئىچىد- دە، ھەر ئىككىسىلا چۈشىنىشكەن ھالدا ئۆزلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان نەرسە ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرىنى ئاجرىتىۋېتىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالىدۇ.

3. ئالتۇندىنمۇ ئۇستۈن تۇرىدىغان بىباھا گۆھەر - ھەسرەت.
4. مۇھەببەتنىڭ ئاياغلىشىشى.
5. بەدەننىڭ كالامپايلىششى.

ئەقلىيە سۆز

1. ئۆسمۈر ئوغۇل - قىزلارنىڭ دەپتەرلىرىگە توشۇپ كەتكەن چىرايلىق گەپلەر.
2. ئاجىز چىشلار ئۈچۈن تەييارلانغان سۆڭەكسىز ئەقىل - پاراسەت.

يۇقىرىغا قارىتا كەمتەر بولۇش - بورچ، تەڭتۇشلارغا قارىتا كەمتەر بولۇش - ئەدەپ، تۆۋەنگە قارىتا كەمتەر بولۇش - ئالىيجانابلىق.

ئەڭ سەلتەنەتلىك تەختتە ئولتۇرغان ئەڭ ئۇلۇغ مۇستەبىتمۇ ئۆزىنىڭ كاسىسىدا ئولتۇرۇشى كېرەك.

خەلقنى بويسۇندۇرۇش خەلقنىڭ قەدىرلىشىدىنمۇ مۇھىم.

ئەقىل - پاراسەت

1. ئازراقمۇ بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشنى بىلمەيدىغان بىر خىل ئىقتىدار.
2. خوتۇننىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل قىياپىتى؛ ئەرنىڭ قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بىر خىل قىياپىتى.
3. ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم.

*ئىلتىماس قىلىش*

ناھايىتى پۇلدار، ساھىبجامال، نازاكەتلىك، تۇغما ئەقىللىق بىر تول خوتۇن بار ئىكەن. بىر يىگىت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

- سىزدىن بىر مەسىلىنى سوراپ باقاي، جاۋاب بېرىپ بېقىڭ، - دەپتۇ تول خوتۇن.

- قېنى، ئېيتىڭ!

- مېنىڭ ھايۋانات باغچىسىدىكى چىشى پىلدىن زادى قانداق پەرقىم بار؟

- نېمە؟ سىز بىلەن ھايۋانات باغچىسىدىكى... بۇ بەكلا قېلىپتىن

يىگىت: پاھ، ئۇنداق بولسا بىز تازا قاملاشقان بىر جۈپ ئىكەنمىز، مەن سىز بىلەن توي قىلسام دەيمەن.

**ئەرۋاھ**

1. كېچىسى تەسەللى بېرىدىغان ئايال.

2. يامان ئادەملەردە يەنىلا ئازراق ۋىجداننىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت.

3. تېلېۋىزوردىكى باش رولچى.

**ئەسەر ئوغرىلاش**

بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر خىل تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش. ئۇ نومۇس بىلەن باشلىنىپ، شەرەپ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى**

1. تەڭرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلارغا بەرگەن جازاسى.

2. خوتۇنلارنىڭ ھەيران قالدۇرارلىق تۇغما قابىلىيىتى.

**ئەستە قالدۇرۇش**

يىگىت سۆيگىنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ، ئاپىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

**ئەسكەر**

1. توپتوز تۇرغان ئادەم ۋە توپتوز يېتىپ توپتوز چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەم.

2. ئۆزلۈكسىز خوراۋاتقان تۆۋرۈكنى تەمىن ئېتىدىغان زور مىقداردىكى ماتېرىيال.

3. ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدىغان ئادەم.

**ئەسلەش**

1. تەسەۋۋۇر قىلىش. بىر كاللا پەقەت ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلالىغان نەرسىلەرنىلا سىغدۇرالايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ ئەزەلدىن بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

2. ئۆتمۈشنى ئەسلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بەزى ئىشلارنى قوشۇپ قويۇش.

2. ئەمەلىيەت رومانىنىمۇ ئاجايىپ، بىراق ئۇ بازىرى ئىتتىك كىتاب بولالمايدۇ.

3. قارشى تەرەپنى راست دەپ ئىشەندۈرۈش مەقسىتىدە ئېيتىلغان پىكىر.

4. ئەمەلىيەت ئالماستەك قىممەتلىك، ئۇنى ئۇرۇپ بۇزۇۋېتكىلى، سۈركەپ ئۆپرىتىۋەتكىلى بولمايدۇ.

**ئەمەلىيەتتە**

بەلكىم، ئېھتىمال.

**ئەمچەك**

1. دۇنيادا بىردىنبىر يېگىلى بولىدىغان گۈمبەز. بىراق چوڭ ئەرلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۆپىنچە ھاللاردا يۈزى قېلىنلىرى تويغۇدەك يېيەلەيدۇ، يۈزى نېپىزلىرى يېيەلمەيدۇ.

2. مۇھەببەتنى چاقىرىدىغان ئىشىك قوڭغۇرىقى.

**ئەمچەك توپچىسى**

ئاياللارنىڭ چىڭ تاقالغان لىپتىكى ئاستىدىن تاپقىلى بولىدىغان بىر خىل رودا. ئۇنى پۇل ۋە زىبۇزىننەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدا ئېرىتكىلى بولىدۇ.

**ئەمگەك**

1. بۇ «ئا» نىڭ «ب» ئۇچۇن بايلىق يارىتىشىدىكى كۆپ خىل تەرتىپ-نىڭ بىر خىلى.

2. ئەمگەك - مۇقەددەس، ئەمگەك - پۇل.

3. ئەمگەك - كۆڭۈللۈك ئىش. بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە...

**ئەنئەنە**

1. ئالدىنقى بىر ئەۋلادنىڭ كېيىنكى ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغان يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى.

2. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە زىت ھالدا ئىنسانىيەت ئۈز-لۈكسىز كۆپەيتكەن يامان ئادەتلەر.

چىقىپ كەتتى، - دەپتۇ يىگىت دۇدۇقلاپ.

- ئەگەر مۇشۇنىڭ پەرقىنىمۇ بىلمىسىڭىز، ئۇنداقتا ھايۋانات باغچە-سىدىكى چىشى پىل بىلەن توي قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

ئەقىللىق

قولاق بىلەن كۆزنىڭ بىرلىكتە ئاي توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشى.

ئەقىللىق كىشى

- بۇ خىل كىشى بىرەر گەپنى دېيىشتىن ئىلگىرى، قايتا - قايتا ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ھېچنېمە دېمەيدۇ.

ئەلچىخانا

ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلغان دۆلەت نامى. ئۇلار خوددى يالغان - ياۋىداق سۆزلەردەك يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ تارقالغىنى ئەمدىلا قول تۇتۇشقانلىقى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك خە-ۋەر.

ئەلئىھرام

تالاش - تارتىش ئەڭ كۆپ بولۇنغان تارىخىي تېما. نىل دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى پادشاھ تاجىسى. بىر توپ تاشچىلار قىلغىلى ئىش تاپالمىغان چاغلاردا بەدىنىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن قىرلىق تاشلاردىن پايدى-لىنىپ بۇ تېپىشماقنى بىنا قىلغان.

ئەمەلىي كۈچ

تەر مۇنچاقلىرىنى قورال قىلىپ ئۆزىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇش. كۆتۈرۈلگەن تاش بىلەن يانجىلغان پۇتتىن چىققان ناخشا ساداسى.

ئەمەلىيەت

1. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان بەزى نەرسىلەر بولۇپ، بىز دائىم ئۇلارنى ئاساس قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى تورغۇزىمىز. «ئەمە-لىيەتنى ئىگىلەش كېرەك، بولمىسا ئەمەلىيەت سىزنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتنى ئىگىلىمەك ھامان، ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك، بولمىسا ئۇ سىزگە ئۇۋال قىلىپ قويىدۇ.»

## ب

**باتۇرلۇق**

1. بۇ تەڭرى ئەرلەرگە بەخش ئەتكەن بىر خىل ھوقۇق. خوتۇنلىرى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە قۇتراپ كېتىدىغان ئەرلەر دائىم بۇ پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

2. ئەرلەرنىڭ بىخەتەر ئەھۋالدا تۇرغان چاغدا ئىپادىلەيدىغان ئەڭ يارقىن پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى.

3. ئۆزىدىن قورقماسلىقتەك بىر خىل ئىقتىدار.

**باج**

1. ئىگە بولۇش دەل مەھرۇم بولۇش. بۇنداق مىزان ھەر بىرىمىزنى بىر ئۆمۈرلۈك ۋاقتىمىزنى مەھرۇم بولۇش ئۇچۇن ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

2. بۇ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش دېگەن نامنى قويۇۋالغان ئالدامچىلىق، يەنى پۇقرالار ھۆكۈمەتكە پۇل تاپشۇرغاندا تۈرمە سىرتىدا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

**باراۋەرلىك**

ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرنى پەسكە تارتىپ، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىگە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى.

ئۇ ھەر بىر ئادەمنى، كۈچلۈك بولۇشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ. دەل مۇشۇ ئىنتىلىش چاكىنا ئادەملەرنى ئۇلۇغ ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

بارلىق ئەرلەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولىدۇ، بىراق بەزىلەر تويى قىلىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ باراۋەرلىكنى ئامالسىز قالدۇرىدۇ.

**ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت**

ئۆتمۈشنىڭ ھازىرغا بولغان بىر خىل تەسىرى. ئامىباب سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆلگەنلەرنىڭ ھەر دائىم تىرىكلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى.

**ئەھمىيەت**

مېنىڭ سۆزلەۋاتقان سۆزۈمدە ئازراق نەرسە بار.

**ئەۋرىشكە**

ئامباردا بېسىلىپ قالغان ماللارنىڭ ئارىسىدىكى گوزەللىك چېمپىيو-نى، ئىشلەپچىقىرىش سېپىدىن ئەۋەتىلگەن مەھسۇلات مودېلى.

**ئەۋلىيا**

بۇ تۈزىتىش ۋە تەھرىرلەش ئارقىلىق پىششىقلانغان، ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بىر جىنايەتچى.

**ئەينەك (بوي ئەينەك)**

1. ئىنسانلارنىڭ خىيالىي تويغۇسىنىڭ مەنبەسى.
2. كىشىلىك ھاياتنىڭ بىردىنبىر دوستى.

*ئەينەك ئالدىدا*

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن رەسىم كۆرگەزمىسى كۆرگىلى بېرىپتۇ. ئايال بىر پارچە رەسىمنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، بىر چەتتە تۇرغان ئېرىگە دەپتۇ:

- بۇ رەسىمدىكى ئايال نېمىدېگەن سەت - ھە!

ئېرى دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

- ئاستىراق گەپ قىل، ئۇ دېگەن رەسىم ئەمەس، ئەينەك.

ئاخشام مەن يوقلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىمايدىغان بوپتۇ، دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقسىمۇ بولغۇدەك.

ئەر: خوتۇنۇم ساقايدى، بىراق دوختۇرخانىنىڭ ھەق ئېلىش تالونىنى كۆرۈپ مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

**باشقۇرۇلىدىغان بومبا**

بىز ئۇنىڭغا سىنىۋېلىپ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقىمىز، بىراق يۇرتىمىزغا قايتىش يولىمىزنى قايتا تاپالماي قالىمىز.

**باشلىق**

1. كۆڭلۈكىدە قارغايدىغان، ئاغزىدا ماختايدىغان، كۆڭلۈكىدە ئۆلۈمىنى، ئاغزىدا ئۆمرىنى تىلەيدىغان ئادەم.

2. ياخشى ئىشنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىپ كۆرسىتىدىغان، يامان ئىشنى قول ئاستىدىكىلەرگە ئىتتىرىدىغان ئادەم.

**بالا**

1. جىنسىي تەلەپنىڭ پۇرۇچى. ئىنسانىيەت مانا شۇنداق ئالدىن كېلىشىپ قويۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بارلىققا كەلگەن، بىراق مەسئۇلىيەت بولسا قاناتسىز چىۋىندىن ئىبارەت.

2. جەبرىنىڭ كۆپلۈكىدىن «بالا» دېگەن سۆز بىلەن مەنداش بولۇپ قالغان.

**بالا باققۇچى**

ئادەتتە بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ، كۆپ بولغاندىمۇ بىر ئائىلە كىشىلەرىگە مۇلازىمەت قىلىپ ھەق ئالىدىغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. قاۋاقخانا خېنىمى، ساتىراشخانا خېنىملىرىغا ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتى بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. بالا باققۇچى كۆپرەك ئىش ھەققى ئالىمەن دېسە، بۇ ئاساسلىقى ئەر خوجايىن ئاياللارنى ياخشى كۆرىدىغان ياشتىمۇ، يوق، ياكى خوجايىننىڭ ئوغلى ئاياللارنى ياخشى كۆرىدىغان ياشقا يەتتىمۇ، يوق، دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە باغلىق بولىدۇ.

*ئايال خوجايىن ۋە بالا باققۇچى*

— مەن بالا نېمە دېسە شۇنى بېرىڭ دېگەنغۇ، — دەپتۇ ئايال خوجايىن.

**بارماق**

ئىچكىلا ئىگىلىدىغان تىپىك ئالارمەن ئەزا.

**باروмېتىر**

بىزنىڭ قانداق كىلىماتتا تۇرۋۇاتقانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەپچىل ئەسۋاب.

**بازار**

ئاياللارنىڭ دۇئېل مەيدانى. ھەر كۈنى ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان جاي.

**باسقۇنچىلىق قىلىش**

1. رادىكال نەزەرىيىنىڭ جىنسىي تۇرمۇشتا نوقۇل تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش قوزغىشى بولۇپ، بەدەن ئىشغال قىلىنغان، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئېغى ئېلىپ بېرىلمىغان بولىدۇ. ئۇ تامامەن تېز رىتىملىق مېخانىك مەشغۇلات كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر مەيدان قاتناش ھادىسىسى.

2. سۆھبەتسىز ئېرىشىلگەن غەلىبە؛ مۇسابىقىگە قاتناشماي تۇرۇپ ئېرىشكەن مېدال.

**باش**

بۇ بىر ھېلىگەر قوماندان بولۇپ، مەيلى ئارمىيىدە، مەيلى يەرلىكتە بولسۇن، يەنىلا شۇنداق.

*باشچىلاپ تۇرۇش*

تەنتەربىيە دەرسىدە ئىككى ئوقۇغۇچى سۆزلىشىپ قالدى.

– بىر ئىشنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، ئادەم ئۆرە تۇرغاندا ھېچ ئىش بولمايدىكەن، باشچىلاپ تۇرسىلا قان باشقا قاراپ يۈگۈرىدىكەن، بۇ نېمە سەۋەبتىن؟

– شۇنى بىلمەمسەن؟ قان دېگەنمۇ بوش يەرگە قاراپ ئاقىدۇ ئەمەسمۇ!

**باش ئاغرىقى**

كۆڭۈلگە ياقمىغان ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ باھانىسى.

*يۆتكەلگەن باش ئاغرىقى*

قوشنا: ئايالىڭىزنىڭ ئوپېراتسىيىسى ئوڭۇشلۇق بوپتۇ. تونۇگۈن

يازىدىغان كاتتا شائىر.

ئۇ بىر خىل مېكىيان بولۇپ، پۇلدىن چۈجە چىقىرالايدۇ.

**باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش**

1. ئاياللارنىڭ ئۇرۇش مەيدانى.

2. كېرەكسىز ماللار دۆۋىسىدىن كېرەكسىز مال ئىزدەيدىغان جاي.

**باي**

نامراتلىقىدىن پۇلىلا قالغان ئادەم.

*باي بولۇشنىڭ سىرى*

بىر يايمىچى كېچىكتىكى كېمىچىگە:

- مېنى قارشى قىرغاقتا ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز قانداق؟ - دەپتۇ.

- بولىدۇ، قانچە پۇل بېرىسىز؟

- يېنىمدا پەقەت پۇل يوق، ئەمما مەن سىزگە باي بولۇشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

كېمىچى ماقۇل بوپتۇ. قارشى قىرغاققا چىققاندىن كېيىن كېمىچى سوراپتۇ:

- باي بولۇشنىڭ سىرى نېمە؟

- باي بولاي دېسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئوخشاش پۇلى يوق ئادەملەرنى كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويماڭ.

**بايانات**

ھەربىي كاناي بىلەن قەغەزگە ياكى سەھەردىكى تۇمانغا خەت يېزىش.

**بايراق**

1. مۇئەللەققە ئېسىپ قويۇلىدىغان بىر پارچە رەخت، ئۇ شامالغا بېقىپ لەپىلدەپ تۇرىدۇ. ئۇ شىپاڭشىپ تورغان ئىت قۇيرۇقىغا ئوخشاش لەپەڭشىپ، ئالاھىدە بېكىتىپ قويۇلغان ئۇبيېكتىغا ئالاھىدە بېكىتىپ قويۇلغان ئىلھام ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرىدۇ.

2. ئارمىيىنىڭ، قەلئەنىڭ ياكى پاراخوتنىڭ ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرىدىغان بىر پارچە رەخت. ئۇنىڭ رولى، لوندوننىڭ بەزى بوش يەرلىرىدە كۆرگىلى بولىدىغان، «بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكۈشكە بولىدۇ» دېگەن خەت

- شۇنداق قىلدىم، خانىم، بايا بالىڭىز ماڭا قورۇ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆڭكۈر قېزىپ بەر، دېگەنتى، مەن قېزىپ بەردىم.
- ئەمىسە ئۇ نېمىگە يىغلايدۇ؟
- ھەي، نېمىگە يىغلايتتى، ئۆڭكۈرنى ئۆيگە يۆتكەپ بەر، دەپ يىغلاۋاتىدۇ.

**بالكون**

بۇ ئۆينىڭ سىرتقا سوزۇلغان قولى. بالكوندا تۇرسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ قۇياش نۇرىدىن بەھرىمەن بولالايسىز، شۇنداقلا قوشنىلارنى ئۆزىڭىز-نى كۆرۈپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇرەلەيسىز، بولۇپمۇ ئايالىڭىز ناخشا ئېيتىۋاتقان چاغدا، ئىمكانىنىڭ بارىچە بالكوندا تۇرۇپ ئاڭلىشىڭىز كېرەك. بۇنداق قىلسىڭىز، قوشنىلىرىڭىز ئايالىڭىزنىڭ ناخشىسىغا تەڭ-كەش قىلمىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىدۇ.

**بالىلىق دەۋر**

كېيىنكى كۈنلەردە تۆھپە يارىتىپ نام قازانغانلار ئەسلىمە يازغان چاغدا تەسۋىرلەيدىغان لىرىك پەسىل.

**بالىلىقىغا قايتىش**

بىرىنچى رومكا ھاراقنى ئىچكەندە، ئۇ ئۆزىنى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى؛ ئىككىنچى رومكىنى كۆتۈرگەندە، ئۇ ياشلىق دەۋرگە قايتقاندەك ھېس قىلدى؛ ئۈچىنچى رومكا قورساقتا كىرگەندىن كېيىن ئۇ بالىلىقىغا قايتتى - دە، ئۆمىلىگىنىچە ئۆيىگە قايتتى.

**بانكا**

1. قەغەز پۇل يىغىۋېلىنىدىغان ۋە تارقىتىلىدىغان ئورۇن. كىشىلەر تا ھازىرغىچە شۇنى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتىدۇكى، نېمە ئۈچۈن دۆلەت يېتەرلىك پۇل تارقاتمايدىغاندۇ؟

2. دۇنيانى باي كۆرسىتىدىغان جاي. گەرچە دۇنيا ئۇنچە باي بولمى-سىمۇ.

**بانكىر**

ھېچقانداق گەپ كەتمەيدىغان توخۇ يۇرەك. ئۇ مەخسۇس رەقەملەرنى

بالا: دادا، دادا، چاتاق بولدى، ئۆيگە تېز بارغىن! پوچتىكەش ئاكاش ئاچامنى سېتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، ئاچامنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكىنى بىلىپ بېقىۋاتىدۇ...

**بەدەن**

مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ روھنىڭ سەپەر مۇساپىسىدىكى بىر پۇتلىكاشاڭ. ھەقىقەتكە، مەنىۋى جەھەتتىكى ئەركىنلىككە ئىنتىلگەنسېرى، غايىدىن، تەلەپتىن، سەزگۈ ئەزالارنىڭ تەلىپىدىن، ھەتتا بەدەننىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**بەدەن ئېغىرلىقى**

ئاتا - ئانا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان مۇھىملىق.

**بەش بۇرجەكلىك بىنا**

سىياسىيونلار بىلەن قىزىقچىلار شىشخال ئوينايدىغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى. ئۇلار شىشخال تاشلاش ئارقىلىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى قىلىشنى ياكى ئىتتىپاق تۈزۈشنى، جازالاش ياكى قامال قىلىشنى، قىساس ئېلىش ياكى قىساس ئېلىشقا قارشى تۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

بۇ مەخسۇس قىرغىنچىلىقنى توپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاي. ئۇ خۇددى بىر مېدۇزا ياكى پىلەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ مەركىزىي نېرۋىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار مەركىزى. لېكىن، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوغدىشى ھاجەت ئەمەس، ئۇنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆزى بىنانى قوغداش رولىنى ئۆتەيدۇ؛ بىنانىڭ ئىچىدىكى ھەر قانداق بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ھەيۋىتىگە ھەيۋەت قوشىدۇ؛ گەرچە ئۇنىڭمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، بىراق بۇمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

**بەڭگى**

بۇ ئادەم گېزىتتىن تاماكىنىڭ راك كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن خەۋەرلەرنى ئوقۇيدۇ، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ قاتتىق خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. ئاخىر، ئۇ ئۆزىنى بۇنداق خەۋەرلەرنى ئوقۇ-

يېزىلغان تاختىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

بايلىق

جىنايەت ئۈتكۈزۈش، ئەمما جازاغا تارتىلماسلىق دېمەكتۇر.

بەخت

1. مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى كېچىسى، چۈچەكنىڭ ئەمدىلا باشلىنىشى، ئازابلىنىشقا ئۆلگۈرەلمىگەن ئۇسمۇرلۇك.

2. باشقا بىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشىنى خىيالىغا كەلتۈرگەندە قەلبىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسى.

*بەختمۇ يا بەختسىزلىكمۇ*

قىز: سىز يوق چاغدا، مەن بەك ئازابلاندىم.

يىگىت: ئەگەر دېگىنىڭىز دەك بولسا، مەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەن-مەن.

بەختسىزلىك

قاراپ تۇرۇپ قولدىن بېرىپ قويۇش قىيىن بولغان ئامەت.

بەدەل

1. تىلى باشقا، دىلى باشقا بولغان تۆلەم، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتى باشقا-باشقا ئىش.

2. مەلۇم نەرسىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇلنىڭ سانى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىلەن بۇ نەرسىنىڭ قىممىتى تامامەن باشقا-باشقا ئىش.

*بىلىپ بېقىش*

ئاتا-بالا مال بازىرىغا بېرىپتۇ.

بالا: دادا، چوڭلار نېمىشقا قوينىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ، قۇيرۇقىنى تۇتۇپ باقىدۇ؟

ئاتا: ئۇلار سېتىۋالىدىغان قوينىڭ ئورۇق-سېمىزلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بالا ھاسىرىغىنىچە دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ.

2. ئانا ئۇچۇن ئېيتقاندا كىيمە توختىتىدىغان لەڭگەر. كۆڭۈل خۇش-لۇقىنى ئىزدەۋاتقان ئەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، غەزىپىنى قوزغايدىغان نەرسە.

بويتاق

ئايالالار ھەمراھ بولىدىغان روپىسودىيە①. بۇ خىل ئادەملەر دائىم تاغلاردا گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ يۈرىدۇ. مۇكەممەل بولىدىغان دۇنيادىكى نۇرغۇن ساھىبجامالالاردىن قورۇق قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى چۈشىدىكى ئارزۇسىغا يېتىش.

بويتاقلار خىتابنامىسى

قانۇن ھايۋانلارنى يېقىشنى مەنئى قىلغان بولىسىمۇ، بىراق مەن ئار-زۇلۇق نەرسىلەر ئارىسىدىن ھېچقانداق لەززەت تاپالماي، بويتاقلىقىمنى ساقلاشنى تېخىمۇ خالاپ قالدىم. شۇنى جاكارلايمەنكى، مېنىڭ بويتاقلىقىم چوقۇم سانجاق ـ سانجاق بولۇپ كېتىدۇ.

بويسۇنماسلىق

ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ بىلەن مەلۇم بۇيرۇقنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى تەبرىكلەش.

بۆزغۇنچىلىق

«قورۇش» دېگەن قالپاقنى باھانە قىلىپ، ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىش، تەكرار ئوڭشاش ھەرىكىتى.

بۆزۈق ئادەم

ئېھتىياتسىزلىقتىن ياخشى ئىش قىلىپ قويۇپ پۇشايمان قىلىدىغان ھېلىقى ئادەملەر. ھەر دائىم ئۇلار يامان ئىش قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىدۇ.

بۇلۇت

بەختسىز شائىرلارنىڭ ئىلھامىنى شۇمۇرۇۋالىدىغان ئالۋاستى.

بېكەت

1. يولۇچىلارنىڭ چىراي ئىپادىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان مايمۇن. بۇ

① روپىسودىيە ـ خەلق ئاھاڭلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ۋە چالغۇ ياكى ئوركېستىردا ئىجرا قىلىنىدىغان خىيالىي ياكى بايان قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر.

ماسلىقتا مەجبۇرلىماي تۇرالمايدۇ.

**بەلگە**

يولۋاس بىلەن مۈشۈك. دېڭىز بىلەن تاغ. ئوغرى بىلەن باش مىنىستىر ياكى مەن بىلەن سىز.

**بەنگۈشتىلىك**

شاتۇتىلار ئاۋازىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان ئورمانلىق. لېكىن، شاتۇتىلار بەكلا كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار پات - پات چوقۇلىشىپمۇ قالىدۇ.

**بوتانىكا ئالىمى**

ئۆسۈملۈكلەر جەمەتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىغا شارائىت هازىرلاپ بېرىدىغان ئالىم.

**بوغالتىر**

1. دىرېكتورنىڭ خوتۇنىدىن باشقا، قانۇنلۇق هالدا دىرېكتورنىڭ پۇل قاپچۇقىنى رازۋېدكا قىلالايدىغان ئادەم.

2. قېرىنداش قەلەمگە ئورنىتىلغان ئۈچۈرگۈچ.

**بوهتان قىلىش**

1. قانۇن زور مىقداردىكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتقا ئىگە بولغاندىلا خاراكتېرىنى بېكىتكىلى بولىدىغان قىزغىن قىلمىش. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئەتە ئۆتكۈزىدىغان گۇناھىنى بۈگۈن سۆزلەش - بوهتان قىلىش.

ئۇنىڭ بۈگۈن ئۆتكۈزىدىغان گۇناھىنى بۈگۈن سۆزلەش - پاش قىلىش.

ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى گۇناھىنى بۈگۈن سۆزلەش - مەدھىيىلەش.

2. كۆڭلىگە يامان نىيەتنى پۈكۈپ ئۆزى قىلىشنى ئويلىغان، بىراق قىلىشقا پۇرسەت تاپالمىغان تۈرلۈك يامان قىلمىشلارنى باشقىلارنىڭ هېساباتى دەپتىرىگە تولدۇرۇپ قويۇش.

**بوۋاق**

1. كىچىدە جىددىي خەۋەر بېرىش ئەسۋابى.

پايدىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى «ئا» نىڭ بىر بېلەت تاشلاشتىن ۋاز كېچىشى «ب» غا بىر بېلەتلىك ئۇلۇش قوشىدۇ. ئاتالمىش «ئاياللارنىڭ بېلەت تاشلاش ھوقۇقى» ئاياللارنىڭ مەلۇم ئەرلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بېلەت تاشلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ھوقۇق ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيەت چەكلىك بولىدۇ. كۆڭلىكىدىن سەكرەپ چىقىپ بېلەت تاشلاشقا تەشنا بولغان ئاياللار دەررە. كالتەك يەپ خورلانغان ھامان، ئەڭ ئاۋۋال توگولوۋېلىپ يەنە كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتە-دۇ.

*ۋاز كېچىش*

بازار باشلىقىنى سايلاش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، بازاردىكى ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

- مەن ئۇنىڭغا بېلەت تاشلاشتىن ۋاز كېچىمەن. چۈنكى، مەن ئۇنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيمەن.

- مەنمۇ ۋاز كېچىمەن. چۈنكى، مەن ئۇنى بەك چۈشىنىمەن.

بېنزىن

ماشىنا سەرپ قىلىدىغان قان.

*خۇداغا شۈكرى*

سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر باي ئۆزىنىڭ يىللاردىن بېرى ياللاپ ئىشلەتكەن شوپۇرىنى ياستۇقىنىڭ يېنىغا چاقىرىپ:

- شۇنچە يىللاردىن بېرى سېنى جاپاغا سالدىم. بۇ قېتىم مەن ناھايىتى يىراققا سەپەر قىلىدىغان بولدۇم، - دەپتۇ. شوپۇر ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

- خۇداغا شۈكرى، بېگىم، بۇ بېنزىن كەتمەيدىغان سەپەر ئىكەن.

بىپەرۋالىق

1. ئالدامچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئەتراپىغا قاراپ باقماسلىق.
2. ساختىپەز ئادەمنىڭ سەممىمىي ئىش قىلالماسلىقى.

*ئوت ئاپىتى*

ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى تويۇقسىز قاتتىق ۋىڭىلداپ كېتىپتۇ.

يەردە ھەر بىر ئادەم ھەر قانداق ۋاقىتتا كۆپچىلىككە خائىنلىق قىلىش كويىدا بولىدۇ.

2. خۇشاللىق بىلەن ھەسرەت يىغىلىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جاي.

*يېزىدىكى پويىز بېكىتى*

بىر يېزىدىكى پويىز بېكىتىدە بىر كونا سائەت بار ئىدى. پويىز كۈتۈۋاتقان بىر مۆتىۋەر ئىمپورت قىلىنغان قول سائىتىگە قاراپ قويۇپ، بېكەت باشلىقىغا دەپتۇ:

- سائىتىڭلار ئارقىدا قاپتۇ.

- شۇنداقمۇ؟ - دەپتۇ بېكەت باشلىقى، - بىراق، پويىزنىڭ كېلىش ۋاقتى مۇشۇ سائەت بىلەن ئوخشاش.

**بېكىتىش**

نوپۇزنىڭ ياكى كۆپ سانلىقلارنىڭ كۆز قارىشىنى تورلۇق ماركا قىلىپ، بەزى شەيئىلەرنىڭ ئۈستىگە مىخلاپ قويۇش. گېستاپو ئەينى يىللاردا يەھۇدىيلارغا ماركا مىخلاشتا نوپۇزدىن پايدىلانغان. قوتراتقۇچىلار كۆپىنچە كۆپ سانلىقلاردىن پايدىلىنىشنى ياقتۇرىدۇ.

**بېلەت تاشلاش**

بېلەت تاشلاش شەكلى بىلەن پىكرىنى ئىپادىلەش. ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈشلەر بويىچە ئېيتقاندا، بېلەت تاشلاش ھوقۇقى (بۇ ئالاھىدە شەرەپ ۋە مەجبۇرىيەت دەپ قارىلىدۇ) باشقىلار بېكىتىپ قويغان ئادەم ئۈچۈن بىر بېلەت تاشلاپ ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق بولغاندا زور ئىنئامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بېلەت تاشلاش ھوقۇقىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلغانلارغا «پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىدى» ياكى «ۋەتەنپەرۋەرلىكى كەمچىل» دېگەندەك جىنايىناملار قويۇلىدۇ. لېكىن، قانۇنلۇق شىكايەت قىلغۇچى بولمىغاچقا، لاياقەتسىز بۇ پۇقرالار ئۈستىدىن مۇۋاپىق شىكايەت قىلىشقا ئامال بولماي قالىدۇ. شۇنداق شىكايەت قىلغۇچى بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، شىكايەت قىلغۇچىنىڭ جىنايىتى بولسا، جامائەت پىكرى سوتىدا پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ مۇبادا ئۇ گۇناھسىز بولسا. «پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىق» ئىچىدىن

ئېچىپ، بىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىشى بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ ئوچۇق كۆزى يۈزەكى ھادىسىلەرنى يىغىدۇ؛ يۇمۇلغان كۆزى ئەمەلىيەتكە نەزەر تاشلايدۇ. پەقەت مۇشۇ كۆزلا ئاشىنىلارنىڭ ياخشى دوستى بولالايدۇ.

2. «مەنىسىز» بىلەن مەنىداش سۆز.

**بىر تەرەپلىمە قاراش**

خاھىشچانلىقى كەمچىل، ئاساسىنى كۆرگىلى بولىدىغان پىسخىكا ياكى كۆز قاراش. بىر خىل قىلمىشنى يەنە بىر خىل قىلمىشتىن تېخىمۇ ياخشى دەپ قارايدىغان خاتا ئېتىقاد. پەقەت بىر تەرەپلىمە قاراش بولغاندىلا ئاندىن ئادەم يولۋاستەك كۈچلۈك بولۇپ ياشيالايدۇ.

**بىر توپ قاغا - قوزغۇنلار**

سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە زور بىر تۈركۈم ياش يۇقىرالار؛ بارلىق ۋەقەلەردىكى توقۇنۇشلاردا قارىغۇلارچە چۇقان كۆتۈرىدىغان ھېلىقى بىر قىسىم كۆچمەنلەر.

**بىر كۈن**

يىگىرمە تۆت سائەتتىن تەركىب تاپقان، كۆپ قىسمى ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغان بىر باسقۇچ ۋاقىت. بۇ ۋاقىت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىر قىسمى - كۈندۈز، يەنە بىر قىسمى - كېچە (ياكى نامۇۋاپىق كۈندۈز دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛ ئالدىنقىسى تىجارەت قىلىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزۈشكە، كېيىنكىسى بولسا باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

**بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى**

پاقالچىقى قىچىشسا قونچىنى، بېشى قىچىشسا بۆكىنى قاشلاش. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خۇددى ئوقتەك مەڭگۈ ئېتىلىپ تۇرىدۇ، بىراق ھەقىقىي دۈشمەننى مەڭگۈ يوقىتالمايدۇ.

**بىرلىشىش**

ئەرلەرنىڭ توي قىلىشى چارچاشتىن، ئاياللارنىڭ توي قىلىشى قىزىقىشتىن بولىدۇ، ئاقىۋەتتە ئىككىلا تەرەپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ. كەشىلەر تورمۇشنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقىنىڭ ئۆزگىچە قازىنىدا تاۋلىنىش

كارىۋاتتىن ئۈسىلەپ قوپقان ئەر دەرھال ئايالىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ، تەمكىنلىك بىلەن:

ـ مەن دائىم ساڭا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئېغىر ـ بېسىق بولۇش كېرەك، دەپ ئۆگىتەتتىمغۇ. ھودۇقما، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى، ئەتىۋارلىق كىتابلارنى ئېلىپ كەينىمدىن ماڭ. جىددىيلەشمە، ھەرگىز جىددىيلەشمە. ھەي، خوتۇن كىشى دېگەنزە مۇشۇنداق چاغلاردا قاتتىق تەمتىرەپ كېتىدىكەن، ـ دەپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي، ئۇلار بىخەتەر ھالدا كوچىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ پاناھلىنىپتۇ.

ـ ھودۇقماڭ، ھەرگىز ھودۇقماڭ، ـ دەپتۇ ئايال ئېرىنىڭ قىياپىتىگە قاراپ، ـ سىز بەك سالماق ئىكەنسىز، بىراق ئۆيدىن چىققۇچە ئىشتىنىڭىزنى كىيىۋالسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتىكەن.

**بىتەرەپ**

بۇ زىددىيەت توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشتىكى ئادىل قىياپەت بولۇپ، تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ تالاش ـ تارتىشنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان چاغدا، سىز تەبىئىي ھالدا ھېچقايسى تەرەپنى قوللىماي تۇرۇۋالىسىز.

**بىچارە ئادەم**

ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ خوشاللىقىنى بار ئاۋازىدا سۈرەن سالغان ئادەم كۆپ ھاللاردا ئەڭ بىچارە ئادەمدۇر.

**بىخەتەرلىك**

بىخەتەر بولىمەن دېسىڭىز، تۇغۇلماڭ، يېنىڭىزدا پۇل ئېلىپ يۈرمەڭ، جەمئىيەتكە چىقماڭ، توي قىلماڭ.

**بىدئەتچى**

نيۇ ـ يوركتا خرىستىئان دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلار، كونستانتىنوپولدا كاتولىك دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**بىر ئەر ـ بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم**

1. بۇ نىكاھنى باشقۇرىدىغان چوڭ سودىيە بولۇپ، بىر كۆزىنى

# پ

**پاتېفون**

بۇ ئادەمنىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىدىغان بىر خىل ئويۇنچۇق بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان جەھەننەمگە كەتكەن شاۋقۇننى تىرىلدۈرۈپ بۇ دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى.

**پادىشاھ**

تۆرگە جايلاشقان ئاغرىق. ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت باشقا ئاغرىقلارغا قارىغاندا داۋالىنىش شارائىتى بىر ئاز ياخشىراق. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ يەنىلا بىر ئاغرىق.

ئىنجىلدا: «كايسارنىڭ نەرسىسىنى كايسارغا قايتۇرۇپ بەر» دېيىلگەن. بۇ سۆز پادىشاھقا ھەم پايدىلىق، ھەم پايدىسىز. چۈنكى، ئۇنىڭدا بەزى نەرسىلەرنىڭ كايسارنىڭ ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بېرىلگەن. دىنىي جەمئىيەت مەخسۇس «تەڭرىنىڭ نەرسىسىنى تەڭرىگە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى ياقتۇرىدۇ. بۇ دېگەنلىك دىنىي جەمئىيەتكە قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

**پارا**

1. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سىلىقلاشتۇرۇش مېيى.
2. يۇقىرى-مەرتىۋە - ئۇستۇن ماشىنىلارنىڭ تۇراقلىق كىرىمى.
3. سىياسىئون بولۇشتىكى مەقسەت.

*چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش*

ساقچى ئەمەلدارى: ئاڭلىشىمچە سىز يۈز مىڭ يۈەن پارا ئاپسىز، نەپسىڭىز بەك يوغىناپ كېتىپتۇ. مەن ئەزەلدىن ھەر قېتىملىقىنى ئەللىك مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋېتىپ باققىنىم يوق.

جەريانىدا يۈزگە ئەينەك تاقىۋالغىلى بولمايدۇ، گۇڭگۇرتنىڭ قويۇق ئىس- ىنىڭ زەھەرلەپ باش ـ كۆزنى قايدۇرۇۋېتىشىدىن قۇتۇلۇشمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. بۇ زەھەرلىك ماددىنى بايقاش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن زەھەرلەنمەي مۇمكىن ئەمەس؛ بۇ كېسەل ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، كېسەلنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق- لىماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال كېسەل بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

**بىزار بولۇش**

دوستىنىڭ دوستى قوزغايدىغان بىر خىل تۇيغۇ.

**بىكار تەلەت**

ھەممە ئىشقا قول تىققۇسى كېلىدىغان، بىراق ھېچقانداق ئىشقا قول تىقمايدىغان ئەر.

**بىلىم**

1. ئۇنى ئۆيلىغان ھامان ئىنسانىيەت ئىلاھلىققا قاراپ ماڭىدۇ.

2. ئەقىللىقلارنىڭ سېزىمىنى يوقىتىدىغان. دۆتلەرنىڭ ئىجادىي كۈچىنى كۈچەيتىدىغان ماي ياكى سۇ.

**بىمەنىلىك**

خەتەر دەرياسىغا يېقىنلىشىپ قالغان بىر جۈپ پۇت.

**بيۇروكراتلىق**

1. بيۇروكرات سىياسىينىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى.

2. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن شىركەتنىڭ يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىنىۋاتقان تەييارلىق.

**پارلامېنت ئەزالىرى**

1. بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ كونتروللۇقىدا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ياغاچ قورچاقلار.

2. ئۆگدەش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ خىراجىتىنى چۆنتەككە سالىدىغان كىشىلەر.

3. خىزمەتنى ئارقىغا سۈرگەنسېرى، ئالىدىغان ياردەم پۇلى كۆپىيە-دىغان كىشىلەر.

*كەلگۈسى*

ئاتا: چوڭ بولغاندا نېمە قىلىسەن؟

بالا: پارلامېنت ئەزاسى بولىمەن.

ئاتا: دۆلەت ئۈچۈنمۇ، پۇل ئۈچۈنمۇ ياكى نام - شۆھرەت ئۈچۈنمۇ؟

بالا: چۈنكى مەن ئۆلگەن چاغدا، دۇنيادا بىر ئەسكى ئادەم ئازلايدۇ.

**پارنىكتا ئۆستۈرۈش**

سۈنئىي ئۇسۇلدا باھارنى پەيدا قىلىپ، سەبىي، نادان ئۆسمۈرلەرنى ئاجايىپ - غارايىپ ھالدا ساراڭلارچە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى.

يېڭى تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ تېخنىكا ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان رىتىملىق تەرەققىيات مەزگىلىگە بۇزغۇنچىلىق قى-لىپ، ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ياش تۇرۇپلا قېرىپ كېتىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

**پارول**

مەخپىي سۆز. ئاسان ئېشىنىپ قالىدىغانلار دائىم ئۇنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ قېلىپ ئاغزى - بۇرنى قانغا مىلىنىدۇ.

**پاسپورت**

1. بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىدىغان كىرىپ - چىقىش گۇۋاھنامىسى. ئۇ، مەزكۇر ئادەم چېگرىمىزنىڭ ئىچىدە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىنى دەپسەندە قىلىشىمۇ جازالاش ھوقۇقىغا ئۇچرىمايدۇ، دېگەننى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2. بۇ كارزاپلىق بىلەن چەت ئەل پۇقراسىغا تېگىلىدىغان بىر خىل

## پارا ئالغۇچى

بىر ئىشچى پارلامېنت بىناسىنىڭ سىرتىدا «دەللاللار، ساختىپەزلەر ۋە پارىخورلار پارلامېنتقا كىرىشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان تاختىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كېكەش پالاتا ئەزاسى كېلىپ قاپتۇ ۋە ئىشچىغا: «ئەڭ ياخشىسى تاختاڭدىكى پارىخورلار دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋەت، بولمىسا بىز يىغىن ئاچقۇدەك ئادەم تاپالماي قالىمىز» دەپتۇ.

*پارىنى رەت قىلىش*

بىر ھۆددىگەر بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىغا بىر پىكاپ پارا بەرمەكچى بوپتۇ.

- ئەپەندى، - دەپتۇ ئەمەلدار، - ئادەتتىكى ھەرىكەت مىزانى ۋە شەخسەن پېقىرنىڭ شان - شەرەپ غورۇرۇم سىزنىڭ ئۇنداق سوۋغىتىڭىزنى قوبۇل قىلىشىمغا يول قويمايدۇ.

- مەن سىزنىڭ مەرتىۋىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن، - دەپتۇ ھۆددىگەر، - مۇنداق بولسۇن، مەن بۇ پىكاپنى سىزگە ئون دوللار باھادا سېتىپ بېرەي.

ئەمەلدار بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ دەپتۇ:

- ئۇنداق بولسا، مەن ئۇ پىكاپتىن ئىككىنى ئالاي.

## پارلامېنت

1. ئاساسىي جەھەتتىن بوزغۇنچىلىق قىلىش ئارزۇسى بار بولغان بىر مۇنچە ئەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوشۇمچە تىجارىتى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قانۇننى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ پەقەت دۆلەتنىڭ قىزىل رەقىمى بىلەنلا دوستلۇق ئالاقىسى بار بولىدۇ.

2. بىر توپ ئەر كىشىلەردىن تەركىب بولۇپ، بىر يەرگە جەم بولۇشتىكى مەقسىتى قانۇننى بىكار قىلىشتىن ئىبارەت.

3. كۆپ سانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغانلار بىلەن ئاز سانلىق ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

پالچى: قورسقىڭىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تاتۇق بار ئىكەن.

قىز: توغرا، بۇ سوقۇرئۇچەي ئوپېراتسىيىسىدىن قالغان تاتۇق. سىز ھەقىقەتەن قالتىس پالچى ئىكەنسىز، بۇلارنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

پالچى: كېلەر قېتىم كەلگىنىڭىزدە ئۇزۇنراق يوپكا كىيىپ كېلەر-سىز...

**پاھىشە**

1. ئۆز تېنىنى ئەرلەرنىڭ ھەيدەپ يۈرۈشى ئۈچۈن تاكسا قىلىپ بېرىدىغان ئايال.

2. نامراتلىق ئىككى جىنايەت ئىككىدىن سەزگۈر بولغان ئايال.

**پاھىشە ئىستېتىكىسى**

نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر مېنى پاھىشىگە ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن ئىدى، بىراق مەن ھېچقايسىسىنى قىلمىدىم. بىراق مەن بۇ ئىشنى قىلغانىكەن-مەن، جان - دىل بىلەن ئىشلىشىم كېرەك. تەڭرى مەن بىلەن بىللە، تەڭرىنىڭ نەزىرىدە ئاداشقان قوزا تېخىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئەرزىيدىغان ئىش.

**پاھىشىخانا**

1. ئاسان ئوت كېتىدىغان ئائىلىنىڭ ئارقا ھويلىسى؛ بىرمۇنچىل ئايالLارنىڭ ئائىلە ئايالى بولۇشتىن بۇرۇنقى خىزمەت ئورنى.

2. پەسكەش ئايالLار تۇرىدىغان ئائىلىۋى مېھمانخانا.

3. ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيى ئۈچۈن قىممەتلىك بەدەل تۆلەيدىغان كىشىلەر تۇرىدىغان ئۆي.

**پايتەخت**

ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئەمما تۈزىيەلمەيدىغان ھۆكۈمەتنىڭ تۇ-رۇشلۇق ئورنى. ئۇ ئانارخىستلارنى ئوت، قازان، مەرمۇلىك تائام ئۈس-تەل ۋە پىچاق - ۋىلكىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما، ئانارخىستلارنىڭ تۆھپىسى پەقەت تاماقتىن بۇرۇن ھاقارەت قىلىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

**پاينەكۋاش**

ساتىراشنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

گۇۋاھنامە بولۇپ، مەقسىتى، ئۇنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى سوغۇق مۇئامىلىگە، تىل - ھاقارەتكە ۋە باشقا زورلۇقلارغا ئۇچرىتىشتىن ئىبارەت.

**پاشا**

ئەدەپلىك بولۇشقا ئېتىبار بېرىدىغان بىر مۆتىۋەر.

سىزنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ناخشىدەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. زىيارىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن سىزگە كۆرگىلى، سىلاپ بىلگىلى بولىدىغان، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان سوۋغات قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ يەنە سالامەتلىك ئەھۋالىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىنچىكە شىپرىسى بىلەن ئازراق قېنىڭىزنى ئېلىپ كېتىدۇ.

**پاك - دىيانەتلىك بولۇش**

بۇ كۈچلۈكلەرنى ئۈگىيسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر خىل تەلەپ بولۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئىمكانىنىڭ بارىچە باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ بايلىقىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ ئۆز چۆنتىكىگە سېلىۋېلىپ، چاندۇرمايدىغان ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ كۈچلۈكلەرنى ئۈگىيسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان تەلەپ بولغاچقا، جامائەتچىلىك ئومۇمىيۈزلۈك ھېسداشلىق قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپنى ئورۇندىماسلىقىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

**پال**

باشقىلارنىڭ ئەندىشىسىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش.

*قالتىس پالچى*

بىر قىز پالچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ پال ئاچتۇرۇپتۇ.

پالچى: سىزنىڭ يوتىڭىزدا ئۈچ دانە قارا مەڭ بار ئىكەن.

قىز: توغرا.

پالچى: بۇ سىزنىڭ ئۈچ يىگىتىڭىز بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوڭ يوتىڭىزغا «T » ھەرپى چېكىلگەنىكەن.

قىز: توغرا، بۇ تومسونىڭ قالدۇرغان خاتىرىسى.

ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىنتايىن نۇرغۇن يوللار.

پەن - تېخنىكا

ئىلمىي بولغان ۋاستە دۆلەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، بىراق بىزنىڭ تېرە-مىزنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پەيلاسوپ

بۇ ئادەم مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى خالايدۇ، بىراق مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە زادىلا قىزىقمايدۇ. بۇ پەيلاسوپلار كىشىگە ماگە-زىننىڭ بوغالتىرى بىلەن خوجايىننى ئەسلىتىدۇ. بىرى ۋېنچېستىقا بارى-دىغان ئەڭ يېقىن يولنىڭ قايسىلىقىنى سورىسا، بوغالتىر ماگىزىننىڭ ئارقا ئۆيىدىكى خوجايىندىن سورايدۇ:

- بىر خېرىدار ۋېنچېستقا بارىدىغان يېقىن يولنى سوراۋاتىدۇ.

- ۋېنچېست؟

- شۇنداق.

- ۋېنچېستقا بارىدىغان يولنى؟

- ھەئە.

- ئەڭ يېقىن يولنىمۇ؟

- شۇنداق.

- بىلمەيمەن.

پسىخولوگ

1. باھانە تېپىپ ئۆزىنىڭ ئىشنى باشقىلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويىدىغان ئادەم.

2. پسىخىكىنىڭ ساقچىسى.

*ئاجايىپ چۈشەندۈرۈش*

ئاتاقلىق بىر پسىخولوگ بەتبەشىرە بىر خوتۇننى ئاپتۇ. ئۇ باشقىلارغا مۇنداق چۈشەندۈرۈپتۇ: «سەتلىكتە خوتۇنۇمنىڭ راستىنلا تەڭدىشى يوق. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى مايماق، كۆزى ئالغاي، بۇرنى پاناق، شۇنداقلا ئۇ بىر سارالڭ. لېكىن، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى ھەقىقەتەن قالتىس، ئاجايىپ گۈزەل.»

**پەرزەنتلەر**

ئەقىلسىزلەر سەرپ قىلغان پۈتۈن ئۆمرىنىڭ تەپسىلاتلىرى.

*قانچىلىك پۇلى بار ئىكەن*

قىز: سىز دادامنىڭ يېنىغا تېگىشلىك نۇرغۇن پۇلى بار، دېگەنتە. كىز، ئۇنىڭ قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟

يىگىت: تېخى تۇنۇگۈن بىلدىم.

قىز: بەك ياخشى بوپتۇ! قانچە پۇل ئىكەن؟!

يىگىت: ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كېتىپ شۇنى تېگىشلىغانىكەن.

**پەرق**

دىققىتىمىزنى قوزغىغان مەلۇم شەخس ياكى شەيئىنىڭ ئىنتايىن كە- چىك تەرىپى، بولۇپمۇ باشقا ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭكىگە قارىغاندا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئۆزگىچە تەرىپى.

**پەرىشتە**

تەڭرىنىڭ پىچكىسى، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئايال ئىشچى. لې- كىن، مەلۇم قايغۇلۇق ئۆتمۈشتىن قۇتۇلماقچى بولغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ قانىتىنىڭ ئۆزىڭىزگە تېگىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىز.

**پەزىلەت**

بۇ ياشاۋاتقان كىشىلەر ئەڭ ئاسان ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغان نەر- سە. لېكىن، زوڭتوڭ سايلىمى ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ھامان، ئىككى نامزات قارشى تەرەپنى رېستوران خېنىمى ياكى ئايال كىنو چولپىنى بىلەن چاتىقى بار، دەپ ئەيىبلىگەندە، بۇ سۆز ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ.

**پەسىل**

ھەر بىر يىلنى سېرىقتال پەسىل ۋە مول پەسىل دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ.

تەڭرىنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن چېقىشىدىغان بارمىقى.

**پەلسەپە**

نەدىن كەلگەنلىكىنى، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان،

تېپىپ بېرىدىغان تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئورگان. كىتاب يازىدىغان زور كۆپچىلىك كىشىلەر پورۇخنىڭ كەشىپ قىلىنىش ھوقۇقىنى جۇڭگولۇقلارغا مەنسۇپ دېيىشىدۇ. بىراق، بىزنى تەمىنلەۋاتقان پاكىتلار ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس. گۇلتۇن، شەيتان پەرىشتىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پورۇخنى كەشىپ قىلغان، دەيدۇ. بۇ قاراش ھەر ھالدا ئىشەنچلىكتەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ھازىر پەرىشتىلەرنىڭ سانى تولىمۇ ئازىيىپ كەتتى.

**پويىز**

1. رېلىسلاردىن توقۇلغان تورلاردا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان غەلىتە مەخلۇق. دېرىزە سىرتىدىكى پويىز ئېشەكتەك ھاڭراپ، ئازابلىق ھاسىرىغىنىچە يىراقلارغا كېتىدۇ.

2. مەيلى قانداق كارامىتى بولسۇن، يەنىلا ئىنسان سېلىپ قويغان رېلىستىن چىقالمايدىغان قاتناش قورالى.

**پۇرسەت**

1. ئاسانلا قولدىن بېرىپ قويىدىغان خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ ياخشى پەيتى.

2: ئۈمىدسىزلىكنى تونۇۋېلىشنىڭ ياخشى بىر پەيتى.

3. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ نامى «بەختسىزلىك» كە ئۆزگىرىدۇ.

4. ھاماقەت ئەرلەرنىڭ ئۆزئارا قول ئېلىشقان ۋاقتى.

*پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك*

بىر ئايال ياش ۋاقتىدا شىركەتنىڭ تېز خاتىرىلىگۈچىسى ئىكەن. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، شىركەتتىكى بىر مۇھىم ئەربابقا تېگىۋاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە، ئايال ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ:

- بالام، مەيلى كەسىپ، مەيلى مۇھەببەت بولسۇن، ھەممىسى دېگىنىڭغا چۈشۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئىنساننىڭ ئۆز ئۆمرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى.

**پسىخولوگىيە دوختۇرى**

باشقىلارنىڭ پسىخىكىسىدىن ئالتۇننى سۇغۇرۇۋالىدىغان ئادەم. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىدىغىنى پەقەت سوئال - جاۋابتىنلا ئىبارەت. ئۇلار خاتىرىلىۋالغان ئاغرىقلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك قىزىقىشلىرى ئۇلار كېچىچە ئۇيقۇ بەرمەيدۇ.

**پو ئاتماق**

موزاينىڭ پورۇقىغا كۆچەپ پۈۋلەپ، ئۇنى تېز سۈرئەتتە قاۋۇل كالىغا ئايلاندۇرۇش. بۇ ھەقىقەتەن بىر ماھارەت بولۇپ، ئۇياتسىزلارچە يولسىزلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

**پوچتا ماركىسى**

1. چىمى قۇرۇق گەپلەرنىڭ دۇنيانى قاپلاپ كېتىشىدىكى باش جىنايەتچى.

2. يېيىش، ئىچىش، سۆيۈشۈشتىن باشقا، يەنە تىلنى كېرەك قىلىدىغان كىچىك قەغەز پارچىسى.

*جەمئىي تەجرىبە*

ئانا: پوچتىخانىغا باردىڭمۇ؟

بالا: باردىم.

ئانا: كونۋېرتقا ماركا چاپلىدىڭمۇ؟

بالا: ياق، پوچتىخانا خادىمى باشقا ياققا قارىغاندا، خەتنى خەت سېلىش تۆڭىگە تاشلىۋەتتىم.

**پوچېركا**

تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلىرىغا قالدۇرۇلغان جىنايەت پاكىتى.

**پورت**

بۇ پاراخوتلار توختايدىغان جاي، بۇ جايدا پاراخوتلار دېڭىزنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىن قوغدىلىدۇ، بىراق تاموژنا بېجىنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ.

**پوروخ**

مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىۋەتمىسە ئاۋارىچىلىك

ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىك پۇلنىڭ ماھىيەتلىك ئاجىزلىقى. ئۇنى ئايرىۋاشلاشقا، باشقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، ھەممىگە سىمۋول قىلىشقا بولىدۇ. بىراق ئۇ مەڭگۈ بۇ شەيئىلەر بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ.
2. كىشىنى ئەڭ قانائەتلەندۈرمەيدىغان نەرسە.
3. ھەممە كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان كىچىك تىپتىكى قەغەز. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سېھىرگەرگە ئايلىنىپ، ئۆز ئۆيىنى بۇ قەغەز بىلەن تولدۇرۇۋېتكۈسى كېلىدۇ.
4. پۇل بىر خىل بەخت تىلەش، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىلا ئاندىن مەنپەئەتدار بولالايمىز.
5. ياخشى مالاي، يامان خوجايىن.
6. باشقىلاردىن قەرز سورىغان چاغدىلا ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلگىلى بولىدۇ.
7. ھەم يېقىن دوست، ھەم دۈشمەن.
8. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى.
9. ئۇسمۇرنىڭ قېرىشى ئاسان، پۇلنى تاپماق قىيىن.
10. پۇل بارلىق ئەر ۋە بارلىق ئاياللارنىڭ ئورتاق مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئانچە پاك ھېسابلانمايدىغان نەرسە.
11. ئەرلەر ئۆيگە ئەكىرسە، ئاياللار سىرتقا چىقىرىدىغان نەرسە.

*ئارمان*

بىر كىشى تاغ باغرىغا ئۆي سېلىپ، ئۆيىنى لازىمەتلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىپتۇ. بىر كۈنى دوستى يوقلاپ كېلىپ:
- ياپىرىم، ئەۋلىيادەك ياشاۋېتىپسەن، سەن ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمىغۇدەكسەن! - دەپتۇ.
- شۇمۇ گەپ بوپتۇ! - دەپتۇ ئۆي ئىگىسى، - شۇ تاپتا مەن پۇلۇم بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىۋاتىمەن.

پۇل خەجلەش

پۇلى قانچە كۆپ كىشى پۇلنى شۇنچە قىسىپ ئىشلىتىدۇ. ئەرلەر پۇلنى ئاغزىغا، ئاياللار ئۇستۇۋىشىغا ئىشلىتىدۇ.

- پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقسام دەرھال ئېتىلغان بولاتتىم، - دەپتۇ ئوغلى، - لېكىن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟
- بۇ تولىمۇ ئاددىي ئىش. مەن داداڭغا تېگىشتىن بۇرۇن كىملا ئۇچرىسا بوش قويۇۋەتمەيتتىم.

**پۇرسەتپەرەس**

باشقىلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، جىمجىمغىنا ۋاقىتنى ئوغرىلاپ، ھېچكىمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەقسىتىگە يېتىدىغان كىشىلەر. ئۇلار دائىم قانۇن بىناسىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىدۇ.

**پۇشايمان**

بۇ جازا ئىلاھىنىڭ سادىق مالىيى ۋە مۇرتى. ئۇ دائىم ئۆزىنى مەلۇم دەرىجىدە يېگىلاپ تۇرىدۇ، بىراق ئۆزىنى يېگىلىشى داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى توختىتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

**پۇقرا**

پىتنە - پاساتلارنى يىغىپ تارقىتىش ئورنى.

**پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى**

بىز دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىشكەن باشقىلارنىڭكىدىن كۆپرەك پايدىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. بىزنىڭ ھۆكۈمەتنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت تارتىنىۋېلىشقا بولمايدىغان ھوقۇقىمىز بار.

2. بىزنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈدى دەپ قارىلىش ھوقۇقىمىز ۋە ئارقىدىن قولغا ئېلىنىش ھوقۇقىمىز بار.

3. باج تاپشۇرۇشنى ئۇنتۇپلا قالساق، باجگىرلار كېچىلەپ ئۆيىمىزگە زىيارەت قىلغىلى كەلسە، ئۇلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىش ھوقۇقىمىز بار.

4. قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇق ماددىلىرىمىزنى كۆپەيتىش ھوقۇقىمىز بار.

**پۇل**

1. ئادەمنى ئەڭ ئاسان قانائەتلەندۈرىدىغان ۋە ئەڭ ئاسان ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان نەرسە.

شەك نەرسىلەرنى كولاپ چىقىرىش. كۆپچىلىككە، بىزنىڭ كەيپىياتىمىز ئازاد بولدى، دەپ جاكارلاش.

2. ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان نەرسە.

**پىكىر يۈرگۈزۈش**

پىكىر يۈرگۈزۈش ئادەمنىڭ تەبىئىتى. ئادەم ھەر ۋاقىت ـ ھەر قانداق چاغدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ھەتتا ئۇخلاۋاتقان چېغىدىمۇ بۇنىڭدىن توختاپ قالمايدۇ. چۈنكى، چوڭ مېڭە ئۆزىدە بوشلۇق پەيدا قىلىپ قويۇشنى رەت قىلىدىغان بولغاچقا، زېمىندا ئىنتايىن نۇرغۇن سەۋەبلىكلەر سادىر بولۇپ تۇرىدۇ.

**پىلان**

مۇتلەق تاسادىپىي بولغان نەتىجە ئۈچۈن مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەن مۇساپىنى بەلگىلەپ قويۇش.

**پۇل قەرز ئېلىش**

1. قەرز ئىگىسىگە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خاتىرە كۈچىنى ئىنئام قىلىدىغان قىلمىش.

2. مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

3. ھەر قانداق گۈلمۇ پەرۋا قىلمايدىغان خۇشخۇيلۇق.

*شەرت*

- نېمە؟ ماڭا قەرز بەرگەن ئۈچ يۈز يۈەن پۇلنى سوراۋاتامسەن؟ بولىدۇ، قايتۇراي! بىراق، سەن باشلىقنى قايىل قىلىپ ماڭا شىمنى ئۈچ يۈز يۈەنگە ئۆستۈرۈپ بەرگىن.

*ئىلگىرى ئۆزە كېيىن*

ئا: ساڭا قەرز بەرسەممۇ بېرەي، ئەمما ھەرگىز ئايالىمغا دەپ قويما.

ب: چاتاق يوق. . .

ئا: ھېلىقى پۇلنى بىرنۆەتسەڭ بوپتىكەن.

ب: بەرگۈم بار، لېكىن قەرز ئالغىنىمنى ئايالىمغا قانداق دەيمەن؟

**پۇلنىڭ پايدىسى**

ئۇ بار بولسا، سىز ھەر قانداق ۋاقىتتا چۈشكۈنلەشمەيسىز، ھەر قانداق ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرەلەيسىز.

**پېداگوگىكا**

قانداق قىلغاندا بالىلارنى ئىمكانىنىڭ بارىچە تېزلىك بىلەن چوڭلارغا ئوخشاش نادان قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ، دېگەننى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن.

**پىتنە- ئىغۋا**

بوھتان تېخنىكومىنىڭ دەسلەپكى دەرسى. نەشر تەرتىپىدىن ھالقىپ كەتكەن ئاخبارات خەۋىرى.

قورۇق تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئالدىن كۆرۈۋالغان كەلگۈسى شەيئىلەرگە قىلىنغان ھۆكۈم.

**پىكىر**

1. قارشى تەرەپنىڭ سۆزدەك يېرىقلىرى ئارىسىدىن ئۇششاق چۈش-

**تارىخشۇناس**

قابىلىيەتلىك ۋاتىلداق خوتۇن.

**تارىخ مۇزېيى**

تارىخىي شەخسلەر ھەقسىز ئىجارىگە ئالغان داچا.

ئۇ يەرگە ئۇلارنىڭ قىممەت باھالىق ھەر خىل لازىمەتلىكلىرى: ئات جابدۇقلىرى، ئۆي جابدۇقلىرى، قاچا - قومۇچى، ئەمگەك قوراللىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئەسۋابلىرى، ساداقىتى، ئاسىيلىقى، قەھرىمانلىق جاسارىتى، مۇھەببەت مەكتۇپلىرى، قاتىللىق قوراللىرى... قاتارلىقلار رەت - رېتى بويىچە تىزىپ قويۇلغان. بەزى كېچىلىرى ئۇلار بۇ داچىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۆز ئارا ئۇچرىشىدۇ، نېمىلەرنىدۇر پىلانلايدۇ ياكى ئۆزلىرىگە تايىنىپ جان باقىدىغان تارىخشۇناسلارغا قانداق يېڭى تېمىلارنى چىقىرىپ بېرىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ.

**تارىخ ئىلمى**

بۇ تارىخنى تۈززۈش بولۇپ، ئىنتايىن كۆپ قىسمى ۋىجدان مەسىلىسىدىن ئىبارەت. تارىخقا تىل تەگكۈزۈش ھەرگىز سەۋەنلىك دەپ قارالمايدۇ. تارىخ ئىلمى يالغاننى راستقا ئايلاندۇرۇپ، شۇنداقلا نوپۇزلۇق قىياپەتتە بىزنىڭ چىرايلىق نامىمىزنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىتىشتىن ئىبارەت.

**تارىخىي شەخس**

«نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بولالماسلىق، سېسىق نامى مەڭگۈ ساقلىنىدىغان» بولۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرالىغان شەخسلەر. ئەپسۇسكى ئۇلار ھامان بىزدىن بۇرۇن ئالدىراش - تېنەش ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، بىزنىڭ قايتا سايلىشىمىزنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

**تاسادىپىيلىق**

1. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سەۋەب.

2. تەڭرى بىلەن شەيتاننىڭ ھەمكارلىشىشى.

*تاسادىپىي ئۇچرىشىش*

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى: دادام قەيەردە تۇغۇلغان؟

## ت

**تاپانچا**

قوغۇشۇن زەھىرى بار ئوكۇل.

**تاج كىيگەن شائىر**

راخىت كېسەلىگە گىرىپتار بولغان شائىر. ئۇز خىلىدىكىلىرىدىن ئېگىز كۆرۈنتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا شىلەپە كىيگۈزۈپ قويۇلىدۇ. ئالاھىدە ياسالغان بۇ شىلەپە ئۇنى ھەر قېتىم ئوردىنىڭ بايرام، تەنتەنە كۈنلىرىدە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئىسكىلىتقا ئايلاندۇرۇپ، ئوردا ئەزالىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئوردىنىڭ ماتەم مۇراسىملىرىدا بولسا، ئۇ يەنە بىر تىلسىز مەدھىيىچى بولۇپ، ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى لاياقەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

**تارىخ**

1. تارىخ گويا راستنى راست، يالغاننى يالغان دەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ بەلكى ئۇنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك. لېكىن، ناباب تارىخشۇناسلار ئۇنى ھەم شۇنداق، ھەم شۇنداق ئەمەستەك قىلىپ قويىدۇ، يەنە يامان نىيەتلىك بەزى تارىخشۇناسلار بولسا ھەق بىلەن ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ.

2. ئىنسانلار كىيىمگۈچە سالالمايدىغان ئىشتان.

3. كۆپ قىسىم مەزمۇنى خاتالىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر خىل خاتىرە. ئۇنىڭغا خاتىرىلەنگەن ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرزىمەس ئىشلار-دۇر، شۇنداقلا بۇ ئىشلارنى قىلغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇتتەھەملەر، ئەسكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ھاماقەتلەردىن ئىبارەت.

- ئۇ دېگەن ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئىشى. شۇنىڭ يېنىغا بار.

**تاشلىۋېتىش**

ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر خىل كىشىلىك ھوقۇق بولۇپ، ھەر قانداق كىشى بۇ ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدۇ.

بايلار تاشلىۋېتەر نامراتنى،
نامرات تاشلىۋېتەر بايلىقنى.
بوۋاق تاشلىۋېتەر ماتكىنى،
ئۆلۈك تاشلىۋېتەر ھاياتلىقنى.

**تاغقا چىقىش تەنھەرىكىتى**

بۇ بىر خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتى. بىرلا كۆچەپ ئىنسانپەرۋەرلىكنى تاغ چوققىسىغا ئىتتىرىپ چىقالايدۇ.

**تاقەت قىلىش**

قىساس ئېلىش شارائىتى پىشىپ يېتىلىشنىڭ ئالدىدا، ھاقارەتكە قارىتا ئىنتائەتمەن بولۇپ تۇرۇش.

**تالانت**

1. تالانت دېگىنىمىز پەۋقۇلئاددە، چۈشەندۈرۈش ئامالسىز بولغان مەخسۇس ئىقتىدارى بار شانلىق ئەربابلارنى كۆرسىتىشى كېرەك. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، تالانتقا بولغان ئېھتىياج خۇددى ۋابا تارقالغان يېزىلار دوختۇرغا ئېھتىياجلىق بولغاندەكلا بولۇپ قالدى.

2. دۇنيادا ھەقىقىي بىر تالانتنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا پەقەت بىرلا ھادىسە ھۆكۈم قىلالايدۇ، يەنى بارلىق كالۋالار تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.

**تالانت ئامبولاتورىيىسى**

كېيىنكى ئەسىردىكى ئەڭ مودا كەسىپ. تالانتلىقلارنىڭ پېشانىسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ زۇراۋانلىقتا ھەيدەك-چىلىك قىلىش نىرۋا رايونى ئومۇميۈزلۈك ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان

- شەرقىي شىمالدا.

- ئاپامچۇ؟

- يۇننەندە،

- مەنچۇ؟

- ۋۇخەندە.

- پاھ، بۇ ھەقىقەتەن تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئىكەن - دەا

*مەن بارامدىمەن ياكى ئۆزى كېلەمدۇ*

1948 - يىلى نيۇ - يورك شتاتىنىڭ باشلىقى دۇۋېي بىلەن ترومېن زۇڭتۇڭلۇق سايلىمىغا قاتنىشىپتۇ. خەلق رايىنى سىناشتا دۇۋېي ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ، غەلىبە قىلىدىغاندەك قىپتۇ. سايلام كېچىسى، دۇۋېي غەلىبىسىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپ، خوتۇنىدىن:

- سېنىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن بىر كارىۋاتتا بولۇشۇڭغا ئازلا قالدى، قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ئىنتايىن بەختلىكمەن، مۇشۇ دەقىقىلەرنى ساقلاپ تاقىتىم تاق بولغانىدى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى.

كۇتۇلمىگەندە، دۇۋېي سايلامدا ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بوپتۇ. ترومېن غەلىبە قىلىپ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، دۇۋېي مېھمانخانىدا ناشتا قىلغاچ گېزىت كۆرۈۋاتسا، دۇۋېي خانىم ئېرىدىن سوراپتۇ:

- ئېيتىڭا، ۋاشىنگتونغا بارامدىمەن ياكى ترومېن بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟

**تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى**

1. بەدىنىڭىزگە زىيانكەشلىك قىلىسىمۇ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىنمايدىغان، ئەكسىچە سىزنى پۇل تۆلىتىدىغان ئادەم.

2. ئادەم بەدىنىنى قول ھۈنەر بۇيۇمى قىلىدىغان ئادەم.

*تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ خىزمىتى*

ئوقيا تەگكەن بىر ئەسكەر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. دوختۇر يا ئوقىنىڭ دەستىسىنى كېسىۋېتىپ:

- بولدى، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ، - دەپتۇ.

- لېكىن، ئوقىنىڭ ئۇچى ئىچىمدە قالغان تۇرسا.

ئۇتنە ئالماقچىمۇ؟

يىگىت دەپتۇ:

ـ بۇنىڭدا سىزنىڭ ماڭا نېمە بېرىشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىـ ڭىزغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

*ئىككى يۈتى بىر ئۇتتۇككە تىقىلىپ قېلىش*

ئاتا قىزىنى ھامىلدار قىلىپ قويغان يىگىتتىن سوراپتۇ:

ـ سىز قىزىمغا قانداق مۇئامىلە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟

يىگىت جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ ھەي. . . يەنە تالالىغۇدەك ئىمكانىيىتىم قالدىمۇ؟

**تاماشىبىن**

1. يامان غەرىزى يوق بىكارچىلار.
2. پەسىل ئايرىماي كۆزى بىلەن سەيلە قىلىدىغان كىشىلەر.
3. قارشى ئېلىنىدىغان كىشىلەر.
4. ئۇلارنىڭ نەزىرى ئۇستۇن بولۇپ، رېژىسسور باشلاپ بەرمىگۇچە چاۋاك چالمايدۇ.

**تاماق تىزىملىكى**

دوختۇر كېسەلگە دىئاگنوز قويۇپ بولغاندىن كېيىن ھەمىشە ئاغرىقـ نىڭ دائىم نېمە تاماق يەيدىغانلىقىنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ بىر ئادەتى ساۋات بولۇپ، ئاغرىقنىڭ تاماق تىزىملىكىگە ئاساسەن، دوختۇر ئۇنىڭ يانچۇقىدا قانچىلىك پۇلى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ. نۇرغۇن دوخـ تۇرخانىلار ئامبولاتورىيىسىگە بىر كۆرسەتكۈچ تاختىسىنى ئېسىپ، كىشىـ لەرگە دوختۇرلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن جىددىي ئاغرىقلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ تاختا ئۆزىنىڭ ناھايىـ تى ئۆزۈن يۈزىگە دىجورنى دوختۇر بىلەن قانداق ئالاقىلىشىش، دوختۇر كېلىشتىن بۇرۇن نېمىلەرنى قىلىش قاتارلىق ھەر خىل تەپسىلىي قائىدىـ لەرنى تىزىۋېتىدۇ. ئاخىرقى بىر ئابزاستا: ئەگەر سىزنىڭ بۇ تەپسىلىي قائىدىلەرنى ئوقۇپ تۈگەتكۈدەك ۋاقتىڭىز بولسا، ئۇنداقتا سىزنىڭ كېسەـ لىڭىز ھەرگىز جىددىي كېسەل ئەمەس، ئەتە ئىش ۋاقتى بولغاندا قايتا

بولىدىكەن. بۇنىڭغا ۋاقتىنچە ئىشلىتىلىدىغان رېتسېپ - تۇرمۇشتا سىز-نىڭ يېڭىدىغىنىڭىز يامان ئادەتلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكسىز قوزغىلىپ تۇرغان جىنسىي ھەۋەستىن ئىبارەت بولۇشى ئىكەن.

**تالان - تاراج قىلىش**

باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ كېتىش، بىراق ئوغرىلاردەك سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق.

ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىدە ھەققىم بار دەۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر كانايچى ئۇركېستىر بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش.

«ب» نىڭكىدىن «ئا» غا تەئەللۇق مال - مۈلۈكنى ئېلىپ كېتىپ، «س» نى ئۆزىنىڭ ياخشى پورسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدۇرۇش.

**تاللاش**

1. «تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن».
2. قارىغىنا، سېنىڭ تاللىغان خوتۇنۇڭنى!
3. كەيپى ئۇچۇش دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئېيتىلىشى.

*تېڭىرقاپ قېلىش*

سودا ساھەسىدىكى بىر كاتتا خوجايىن قوش نىكاھلىنىش جىنايىتى بىلەن شىكايەت قىلىنغانىكەن، ئۇ قابىلىيەتلىك بىر ئادۋوكاتنى ئۆزىنى ئاقلاشقا ياللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھسىز دەپ قارىلىپ قويۇپ بېرىلىپ-تۇ. ئادۋوكات ئۇنىڭغا:

- بۈگۈندىن باشلاپ ئەركىن بولدىڭىز، دەرھال ئۆيىڭىزگە، ئايالىڭىزنىڭ قېشىغا قايتىڭ، - دەپتۇ. خوجايىن ئارىسالدى بولغان ھالدا سوراپتۇ:

- زادى قايسى خوتۇنۇمنىڭ ئۆيىگە بارسام ياخشى بولار؟

*تەڭقىسلىقتا قويۇش*

بىر پۇلدار ئاتا سوراپتۇ:

- گەپنى ئېنىق قىلىڭ، سىز قىزىمنى ئالماقچىمۇ ياكى پۇلۇمنى

تۇپەيلىدىن ئۇ ئىنسانىيەت بىلەن پولاتتەك دوستلۇق ئورناتقان.

**تاۋاب قىلىش**

تىنجىتقىلى بولمايدىغان ھېسسىيات بىلەن يىراقتىكى مۇقەددەس نە-شانغا قاراپ ئۈمىلەپ مېڭىش.

**تاۋار**

ھەممەيلەننىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان بىر دۆۋە دۇنيا تىلى.

**تاۋۇت**

ئەزرائىلنىڭ سەگەنچۈكى.

**تەبەسسۇم**

1. مىخانىك ھەرىكەت بولۇپ، چوڭىدىن كىچىككىچە ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس. ئۇ بەزىدە بىزگە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتىكى خۇشاللىقنى سېتىپ بېرىشى مۇمكىن، ئەكسىچە قىلىپ ئېيت-ساق، بۇنىڭ ئۆزى بىر ئاپەت.

2. كۆلكىنىڭ ئۇنىسىز نۇسخىسى.

3. «كىچىكنىڭ چوڭنى يېڭىشى، ئازنىڭ كۆپنى يېڭىشى»نىڭ بىر مىسالى.

4. كەيپىيات ياخشى چاغدىكى قورۇق.

*تىجارەتكە توسالغۇ بولۇش*

خېرىدار: سىز نېمىشقا ھېلىقى چىرايلىق پىرىكازچىكنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتىڭىز؟

خوجايىن: ئۇ ماگىزىنىمنىڭ تىجارىتىگە توسالغۇ بولدى.

خېرىدار: بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

خوجايىن: ئۇ قىز بىر تەبەسسۇم قىلسا، خېرىدارلار ئالدىغا يوپۇرۇ-لۇپ كېلىپ: «پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۆچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتتى» دېيىشە-دۇ. نەتىجىدە مەن قۇۋۋەت دورىلىرىمنى زادىلا ساتالماي قالدىم.

**تەبرىكلەش**

1. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە قىلىنىغان ئەدەپلىك ھەسەت.

كېلىڭ، دەپ ئېنىق يېزىپ قويۇلىدۇ.

**تاماكا**

1. سىنىپ ۋە تەبىقە ئايرىمايدىغان سۆيۈش.

2. پاھىشە بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقتا ئىگە خۇسۇسىيەت، شۇنداقلا ئەۋزەللىككە ئىگە سۈنئىي تۇمان. ئىنسانلار تاھازىرغىچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلدى، بىراق قۇتۇلالمىدى. ئۇ دۆلەتكە خۇددى پاھىشىلەرگە ئوخشاشلا زور مىقداردا پايدا ۋە باج كىرىمى تېپىپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆپكىسىنىڭ رەڭگىنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۆزگەرتىشتە ئۇنىڭ تۆھپىسى ئاجايىپ يارقىن.

3. كالپۇكنىڭ مۇھەببىتى، زېرىكىشنىڭ دوستى.

4. كىشىنى بىزار قىلىدىغان پاراڭ بولغاندا ياكى كۆڭۈلدىكى گەپنى ئېيتىش قىيىن بولغاندا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئىس - تۈتەك چىقىرىش ئەسۋابى.

5. ئىنسان ئەڭ رازىلىق بىلەن ئىشلىتىدىغان ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش قورالى.

**تام**

ياخشى ئادەمنىڭ يامان نەرسىلىرىنى توسۇۋېلىشقا قالقان بولالايدىغان نەرسە.

**تاموژنا بېجى**

سودا قىلىشىۋاتقان ئىككى ھۆكۈمەتنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ تاۋارلارنىڭ باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق دۆلەتكە پايدا، خەلققە بالا كەلتۈرىدىغان باھانىسى بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ياكى ئوغرىلىۋېلىشقا ئامالسىز قالغان ئىمپورت تاۋارلىرىغا بولغان قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

**تانكا**

ئۆزى ئۆزىگە يول ياساپ ماڭىدىغان، ھەم ئېھتىياتچان، ھەم قارام بىر كاساپەت. ئۇ ھامان كەڭ كۆلەمدىكى ئوقلىرىنى كەينىدىكى ئەسكەرلەرگە قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇرۇش خەۋپى ئۇنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، شۇ

بېرىدۇ. بىز پەقەت جەڭ قىلىشنىلا بىلىمىز، بىراق دائىم دەم ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

**تەربىيىلەش**

يالغانچىلار سەممىي كىشىلەرگە شۇنداق دەيدۇكى: ھەر قانداق ئادەمگە ھەرگىز يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ كەتمەڭ!

**تەربىيىلىنىش**

ئۆز قەلبىنى ھەر خىل تەجرىبىلەر بىلەن تاكى «سۇ كېتىپ تاش قالغۇچە» قايتا - قايتا سوغىرىش. ئۇ بىۋاسىتە ئادەتتىكىچە پەزىلەتكە ئېلىپ بارىدۇ. تەربىيىلىنىشتە جەزمەن ئېگىز جايدا، بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك سوغۇق ھالەت ئاستىدا تەنھا ئۆلۈپ تىرىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

**تەرتىپ**

تەرتىپكە ئىنتىلىش ھالاكەت دېمەكتۇر. چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ئۆزىلا تەرتىپنى توختاۋسىز بۇزۇپ تۇرىدىغان جەريان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەرتىپكە ئىنتىلىش بىر خىل دەبدەبىلىك باھانە، ئىنسانىيەتتىن بىر خىل زەھەرخەندىلىك بىلەن نەپرەتلىنىش سەۋەبىدۇر.

**تەرجىمە**

1. ئاغدۇرۇش.

2. تىلدىكى قۇرۇلمىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئورۇنغان قىلمىش.

3. 1968 - يىلى بىلەن 1969 - يىلىنىڭ ئارىلىقىدا، چېخ يازغۇچىسى كوندىرانىڭ «چاخچاق» ناملىق ئەسىرى بارلىق غەرب تىللىرىغا دېگۈدەك تەرجىمە قىلىنىپتۇ. فرانسىيىدە، تەرجىمە قىلغۇچى ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى تۈزىتىش ئارقىلىق بۇ روماننى قايتا يېزىپ چىقىپتۇ. ئەنگلىيىدە، نەشر قىلغۇچى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئابزاسلارنىڭ ھەممىسىنى، مۇزىكا تەتقىقاتىغا ئائىت بابلارنى چىقىرىۋېتىپ، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ، روماننى قايتىدىن قوراشتۇرۇپ چىقىپتۇ. يەنە بىر دۆلەتتە، كوندىرا ئۆز ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان بىرەيلەننى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. بۇ كىشى بىرەر ئېغىزمۇ چېخچە تىل بىلمەيدىكەن. كوندىرا ئۇنىڭدىن: «ئۇنـ

2. بىر خىل ئەدەپلىك ھەسەتخورلۇق.

**تەبىئىي ئاپەت**

تەبىئەتنىڭ ئۆز غەزىپىنى ئىپادىلىشىدىكى بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىنسانلار قوزغايدۇ. تەڭرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئاپەت يۈز بەرگەن چاغلاردا، كىشىلەر ھەمىشە «ئاھ تەڭرىم!» دېيىشىدۇ.

**تەجرىبە**

1. بۇ نادانلىق ۋە ئەخمىقانىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىلگەن قۇراق چاپان بولۇپ، ئىلگىرىدىن تونۇش بولغان ئىشلارنىڭ يامان ئەمەس ئۇنۇملىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ. كېيىن بەزىلەر ئۇنىڭ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ئىشنى قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ياشلىقتىن يۇقىرىلار بولىدۇ.

2. بۇ بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەت. ئۇ بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى: بىز باغرىمىزغا بېسىپ يۈرگەن ئەخمەقلەر ئەسلىدە تونۇشقىلى ئۇزۇن بولغان، بىزنى بىزار قىلىدىغان ئەبلەخلەردۇر.

*مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى*

ـ ساڭا مەلۇم، ماڭا ھەمىشە كۈتۈلمىگەن بايلىق كەپقالىدۇ، ـ دەپتۇ ئوۋچى دوستىغا، ـ ئالدىمدا ئۆڭكۈر ئۇچراپ قالسا، مەن ئۆڭكۈر ئاغزىدا تۇرۇپ: «ھايۋانلار، بۇياققا چىقىش، سەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ سېتىپ پۇل قىلىمەن» دەپ ۋارقىرايمەن.

كېيىن ئوۋچى دوستىنى زەخىملىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، يوقلاپ بېرىپتۇ.

جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان دوستى مۇنداق دەپتۇ:

ـ سېنىڭ تەجرىبەڭ بويىچە ئىش قىلاي دەپ، قورالنى ئالدىم ـ دە، بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بېرىپ: «ھەي» دەپ توۋلىشىمغا، ئالدىمدىن بىر پويىز چىقىپ كەلدى.

**تەرەققىي قىلىش**

ئېغىزلاردا داستان قىلىغۇدەك ھەر قانداق ئىش ئۆز يۆنىلىشىدە يۈز

لىدىغان بىر خىل يېزىق. ئۇنىڭ ئۇزۇنىمۇ، قىسقىسىمۇ بولىدۇ. ئۇزۇنلىرى يۈز دانە چېكىتكىنى بىر - بىرىگە چاتالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەرجىمىھال ئىگىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان دوستلار ۋە دۈشمەنلەردىن ئىبارەت بولىدۇ؛ قىسقىلىرى خۇددى بىر قېتىملىق چۈشكۈرۈك ياكى ئەسنەككە ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىسىز.

ئۇنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىگە كەلسەك، بۇ چوقۇم سوپۇن تىياتىرلىرىدىكى مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك كېلىدۇ.

**تەرسالىق**

تۇرقىدىن قارىغاندا، بىر يۈز بىر قېتىم يىقىتىۋېتىلگەن كاساپەت يەنە ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ.

**تەرغىباتچى**

بۇ بىر خىل سىياسىئون بولۇپ، قۇرتلارنى ئۇۋىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن، قوشنىسىنىڭ دەرىخىنى لىككىتىشقا ئامراق.

**تەركىدۇنياچى، زاھىد**

زورمۇزور كۆلۈپ ئۆزىگە ياخشىچاق بولىدىغان ئادەم.

**تەسەللى بېرىش**

1. ھەممەيلەن ئىشلىتىپ باققان ۋە باشقىلار ئۆزىگە ئىشلىتىپ باققان قورال. سىز باشقىلارغا تەسەللى بەرگەن چاغدا ئۆزىڭىزنى ئېسىل ئادەملەر بىلەن ئوخشاش ھېس قىلىسىز. تەسەللى بېرىشتە ھېچقانداق بەدەل تۆلەشنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى سىز ئۆزىڭىز ئىشلەتكەن تازىلىق قەغىزى بىلەن باشقىلارنىڭ تەرىتىنى سۈرتۈپ قويىسىز، خالاس.

2. قەلب جاراھىتىنى ۋاقىتلىق تېڭىپ قويىدىغان بىنت.

*كۆڭلىنى ياساش*

بىر يىگىت خۇشاللىق بىلەن دادىسىغا:

- مەن توي قىلىدىغان بولدۇم، - دەپتۇ.

دادىسى ئوغلىنىڭ لايىقىنىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ:

داقتا سىز بۇ رومانىنى قانداق تەرجىمە قىلدىڭىز؟» دەپ سوراپتىكەن، «قەلبىم بىلەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تەرجىمە قىلغۇچى سومكىسىدىن كوندىرانىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى چىقىرىپ. ئۇ شۇقەدەر مۇلايىم ئىكەنكى، ھەتتا يازغۇچىمۇ مەلۇم قەلب تەسىرى ئارقىلىق تەرجىمە قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىش ئىكەن: ئارگېنتىنالىق بىر تەرجىماننىڭ قىلغىنىدەك، ئۇمۇ فرانسۇزچىدىن تەرجىمە قىلغانىكەن.

*تەرجىمان*

مېكسىكىلىق بىر بۇلاڭچى تېكساس شتاتىدىكى بىر بانكىنى بۇلاپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئامېرىكىلىق بىر ساقچى ئۇنى بازاردا تۇتۇۋاپتۇ. بىراق، ساقچى ئىسپان تىلىنى، بۇلاڭچى ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ساقچى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مېكسىكىلىقنى تەرجىمانلىققا تەكلىپ قىپتۇ.

ساقچى تاپانچىنى بۇلاڭچىنىڭ كاللىسىغا تىرەپ تۇرۇپ، تەرجىمانغا:

- سورا، ئۇنىڭ ئىسمى گونزالىزمىكەن؟ - دەپتۇ.

- شۇنداق، ئىسمى گونزالىز ئىكەن.

- ئۇ ئىلگىرى تېكساس شتاتىدىكى بانكىغا بارغانمىكەن؟

- شۇنداق، ئۇ بانكىنى بۇلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

ساقچى تاپانچىنى تېخىمۇ چىڭ نىقتاپ:

- ئۇنىڭدىن زالىڭ پۇللارنى نەگە قويغانلىقىنى سورا، ئېيتمىسا مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن.

بۇلاڭچى تەرلەپ - پىشىپ دۇدۇقلىغان ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ:

- ئوق چىقارماڭ، خوتۇنۇم ۋە تۆت بالام بار! پۇل ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇدۇقتا.

تەرجىمان ساقچىغا قاراپ سۆزلەپتۇ:

- ئەبلەخ، نوچى بولساڭ ئوق چىقىرە قېنى، دەيدۇ.

**تەرجىمىھال**

بۇ ئۆزى ئۈچۈن مۇنار تىكلەش ياكى ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتى-

ئەقىلغا مۇۋاپىق بولغان ھالدا قاناتلاندۇرەرلىك جاۋاب بېرىدۇ.

*تەسەۋۋۇرنى تەسەۋۋۇر قىلىش*

يېڭى توي قىلغان يىگىت ئەمدىلا يۇيۇنۇپ چىققان ئايالىدىن سوراپتۇ:

- نېمانچە ئۇزۇن يۇيۇندۇڭ، نېمە قىلدىڭ؟

- قالايمىقان خىيال قىلماڭ.

**تەقدىر**

1. ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى سىز ئۇنى ئويلىغان چاغدىلا ئاندىن مەۋجۇت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنى ئويلايدىغان چاغلىرىمىز ھېچقانچە كۆپ ئەمەس.

2. زوراۋانلارنىڭ قەبىھلىك قىلىشتىكى ھوقۇقى؛ ھاماقەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشتىكى باھانىسى.

3. ئەزەلدىن بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى، ئۇنىڭغا باشقا ئامال يوق، دەپ قارىلىپ كەلگەن، ھازىر قاراپ باقساق، ئەسلى ئۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىكەن.

*ئاللاتى*

قىز: ئاپا، مەن ياتلىق بولماقچى بولسام، دادامغا ئوخشاش بىر ئەرنى تاپىمەن.

ئانا: ياخشى!

قىز: ياتلىق بولمايدىغان بولسام، ھاممامغا ئوخشاش قېرى قىز بولۇپ قالارمەنمۇ؟

ئانا: شۇنداق.

قىز: قارىغاندا، ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى تاللىغان بىلەن بەربىر ئايال كىشى بەك بىچارە بولۇپ قالىدىكەن - دە!

**تەكشۈرۈش**

نىكاھ بۇزۇلۇش ۋاقتىدىكى ۋاقىتلىق دەم ئېلىش.

**تەكلىپ قويۇش**

يىگىتنىڭ قىزنى قولغا چۈشۈرمىكى تەس، قىزنىڭ يىگىتنى قولغا چۈشۈرمىكى ئاسان. شۇنداق بولسىمۇ ئەمەلىي تۇرمۇشتا يىگىتلەر ئۆزى

- ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساڭ بولمايدۇ. ئەسلىدە ساڭا ئېيتمىش نىيە-تىم يوق ئىدى، بىراق ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئېيتماي بولمىدى. سەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقان قىز دەل سېنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا سىڭلىڭ بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ، ئانىسىدىن بۇ ئىشنى سورۇشتۇرگەنىكەن، ئانىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ:

- بەلكىم ئۇ داداڭنىڭ قىزى بولۇشى مۇمكىن، بىراق مەن ساڭا كاپالەت بېرەلەيمەنكى، سەن ئۇ قىز بىلەن خاتىرجەم توي قىلساڭ بولىدۇ. چۈنكى سەن ھەرگىز داداڭنىڭ ئوغلى ئەمەس.

تەسەۋۋۇر

بۇ پاكىتلار ساقلىنىدىغان بىر خىل ئامبار بولۇپ، شائىرلار ۋە ئالدامچىلار ئورتاق پايدىلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى

1. ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى.

2. بىلمىگەنلىك ئەڭ ياخشى، ئەگەر چۈشىنىۋالسىڭىز توگەشكىنى-ڭىز شۇ.

*بىر جۈپ يۇراقلىق خەت*

ئۈچ نەپەر ياش ئايال ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان «Yes» ۋە «No» دېگەن سۆزلىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ. بىرسى دەپتۇ:

- ئەگەر ئۇ كەسكىنلىك بىلەن «No» دەپ قالسا، مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، دەپ بىئارام بولۇپ كېتىمەن.

- مەن قارشى تەرەپتىن: «سىزنىڭ سۆزىڭىزنى Yes، دەپ چۈشە-نەيمۇ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ خەت مەنىسى بويىچە چۈشىنەيمۇ؟» دەپ قايتۇرۇپ سورايمەن، - دەپتۇ ئەقىللىق بىر ئايال.

ئىككى ئايال سوراپتۇ:

- نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

- ئەرلەر تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،

2. قۇۋۋەتنى خورىتىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

*رېكورتنى بۇزۇش*

ئون ئىككى تۈرلۈك دۇنيا رېكورتىنى ياراتقان بىر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ.

- كېسەللىكىڭىز ئېغىر ئىكەن، - دەپتۇ دوختۇر، - قىزىتمىڭىز قىرىق ئىككى گرادۇسقا چىقىپتۇ.

- بۇنىڭدىكى دۇنيا رېكورتى قانچە؟

**تەنقىد**

1. قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلارغا بېرىدىغان ئاگاھلاندۇرۇشى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭغا ماقۇل دەپ قويۇلىدۇ، ئەمما پەرۋا قىلىنمايدۇ.

2. ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئەرلىرىنى تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇلارنىڭ پۇلىنى خەجلەش.

**تەنقىدچى**

1. بۇ قوپال، كۆڭلى تۈز بولغان بىر خىل ئادەم. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئۆزىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتىدۇ.

2. ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشى قىيىن دەپ ئاتىۋالغان ئادەم. چۈنكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپالمايدۇ.

3. قەلەمكەشلەر ئارىسىدىكى ھەسەت پىرى.

4. باشقىلاردىن قوسۇر تېپىشتىن ئۆزگە ئارتۇقچىلىقى يوق ئىشسىز.

5. ماختاش ۋە سۆكۈش ئۈستىدە كۆچ سەرپ قىلىدىغان، شۇنداقلا شۇ ئىشنىڭ تامىقىنى يەيدىغان ئادەم.

*تەنقىد*

موماي ياشنىپ قالغاچقا قۇلىقى بىراز گاس ئىدى. شۇڭا، تۇرۇپلا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەپ كېتەتتى، بولۇپمۇ تېلېۋىزور كۆرگەندە شۇنداق قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ تېلېۋىزور رىياسەتچىسىنى تەنقىد قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز باللىرىدىن سوراپ قالدى:

ياخشى كۆرگەن قىزنى ھەر ھالدا قولغا چۈشۈرەلەيدۇ، ئەمما قىز ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

*تەكەللۇپ*

يىگىت: خېنىم، سىز گۈلدەك چىرايلىق ئىكەنسىز.

قىز: رەھمەت.

يىگىت: خېنىم، سىز بەك نازاكەتلىك ئىكەنسىز.

قىز: رەھمەت.

يىگىت: خېنىم، سىز زەمزەم سۈيىدەك پاك ئىكەنسىز.

قىز: رەھمەت.

يىگىت: خېنىم، ماڭا تېگىشنى خالامسىز كىن؟

قىز: ۋاي خۇدايىمەي، ئېرىمگە ئوخشاش تازا بىر ئەزمە ئادەمكەنسىز-غۇ سىز!

**تەڭپۇڭلۇق**

پولات ئارغامچا ئۈستىدە ۋالىس ئويناش ھەرىكىتى. دىتى يوق ئادەملەرنىڭ جان بېقىش ۋاستىسى.

**تەلەپپۇز**

1. بارلىق قۇشلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا كۈيى بولىدۇ، پەقەت ئاۋازىنىڭ توم - ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، دۆلەت تىلى ياكى چەت ئەل تىلى، دەپ ئايرىلىدۇ.

2. باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆلكىلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان نەرسە.

**تەلەي**

1. بانكا بۇلىغان چاغدا، يۈزدە يۈز ئىشەنچمۇ، يۈزدە يۈز خەتەرمۇ بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا پەقەت ئۇنىڭغىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. تەگرى بىلەن شىشخال ئوينىغان چاغدا، ئۇ ئاخىر بىر قېتىم كەتكۈزۈپ قويىدۇ. بىراق، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ يېڭى ئۆزۈن قويۇپ بېرىپ، بىلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش ھۈنىرى بولۇشى مۇمكىن.

**تەنتەربىيە**

1. ئاپتاپقا قاقلىنىش.

**تراگېدىيە**

1. ئەرنىڭ غەلىبە قىلىشى ـ كومېدىيە، ئايالنىڭ غەلىبە قىلىشى ـ تراگېدىيە.

2. توي قىلىش تەلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى.

3. ياش بىلەن قولىياغلىقنى ھۆللەش دەرىجىسى بىلەن نەتىجىنى ئۆلچەيدىغان كومېدىيە.

4. تاماشىبىنلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى ھېسداشلىققا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن تىياتىرخانىدىن ئۇزىتىپ قويىدىغان كومېدىيە.

*كاتتا تراگېدىيە*

ئا: ئاخشامقى ئويۇن قانداقراق ئوينالدى؟

ب: ئاجايىپ قىزىق دېگىنە، بىرىنچى پەردە باشلانغاندىن تارتىپ ئويۇننىڭ ئاخىرىغىچە تاماشىبىنلار ئۆچپىي ئۆزۈلگۈدەك كۈلۈپ چىقتى.

ب: قايسىسى ئوينالغانىدى؟

ئا: شېكسپىرنىڭ «ھاملىت»ى. . .

*تراگېدىيىگە ئايلانغان كومېدىيە*

ئوقۇتقۇچى: مەن كۆرۈپ بېقىڭلار، دېگەن كومېدىيە قانداقكەن؟

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، ئۇ كومېدىيە ئەمەس، تراگېدىيە ئىكەن.

ئوقۇتقۇچى: قانداقسىگە؟

ئوقۇغۇچى: پۈتۈن تىياتىرخانىدا ئاران ئون ئالتە نەپەر تاماشىبىن بولغاندىكىن، كومېدىيە تراگېدىيىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ!

**تربىېر**

ئاغزى بېسىقماي غودۇرايدىغان ئادەم.

**توپىلاڭ**

1. ئىشتىياقى ئۇرغۇپ تۇرغان پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار بىلەن پاك ـ گۇناھسىز تاماشىبىنلار خالىسانە ھالدا ئارمىيە ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن تىنچلىق مەزگىلىدىكى ھەربىي مانېۋىر.

2. بىگۇناھ تاماشىبىنلار ھەربىيلەر ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن، ئۇلار ناھايىتى قارشى ئالىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى.

- بىز گەپ قىلساق ئۇ ئاڭلامدۇ؟

بالىلىرى قەستەن دېيىشتى:

- سىز بۇنچە يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلسىڭىز ئەلۋەتتە ئاڭلايدۇ - دە!

موماي خىجىل بولغان هالدا پەس ئاۋازدا دېدى:

- يېقىندىن بۇيان بۇ قىز نېمانچە سۆرۈن چىراي بولۇپ كەتتىكىن، دېسەم، ئەسلىدە مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ قاپتىكەن - دە!

**تەنهالىق، يالغۇزلۇق**

1. ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلدايدىغان خوتۇنى بولغانلىق ھەمدە بىر ئېغىز سۆز قىستۇرغىلى بولمىغانلىقتىن پەيدا بولىدىغان تەسىرات.

2. يالغۇزلۇق ئاسانلا ئادەتتىكى يۇقرانى تالانت ئىگىسىگە، تالانت ئىگىسىنى قەلەندەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

3. ھەمراھىنىڭ چاتاق بولۇشى تۈپەيلىدىن غېرىبلىق ھېس قىلىش.

**تەھدىت سېلىش**

قۇدرەتلىك ھوقۇق ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرىنىڭ سۆزمەنلىك سەنئىتى.

**تەۋەككۇل قىلىش**

1. پېشكەل بېسىشنى ئۇمىد قىلىش كېسىلى.

2. «بوپتۇ، بىز توي قىلايلى!» دەپ ۋەدە بېرىش.

*ئەڭ چوڭ تەۋەككۇلچىلىك*

مەلۇم گېزىتنىڭ مۇخبىرى بىر قاتىل جىنايەتچىنى زىيارەت قىلىپ:

- ھازىرغا قەدەر قىلغانلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە قايسىسىنى ئەڭ چوڭ تەۋەك-كۇلچىلىك، دەپ قارايسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

- مەن بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرگەندە، ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى مېنى كەچ كەلگەن ئېرىم، دەپ، چىڭ قۇچاقلىۋالغان شۇ قېتىمنى ئەڭ چوڭ تەۋەككۇلچىلىك، دەپ قارايمەن.

*تەلەي*

- ھېلىقى چاغدا سەن رېستوراندا بىللە بولغان ھېلىقى قىز بىلەن قانداق بولۇپ كەتتىڭ؟

- مەن ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇۋىدىم، ئۇ رەت قىلدى!

رول ئوينىشى بېكىتىپ قويۇلغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىپ مەلۇم ئىقتىسادىي مەقسەتكە يېتىش مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولمىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، تەجرىبىلەر ئاللىقاچان بىلدۈردىكى، ئۇنىڭ بىلەن ماشىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كۆمۈر گازى دۇڭگاتېلىدىن ياخشى؛ ئۇ چىقارغان يورۇقلۇق خېلى بىر نېمىلەردىن كۈچلۈك بولىدۇ.

**توك مەنبەسى**

باشتىن ـ ئاخىرغىچە خەلق ئۈچۈن نارازىلىق بىلدۈرىدىغان پالۋان، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى قىلچە ھېسسىياتسىز ھېسسىيات.

**توك ئورۇندۇق**

جازالىغۇچىنى توكنىڭ سۈرئىتىدە ئەڭ كۆڭۈللۈك دۇنياغا يەتكۈزۈپ قويىدىغان جازا قورالى.

**توڭلاتقۇ**

1. ياخشىچاق ئادەم. يامان مىجەزلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرەلەيدۇ.

2. ئىچى قۇرۇق بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىگە بىر خىل مەدەنىيلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ئائىلە جابدۇقى.

**تولۇقلاپ تۆلەش**

كىشىنى مەپتۇن قىلالمايدىغان بىر خىل تۆلەم.

**تونۇش ئادەم**

1. مۇشكۈل ئەھۋالغا قالغاندا كۆپەيتىلىدىغان، ئامەت كەلگەندە ئازايتىلىدىغان كىشىلەر. بۇنداق يۈزەكى دوستلۇق بىزنىڭ يۈزىمىزنى خۇددى ھاۋا بىلەن سۇدەك پارقىرىتىپ تۇرىدۇ.

2. بۇ شۇنداق تىپتىكى ئادەملەركى، ئۇلار بىلەن تونۇشۇۋالساق، ئۇلاردىن پۇل قەرز ئالالايمىز. لېكىن تونۇش بولمىساق، ئۇلارغا قەرز بېرەلەيمىز. بۇنداق دوستلۇق قارشى تەرەپ نامراتلاشقان چاغلاردا سۇسلىشىدۇ، بېيىغان چاغلاردا بولسا قويۇقلىشىدۇ.

**تونۇشتۇرۇش**

بۇ شەيتاننىڭ ئۆز قۇللىرىنى مۇكاپاتلاش، دۈشمەنلىرىنى قىيناش ئۈچۈن ئىختىرا قىلغان بىر خىل ئىجتىمائىي مۇراسىمى بولۇپ، ئامېرىكە-

**توپىلاڭ كۆتۈرۈش**

1. تەپتارتماستىن ھۆكۈمەتكە قارشى قىلىنغان زوراۋانلىق قىلمىشى. بۇ خىل ئىنقىلاب يەنە بىر زوراۋان ھۆكۈمەتنى ھازىرقى ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان تەقدىردىمۇ، ھامان بىر كۈنى تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار تارىخشۇناسلار ئۇنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

2. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بىر مەيدان ئىنقىلاب.

**توخۇ يۈرەك**

خەتەرگە يولۇققاندا ئىككى پۇتى بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئادەم.

**توغرا**

غايىپچىلارنىڭ چۈشى. ئۇ كىشىلەرنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە، ئىلمىي تەتقىقات تىپىدىكى پاتالىيەتلەردە تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خاتالىقتا قارىتا كەڭ قورساقراق كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ: «يۈر، بىر رومكىدىن ئىچەيلى!» دەيدۇ.

**توك**

بۇ بىر خىل ئېنېرگىيە بولۇپ، باشقا نەرسىلەر قىلىشقا ئامالسىز بولغان ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلالايدۇ. چاقماق بىلەن توك بىرلا گەپ. ئۇ دوكتور فرانكلىنغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. بۇ، بۇ ياخشى نىيەتلىك ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىلىم ھاياتىدىكى ئەڭ جانلىق، ئوبرازلىق ئىش. كېيىنكىلەر دوكتور فرانكلىننى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەن، بولۇپمۇ فرانسىيىدە شۇنداق بولغان. يېقىندا فرانسىيىدە ئۇنىڭ بىر شام ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدى. شام ھەيكەلنىڭ ئۇل تاختىسىغا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان مۇنداق بايان ئويۇپ قويۇلدى:

«فرانكلىن ئەپەندى توكنىڭ كەشپىياتچىسى. بىر قانچە قېتىم يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىنى قىلغاندىن كېيىن بۇ مەشھۇر ئالىمنى قايسىدۇر بىر ئارالدىكى ياۋايى ئادەملەر يەۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ بىرەر پارچىسىنىمۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمىدى.»

توكنىڭ گويا سەنئەت بىلەن سانائەتنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن مۇھىم

نى قارشى تەرەپكە ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە تەقسىم قىلىپ بېرىش مۇراسىمى.

2. خوجايىنىنىڭ قولغا ئايلىنىشى.

3. ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان گۈلنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغىلى بولىدىغان دەپنە مۇراسىمى.

4. ئەڭ تەنتەنىلىك بىلەن ئۆزىگە ئۆزى كىشەن سېلىش مۇراسىمى.

*توي مۇراسىمىدىكى غۇلغۇلا*

يىگىت: بۇ ساھىبجامالنى ئالغانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن بەختلىكمەن!

قىز: ئاخىر ئۇنى قولغا چۈشۈردۈم، شۇ تاپتا مارىنىڭ چىرايىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

قىزنىڭ دادىسى: ئاۋۇ ئەخمەقكە قاراڭلار! ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۇزاققا بارمايدۇ. مەن سەۋر قىلىپ تۇراي، قىزىمنىڭ ھازىرلا ئاچچىقى كېلىدۇ.

قىزنىڭ ئانىسى: مۇشۇ يىگىت قىزىمنى بەختلىك قىلالارمۇ؟

يىگىتنىڭ ئانىسى: بۇ قىز مەن بىلەن ئوخشاش بولمىسا، ئوغلۇمنىڭ ھالى ياخشى بولمايدۇ.

يىگىتنىڭ دادىسى: بىز ئاياللارغا ئوخشىمايمىز. ئەرلەر نىكاھتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىمۇ ھېچقانچە زىيان تارتمايدۇ. قارىغاندا ئوغلىمىز بىر سىناپ باقاي دېگەن ئوخشايدۇ.

يىگىتنىڭ ئۆكىسى: شۇنچە چىرايلىق قىز قانداق بولۇپ ئاكامدەك بىر كالۋانى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ؟

قىزنىڭ سىڭلىسى: تازا ئىش بولدى، ئەمدى مەن ئۇنى خەقلەرگە: «بۇ ئاچامنىڭ يولدىشى» دەپ تونۇشتۇرىدىغان بولدۇم - دە!

قىزنىڭ ئۆكىسى: ھەممەيلەن بىلىپ تۇرۇپمۇ بىلمەسكە سېلىۋاتىدۇ، نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش بۇ!

**توي قىلىش تەلىپى قويۇش**

1. بۇ مەلۇم ئەرنىڭ مەلۇم ئايالغا تەقدىم قىلىدىغان نەرسىسى بولۇپ، بۇ ئايالنىڭ ئالىدىغان نەرسىسى ئىنتايىن كۆپ، بېرىدىغىنى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ئەر كىشى بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندە، ئاللىقاچان كېچىكىپ

دا ئىنتايىن يامراپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەر بىر ئامېرىكىلىق ئۆزىدىن باشقا ھەر بىر ئامېرىكىلىق بىلەن باراۋەر بولغاچقا، ھەر بىرى ئۆزىدىن باشقا ھەر بىر كىشىنى تونۇشقا، شۇنداقلا ئىجازەت ئېلىپ ياكى ئالماي ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» غا ئەسلىدە تۆۋەندىكىدەك يېزىلىشى كېرەك:

«بىز بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمىز: بارلىق كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولىدۇ؛ ياراتقۇچى تەڭرىم ئۇلارغا تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان بىر مۇنچە ھوقۇقلارنى ئىنئام قىلغان. بۇ ياشاش ۋە سان - ساناقسىز كىشىلەرنىڭ باشقا بىر كىشىنى ئورنىۋېلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى چەكسىز ئېچىنىشلىق قىلىپ قويۇش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئەركىنلىكنى، بولۇپمۇ كىشىلەرنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇرۇنلا چىقىشالماس دۈشمەن بولۇپ قالغانلىقىنى ئالدىن ئېنىقلىۋالماسلىق ئەركىنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بىر مۇنچە ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىللە باشقا بىر كىشىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىزدىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

(«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ ئەسلى ئورگىنالىدا مۇنداق يېزىلغان: «بىز بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇملۇق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىمىز: كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولىدۇ؛ ياراتقۇچى تەڭرىم ئۇلارغا تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان بىر مۇنچە ھوقۇقلارنى ئىنئام قىلغان، بۇ ياشاش، ئەركىنلىك ۋە بەختكە بولغان ئىزدىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»)

تونۇشتۇرغۇچى

ئۇ بىر ۋاستىچى. ئۇنىڭدا ھەم رېژىسسورنىڭ، ھەم تاماشىبىننىڭ ئىشتىھاسى بار بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا سىزنى ئوخشاشمايدىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈپ بازارغا سېلىشقا ماھىر.

توي

1. ئەر - ئاياللار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدسىزلىكى-

بولالايدىغان بولدى.

**تۇرمۇش**

كەڭ كۆلەمدىكى دىپلوماتىك ئىبارە. بەش خىل تەم تولۇق بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى. تۇتۇرۇقسىز سەۋەب. پەسكەشلىك بولمىسا مۇھەببەت بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى كاتتا تېما. باشقىلار ئۈچۈن ھەر ياققا قاترايدىغان كونكرېت ئۆي. ئېغىزدىن چىقىرالمايدىغان، كۆڭلىدە ئاغرىنىدىغان قىيىنلىش كېسىلى.

**تۇغما قابىلىيەت**

پېداگوگىكا باشتىن - ئاخىر چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەلگەن ھەممە تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن تونجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان نەرسە.

**تۇغۇلۇش**

1. بۇ ھەل قىلغۇچ خاتا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇش.

2. بارلىق ئاپەتلەر ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان، ئەڭ كۆڭۈلسىز ئاپەت.

**تۇل خوتۇن**

ھېسسىياتى تۇگەش شەكلى بىلەن ئېرى تاشلىنىۋەتكەن ئايال. شۇڭا ئۇ ئېرىنى سادىق ئەمەس دېيىشكە، قايتىدىن باشقا ئەرلەرنى تاللاش ھوقۇقىنى ئىشلىتىشكە ھەقلىق. دەل مۇشۇ سەۋەب تۇپەيلىدىن، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قانۇنلار تۇل خوتۇنلارنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشىنى قوللايدۇ. بۇنىڭغا جاۋاب تەرىقىسىدە بۇ ئاياللار دۆلەت ئۈچۈن ئادەتتىكى چاغلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدىكى توپ يەملىرىنى ياكى زۇڭتۇڭ سايلىمى ۋاقتىدىكى بېلەت تاشلىغۇچىلارنى ناھايىتى راۋان ھالدا تېخىمۇ كۆپلەپ تۇغۇپ بېرىدۇ.

**تۆمۈريول**

بۇ خىلى كۆپ بولغان مىخانىزملارنىڭ بىرى. ئۇ بىزنى ھازىر تۇرۇۋاتقان ماكانىمىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشىراق ياشىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغان يەنە بىر جايغا ئاپىرىپ قويىدۇ. تۆمۈريولنىڭ بۇ ئىقتىدا-

قالغان بولىدۇ. «ئىشنى تېپىش ئەرنىڭ، ئىشنى پۈتتۈرۈش ئايالنىڭ بولۇپ، تەڭرى رىبپىرى بولىدۇ.»

2. ئۆزىگە پايدىسىز بولغان ئىقرار قىلىش.

3. ئەر كىشىنىڭ تۇنجى قېتىم نوتۇق سۆزلىشى.

*ئەخمەق*

بىر - بىرىدىن زېرىكىپ تۇرغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن تەگىشىپتۇ:

- سەن، بۇرۇن نۇرغۇن يىگىتلەر كەينىمگە كىرىۋالغان، دەپ دائىم پو ئاتىسەن.

- ئەلۋەتتە شۇنداق.

- يەنە تېخى، تۇنجى قېتىم توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان ئەخمەق بىلەن توي قىلغان بولسام ياخشى بوپتىكەن، دەيسەن.

- مانا مەن دەل شۇنداق قىلدىم.

**تويىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋال**

توي قىلىشتىن ئىلگىرى، يىگىت: «ماڭا سىزلا بولسىڭىز بولدى» دەيدۇ، قىز: «مەن سىزنىڭ» دەيدۇ؛ توي قىلغاندىن كېيىن، يىگىت: «سىزگە مەنلا بولسام بولدى» دەيدۇ، بىراق قىز: «سىز مېنىڭ» دەيدۇ.

*تويدىن بۇرۇن ۋە كېيىن*

توي مۇراسىمىدا خۇش كەيپ بولۇپ قالغان مۇراسىم باشقۇرغۇچى بەختكە چۆمگەن بىر جۈپ قىز - يىگىتكە قاراپ سۆزلەپتۇ:

- تويدىن بۇرۇن ئەر سۆزلەيدۇ، ئايال ئاڭلايدۇ؛ توي قىلغاندىن كېيىن ئايال سۆزلەيدۇ، ئەر ئاڭلايدۇ؛ ئاخىرىدا ئەر - ئايال تەڭ سۆزلەيدۇ، قوشنىلار ئاڭلايدۇ.

**تۇزاق**

ئېپتىدائىي تۇزاق ياۋايى ھايۋانلارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىشلىتىلەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولغانلىقتىن، كېيىنچە كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇشقا كېڭەيتىش تەكلىپىنى بېرىشتى. ئىنسانلار ئەقىلغا مۇۋاپىق بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ھازىر ئىنسانلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلار بۇ خىل ئۆزگىچە ئەسۋابتىن ئوخشاشلا بەھرىمەن

- تۈنۈگۈن ئاخشام تۇگەپ كەتتى!

**تۈرمە**

1. جىنايەتچى بارلارغا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ماھارىتى ئۈستىدە ئويلە-نىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدىغان ۋاقىت ۋە سورۇن.

جىنايەتچى يوقلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈش تەسىراتى ۋە ئارزۇسى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇن.

2. بۇ ھەم جازاسى، ھەم مۇكاپاتلىشى بار بولغان بىر جاي. شائىرلار بىزنى «تاش تام تۈرمە بولالماس» دېگەنگە ئىشەندۇرۇشتى. لېكىن، تاش تام سىياسىي تەييارتاپلار ۋە ئەخلاق ۋەزخورلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىر بۇرۇندا نەپەس ئالغان ھامان، چىدىغىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

**تۈرمە ساقچىسى**

مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ توك تورى. ئۇ ھەر كۈنى جىنايەتچىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ، جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا باشقىلارغا قارىغاندا مۇلا-يىمراق بولىدۇ. جىنايەتچىلەرنىڭ تەلەپ يېرىمى ئۇلارغا چوقۇنىدۇ، قالغان يېرىمى ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ بېقىپ، ئاندىن چوقۇنۇش - چوقۇن-ماسلىقنى قارار قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ قىسىم مەھبۇسلار دورامچە-لىق قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق ئېلىشىش جەريانىدا، تۈرمە ساقچىسى يېڭىۋالسا جىنايەتچىلەرنىڭ تېخىمۇ چوقۇنىدىغانلىقىنى، يېڭىلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئازابلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىدۇ.

**تۈرمىدىن قېچىش**

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن ئەركىنلىك.

*ئىككىنچى قېتىمىم تۈرمىدىن قېچىش*

تۈرمىدىن قاچقان بىر جىنايەتچى قېچىپ كېتىپ بىر كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. مۇخبىر ئۇنىڭدىن قايتىپ كېلىش سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۇ: «مەن ناھايىتى تەستە ئۆيگە قايتىپ بارسام، ئايالىم: ‹ئۆلگۈر، تۈرمىدىن چىققىنىڭغا بەش سائەت بوپتۇ، شۇ چاغقىچە نەگە باردىڭ؟›، دەپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. . .» دەپتۇ.

رىنى غايىچىلار ئەڭ ياقتۇرىدۇ. چۈنكى، پويىز ئۇلارنى ئۆمىدكە تولغان هالدا ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**تۆھمەت**

1. ئۆزى قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما قىلىشقا پۇرسەت تاپالمىغان تۈرلۈك يامان قىلمىشلارنى يامان نىيەت بىلەن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئار تىپ قويۇش.

2. باشقىلار توغرىسىدا يالغان گەپ قىلىش - تۆھمەت، باشقىلار توغرىسىدا راست گەپ قىلىشمۇ تۆھمەت.

**تۆھمەتخور**

1. پىتنە - پاسات ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى.
2. تىرىك تۇرغۇزۇپ جېنىڭنى ئالىدىغان ئادەم.

**تۆۋەن ئىقتىدارلىق بالا**

ئەڭ ئەقىللىق ئەخمەق. ئۇ ئاقسۆڭەك پرولېتار. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر لۈك خىسلىتى - مەڭگۈ بېقىلىشتىن ئىبارەت.

*ئاتىسىنىڭ خەتىرى*

بىر كىشى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، گۇمۇش ئوغلىغا:
- بىرى ئۆيگە كېلىپ، داداڭ بارمۇ، دەپ سورىسا، دادام بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۆيگە كىرىڭ، دېگىن، - دەپتۇ. بالا بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. ئاتا بالىسىغا تازا ئىشەنچ قىلالماي، بۇ سۆزلەرنى قەغەزگە يېزىپ، ئوغلىغا بېرىپتۇ ۋە سەپەرگە كېتىپتۇ.

بالا ۋاقىت تاپسىلا قويىنىدىن قەغەزنى چىقىرىپ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى يادلىۋاپتۇ ۋە قەغەزنى ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى بىر مېھمان كېلىپ قاپتۇ ۋە بالىدىن:
- دادىڭىز ئۆيدە بارمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. بالا دەيدىغان گېپىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ۋە ئالمان - تالمان قويىنىغا قول ساپتۇ - دە، قەغەزنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىنى ئېسىگە ئېلىپ توۋلاپ كېتىپتۇ:
- تۈگىدى، تۈگىدى!
- نېمە؟ قاچان تۈگىدى؟!

*ۋەدىلىشىش*

يىگىتى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان بىر قىز خېلى ئۇزۇن كۈتكەن بولسىمۇ، يىگىتى كەلمەپتۇ. قىز تىت ـ تىت بولۇپ تېلېفون ئۇرۇپتۇ ۋە تېلېفوندىن ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا:

ـ تېزرەك كەلمەمسىز، ئۆلىدىغان بولدۇم! ـ دەپ ۋارقىراپتۇ.

قىز جىددىيچىلىكتە تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويغانىكەن، ئۇ تېلېفوندىن يىگىتىنىڭ ئاۋازىنى ئەمەس، باشقا بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ:

ـ ۋەي، ئادرېسىڭىزنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىڭ، بىز جەسەت ساندۇقى دۇكىنى، دەرھاللا يېتىپ بارىمىز!

**تېلېۋىزور**

1. ئېلېكترونلۇق ھەجۋىي رەسىم.
2. مەخسۇس كۆزلا بەھرىمەن بولىدىغان سېغىز كەمپۈت.
3. ئېلان قوبۇللىغۇچ.

**تېلېۋىزىيە پروگراممىسى**

1. كىشىنى ئەڭ مەپتۇن قىلىدىغان، بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ كەڭ تارقالغان، كىشىلەرگە ئەڭ مەلۇملۇق بولغان، ئىنتايىن تەسىرلىك نەرسە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇزاق كۆرۈپ كەتسە بەرداشلىق بېرەلمەي ئەسنەشكە توغرا كېلىدۇ.

2. تاماق يېمىسە، تېلېفون بەرمىسە تەپسىلاتىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغان پروگراما.

3. قىياپىتى بىمالال، مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل، ئەمەلىيەتتە بولسا مەڭگۈ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى يالماپ يۇتىدىغان، ئادەمنىڭ پىكرىنى قاشاڭ، زېھنىنى تۆۋەن، روھىنى ھارغىن قىلىۋېتىدىغان بىر خىل ئويۇن.

**تىجارەت**

بۇ مەھسۇلاتلارنى سېتىش، مۇلازىمەت قىلىش ياكى يالغان ئېلان ئىشلەش (بۇ ئەڭ كۆپ كۆرگىلى بولىدىغان ۋاستە) ئارقىلىق پۇل تېپىش كەسپى.

تۈزىتىش

تېخى ئىسپاتلانمىغان بىر خاتالىقنى دوستۇڭىنىڭ ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان، لېكىن قوللىغىلى بولمايدىغان خاتالىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش.

تېپىشماق تېپىش

ھورۇنلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ.

تېرە

ئۇ مەيلى يۇمران، مەيلى قېرىغان بولسۇن، پەرداز بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ غەللە ساندۇقى بولالايدۇ.

تېررورچى

مەخسۇس جىنايى ئىشلار دېلولىرى بىلەن ئاشقازىنىنى غىدىقلايدىغان ئىنقىلابچىلار. ئۇلار قىلغان ھەر بىر ئىش جاپاكەش ئاممىنىڭ بىر ئۆمۈر قىلالماقچى بولغان، ئەمما قىلىشقا ئامالسىز قالغان يۈرەكچى ئىشى. تېررورلەشتۈرۈۋېتىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكى تاسادىپەن تورغا چۈشۈپ قېلىش.

تېلېفون

1. بۇ شەيتاننىڭ كەشپىياتى. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى تۇيەيلىدىن، كىشىنى بىزار قىلىدىغان، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى بەزى ئەبلەخلەردىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

2. تېلېفون يۈزتۇرانە يالغان ئېيتالمايدىغان كىشىلەر ئىشلىتىدىغان ئېلېكترونلۇق سۆزلىشىش ئەسۋابى.

*تېلېفوننىڭ پايدىسى*

- ۋەي! ۋەي! مارى، كەچتە سىزنىڭكىگە باراي، بولامدۇ؟
- ماقۇل، بېل، كېلىڭ!
- ۋەي! تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قويمىغاندىمەن، مەن بېل ئەمەس!
- خاتالاشمىدىڭىز، مەنمۇ مارى ئەمەس. بىراق، خاتالاشقاندىكىن خاتالىشۇۋەرمەمدۇق!

بىخەتەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دوبلات يىغىنى ئۆتكۈزۈپتۇ:

- بۇ قەبىلىدىكىلەر باشقا قەبىلىدىكىلەرگە تامامەن ئوخشىمايدىكەن، ئەرلىرى كۆن بويى سارالڭلاردەك توختىماي ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، بىر دەممۇ توختاپ قالمايدىكەن. ئاياللىرى بولسا، قىمىرلاپمۇ قويماي ھاڭۋاق-قىنىچە ئەرلەرنىڭ ئۇسسۇلىغا قاراپ تۇرىدىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلى يوق ئىكەن.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى سوراپتۇ:

- تىلى بولمىسا، ئاياللار قانداق سۆزلەيدۇ؟

- ئىش شۇنداق ئىكەن، - دەپتۇ دوكلات بەرگۈچى، - ئاياللارنىڭ ئېغىز ئاچمىغانلىقى دەل ئەرلەرنىڭ كۆن بويى خۇشال - خۇرام ئۇسسۇل ئوينىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەن.

*تىل تەربىيىسى*

ئاتا: سۆزلىگەندە مەدەنىي بولۇش لازىم، «ئەبلەخ»، «ئاناڭنى» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ!

ئوغۇل: ماقۇل، دادا، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟

**تىلشۇناسلىق**

بالىلار ۋە دېۋانىلەر شۇنچە راۋان ئىشلىتەلىگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۇلار ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ.

*تىلشۇناسلىق قىزغىنلىقى*

فرانسىيىلىك گېرمانىيىلىكتىن سوراپتۇ:

- گېرمانىيىلىكلەر ئۇمىدۋارلار ۋە ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەرنى قانداق پەرقلەندۈرىدۇ؟

- بۇ ناھايىتى ئاسان، ئۈمىدۋارلار ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىدۇ، ئۈمىد-سىزلەنگۈچىلەر رۇسچىنى ئۆگىنىدۇ.

**تىللىشىش**

جامائەتچىلىكنى ئەڭ ئاسان جەلپ قىلىدىغان بىر خىل قىزىقارلىق مۇسابىقە. ئۇنىڭ غەلىبىسى شۆلگەينى جىق ھەم تېز چاچرىتىش بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

*دۇكان خوجايىنى*

پويىزدا بىر بوۋاي پاراڭغا چۈشتى.

— مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم بار، — دېدى ئۇ، — بىرى پروفېسسور، بىرى شائىر، يەنە بىرى مۇھەررىر.

— سىز نېمە خىزمەت قىلىسىز؟

— مەن بىر كىچىك دۇكاننى ئاچىمەن. دۇكىنىمنىڭ تىجارىتى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم بىلەن ئۈچ ئوغلۇمنى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ بېقىپ كېلىۋاتىمەن.

**تىجارەت كىنىشكىسى**

سودىگەرلەرنىڭ ئاشكارا ھالدا باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان قانۇنىي ئۇقتۇرۇش.

**تىرىشچانلىق**

پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قول تۇتۇشقان ھالدا يول بويى يورغىلاپ مېڭىپ ھاجەتخانىغا بېرىشى ياكى قاتتىق كۈلۈشۈپ، ئاندىن كېيىن ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىشى. ئىشچانلىق ۋە تىرىشچانلىق ھەر مىللەتنىڭ قەبرە سۆزى. زىددىيەتكە تولغان بىر خىل جاسارەت.

**تىل**

1. بىرىنچى تىجارەتچى.
2. بۇ بىر خىل مۇزىكا بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ بايلىقىنى ساقلاۋاتقان يىلاننى كەتكۈزۈۋېتەلەيمىز.
3. مەدەنىي قورال.
4. ئىككى يۈزى بار يوپۇرماق.
5. پوچتا ماركىسى چاپلاش ئەسۋابى.
6. ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى داۋالايدىغان جىددىي قۇتقۇزۇش دورىسى.
7. ئادەمنى بالاغا تىقىدىغان ئەزا.
8. ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان مۇھەببەت.

*دوكلات يىغىنى*

بىر گېزىتخانىنىڭ ئافرىقىغا بارغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى دۆلىتىگە

لەتلەر ئۇنىڭغا «يەلتاپان» ۋە «ۋەتەنپەرۋەر» دېگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبە-
لارغا قارىغاندىمۇ بەك ئۆچ. بەلكىم ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى ئۇنى
«ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنغان قورااللار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» گە كىرگۈ-
زۈشى مۇمكىن.

**تىنچلىق**

1. فىراك كىيىۋالغان، سوپ ئوقى بولۇپ، سەللا ئىھتىيات قىلىنمىسا خەلقنىڭ ئۆتىدىكى تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

2. تاھازىرغىچە ئىنسانىيەت بىلەن توي قىلىشقا ئېرىنىپ كېلىۋاتقان پەرىشتە.

3. بوكس مۇسابىقىسىدە بىلەكلەرگە سىلىقلاشتۇرۇش مېيى سۈرۈۋېلىش ئۈچۈن توختىتىلغاندىكى بىردەملىك ۋاقىت، ئەلۋەتتە بۇ ۋاقىت ئىچىدە تەرنى سۈرتۈۋالغىلى، نەپەس ئېلىۋالغىلى بولىدۇ.

4. بۇ خەلقئارالىق ئىشلاردا ئىككى ئۇرۇش مەزگىلى ئارىلىقىدىكى ئالدامچى ۋاقىت.

5. ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ مەقسىتى.

6. ئۇرۇش بىلەن ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى تەييارلىق باسقۇچى.

7. ئۆز ئارا ئالدىشىدىغان ۋاقىت.

*قەبرە سۆزى*

بىر بىچارە ئەر ئاخىر جاۋىلداق خوتۇنىدىن قۇتۇلۇپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كېتىپتۇ. يالغۇز قالغان ئايال ئۇزاق ئۆتمەي يالغۇزچىلىق ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ ئېرىنىڭ قەبرىسىنى ياسىتىپتۇ ۋە قەبرە تېشىغا مۇنۇ سۆزلەرنى يازدۇرۇپتۇ:

«سەن تىنچلىققا ئېرىشتىڭ، بۇنىڭ مۆھلىتى بىز ئۇچرىشىدىغان كۈنگىچە بولىدۇ!»

**تىنچلىق بايرىمى**

دۇنيادىكى يۇقىرالار ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنى تارقىتىۋېتىدىغان، دۆلەت چېگرىسى قىزلار ھەربىي ئوركېستىرى ۋە گۈللەر بىلەن تولۇپ كېتىدىغان كۈن.

**تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش**

ئۆز دۆلىتىدىكى توقۇنۇش ياكى ئىچكى ئۇرۇشتا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان يېڭى تىپتىكى قورالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى. نۇرغۇنلىغان دۆ-

رېمونتچىغا:

- ئېرىم بەك گۇمانخور، تېز بىر يەرگە مۆكۈۋېلىڭ، - دەپتۇ.

رېمونتچى ئامالسىز تېلېۋىزور قويۇلغان تومپۇچكىغا كىرىۋاپتۇ.

خانىمنىڭ ئېرى ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ، تېلېۋىزوردىكى پۇتبول پروگراممىسىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا رېمونتچىنىڭ پۇت-قوللىرى كۆيۈشۈپ، ئاخىر بولالماي تومپۇچكىدىن ئۆمىلەپ چىقىپتۇ.

ئەر گاھ تېلېۋىزورغا، گاھ خوتۇنىغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا سۆزلەپتۇ:

- توۋا، ماۋۇ ئاداشنى رېپىرى جازالىمىغاندەك قىلىۋىدى، ئۆزىچىلا مەيداندىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ!

**جازا ئەترىتى**

قانۇنلۇق ھالدا باشقىلارنى ئوق بىلەن بېقىشقا تايىنىپ ياشايدىغان ئادەملەر. بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ۋىجدانلىق ياشايدۇ، ئۇلار ھەممىشە سودىيەنىڭ خاتالىقىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مىلتىق-نىڭ ئىستوۋۇلىنى مەڭگۈ باشقىلارغا تەڭلەشتىن ئىبارەت.

**جازا قوراللىرى**

ئەڭ ياخشى بەدەن قۇۋۋىتىنى ئۆلچەش ئەسۋابى. قەدىمكى شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش.

**جازا مەيدانى**

ئۆلگەنلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان جاي.

**جاز مۇزىكا**

شاۋقۇن.

**جاسۇس**

1. باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى سېتىش بەدىلىگە جان باقىدىغان ئادەم. بۇنداق ئادەملەر جان - دىلى بىلەن پەسكەشلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

2. ئۆتكۈر كۆز، سەگەك قولاقلىق ۋە ئالاھىدە پۇراش سېزىمىغا ئىگە ئادەم.

# ج

**جاراھەت**

باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان ئەڭ سەممىي تىلىكى. ھاياتنىڭ كىشىلەر-نىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدە خۇددى تاشتەك مىختا تۇرۇ-شىغا ياردەم بېرىشى.

**جازا**

1. بۇ خۇشاللىقنىڭ كەينىگە چىڭ چاپلاشقان قوشۇمچە بۇيۇم. قوش نىكاھلىنىش خۇشاللىقىغا ئېرىشكەن ئەرلەر ئۇچۇن ئىككىي قېينانا ئەڭ ياخشى جازا ئەمەسمۇ؟!

2. يەڭگىلتەكلىكنىڭ جازاسى - توي قىلىش ۋە بالا بېقىش.

*تەگىرنىڭ سوئۇغىتى*

بىر جۇپ ياش ئەر - خوتۇن كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن قاتتىق تەگىشىپ قاپتۇ.

ئايال: سەن ئۇچىغا چىققان ئالدامچىكەنسەن! بىر ئاي بۇرۇن مېنى نېمە دېگەنتىڭ؟

ئەر: تەڭرى ماڭا بەرگەن، دېگەن.

ئايال: ھازىرچۇ؟

ئەر: ھازىرمۇ شۇنداق دەيمەن.

ئايال: راستمۇ؟

ئەر: شۇنداق بولمايچۇ، سەن تەڭرى ماڭا بەرگەن جازا تۇرساڭ!

*پۇتبول مەستانىسى*

بىر خانىم تېلېۋىزورىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا رېمونتچى تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ تۇيۇقسىز ئېرىنىڭ ئىشىك ئېچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ،

3. ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جىنايەت بىلەن جازانىڭ ئارىلىقىدا تۇرغان بىر خىل كەيپىيات.
4. ئاتىلارنىڭ بىردىنبىر يېتەرسىزلىكى.

*كاجلىق*

كاج مىجەزلىك بىرى ئۆيىگە كەلگەن ئاغىنىسىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئوغلىنى گۆش ئەكىلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئوغلى گۆشنى ئېلىپ كېلە-ۋاتقاندا بىر كىشى بىلەن تاكاللىشىپ قاپتۇ. ئۇ كىشىمۇ تەرسا مىجەز ئادەم ئىكەن. ئىككىسى بىر - بىرىگە زادىلا بوي بەرمەپتۇ. ئوغلىنى ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان ئاتا ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ، ئوغلىنىڭ بىرى بىلەن تىركىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئوغلىغا دەپتۇ: «يارايسەن بالام، سەن گۆشنى ئېلىپ ئۆيگە كېتىۋەر، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ باقاي، قېنى، قايسىمىزغا يول قويىمىزكىن!»

جاۋاب

ھەر بىر جاۋاب ئەخمەقلەرگە قويۇلغان بىر تۇزاق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇئەييەنلەشتۈرگەن بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە تايىنى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

جاۋابكار

شىكايەت قىلىنغان بىر ئادەم بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاك - گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ جىنايەتكار ھېسابلىنىپ تۇرىدۇ.

جەننەت

1. باج تاپشۇرۇلمايدىغان جاي.
2. ھاۋا ئانا پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى ئېرەن باغ.

*جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا*

جىم بىلەن يوھان جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

جىم: سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

يوھان: مەن توڭلاپ ئۆلگەن، سەنچۇ؟

جىم: مەن ئايالىمنىڭ بەزى ناشايان ئىشلىرىنى سېزىپ قالدىم - دە، ئۇنى ئازدۇرغان ئاشنا ئەبلەخنى تۇتۇۋېلىش نىيىتىدە ئۆيگە بالدۇرراق

3. خوتۇنۇڭنىڭ دوستى.

*ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى*

باش شتاب A دۆلەتتە تۇرۇشلۇق جاسۇسنى زوڭتوڭغا ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابىنى ئورنىتىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئاللىقاچان زوڭتوڭنىڭ خۇسۇسىي چىش دوختۇرى بولۇۋالغان جاسۇس ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا زوڭتوڭنىڭ يالغان چىشىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئاخباراتلار باش شتابقا كېلىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى، باش شتاب ئۈچ ئاخبارات تاپشۇرۇۋاپتۇ. بىرىنچىسىدە، زوڭتوڭنىڭ دۇنيا گۈزىلىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ؛ ئىككىنچىسىدە، غايەت زور ئاۋاز ئاڭلىنىپتىكەن، باش شتابتىكىلەر يادرو بومبىسى پارتلىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ؛ ئۈچىنچى قېتىم كەلكۈننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كەينىدىن ھېچقانداق سادا كەلمەپتۇ.

ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن، زوڭتوڭ دۇنيا گۈزىلى بىلەن سۆيۈشكەن چاغدا، ئېھتىياتسىزلىقتىن يالغان چىشنى يۇتۇۋالغانىكەن، بۇ چاغدا ئاڭلانغان ئاۋاز ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ غۇلدۇرلاپ كېتىشىدىن چىققانىكەن. كەلكۈن بولسا ھاجەتخانىنىڭ سۈيى ئىكەن. يالغان چىش سۇ يولىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن كېلىدىغان ئاخباراتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇملۇق.

**جاللات**

بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان بىر خىل ئادەم. ئۇنىڭ كەسپى باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭكىدىنمۇ ھۆرمەتلىك. لېكىن، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئاتا ـ بوۋىلىرى بار ئامما ئومۇميۈزلۈك ئۇنىڭغا ئۆچ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل ئۆچمەنلىككە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مەلۇم شتاتىدا جاللاتنىڭ ئورنىنى ئېلېكتىر قوراللار ئىگىلىۋالدى.

**جاھىللىق**

1. مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر خىل قاتتىق پوستلۇق مېۋە.
2. ئاخىرىدا ئاغزى ـ بۇرنىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ ياقتۇرمايدىغان مەلۇم كۆز قاراشتا قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇرۇش.

**جىنايەت ئۆتكۈزۈش**

1. تۇرمۇشنى ھەددىدىن زىيادە سۆيۈش ياكى ھاياتلىقتىن ھەددىدىن زىيادە نەپرەتلىنىش قىلمىشى.

2. يېقىن يولدا مېڭىشنى قەستلىگۈچىلەرگە كەلگەن ئاپەت.

*سەۋەب*

كادىرلار بۆلۈمىنىڭ كادىرى شىركەتكە ئىش ئىزلەپ كەلگەن كىشىدىن سوراپتۇ:

- سىز ساقچىخانىدا تۇتۇلۇپ تۇرۇلغانمۇ؟
- ياق.
- سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
- مەن ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالمىغان.

**جىنايەتچى**

بەزى دۆلەتلەردىكى تەلىيى ناچار بۇزۇق كىشىلەر.

**جىنايى ئىشلار ساقچىسى**

1. يەر يۈزىدىن يۇلتۇز ئىزدەيدىغان ئادەم.

2. پۇتىغا تايىنىپ جىنايەتچىنى قوغلايدىغان دۇرۇس ئادەم.

3. ساھىبجامالنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ساھىبجامالغا قارىماي، ئۇنچە - مەرۋايىتقا تىكىلىدىغان ئادەم.

**جىنسىي ئايرىما**

مۇندىن كېيىن ئەر ئەرگە ئايلىنىدۇ، ئايال ئايالغا ئايلىنىدۇ.

*يوپىنىڭ باش قېتىنچىلىقى*

يوپ توي قىلىۋاتقان بىر جۈپ ياشنىڭ نىكاھىنى ئوقۇۋېتىپ سەل تەمتىرەپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇ كىمنىڭ يىگىت، كىمنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويلىنىۋېلىپ بىر ئەقىل تېپىپتۇ:

- قېنى، يىگىت يېڭى كېلىننى سۆيسۇن.

**جىنسىي بىلىم**

1. بالىلارنىڭ بىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قاراش، ھازىرقى دەۋردىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ نادانلىقى.

قايتقانىدىم، بىراق ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇ ئەبلەخنى تاپالمى-دىم. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك كېسىلىم قوزغىلىپ قالدى - دە، ئۆلۈپ قالدىم.

يوھان: ھەي ئېسىت، ئەگەر سەن توڭلاتقۇنى ئاختۇرغان بولساڭ، ھەر ئىككىمىز ئۆلمىگەن بولاتتۇق.

جۇغراپىيە

1. دۆلەت زېمىنىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل ئىلىم.

2. چاچ، ئۆڭ، كۆكرەك، پېشانە، قورساق ۋەھاكازالار توغرىسىدا يېزىلغان تەپسىلىي دوكلات.

جۇغراپىيىشۇناس

بۇ كاساپەت سىزگە دۇنيانىڭ سىرتقى قىسمى بىلەن ئىچكى قىسمىنىڭ پەرقىنى دەرھال ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

جۇمھۇرىيەت

بۇ بىر خىل دۆلەت. بۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىمۇ دەل ھۆكۈم-رانلىق قىلىنغۇچى بولۇپ، پەقەت ئومۇم ئېتىراپ قىلغان بىر خىل نوپۇز غەيرىي زورلاش خاراكتېرلىك بىر خىل بويسۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بىر جۇمھۇرىيەتتىكى جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئاساسى كىشىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلى-رىدىن مىراس قالغان، كۆنىېرى ئاجىزلىشىۋاتقان بويسۇنۇشتىن ئىبارەت تۇغما تەبىئىتى بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھەقىقىي ھۆكۈم-رانلىق قىلىنغۇچىلاردۇر. ئۇلار شۇنىڭ ئۇچۇن باش ئەگكەنكى، ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا ئامال بولمىغان. جۇمھۇرىيەتنىڭ خەلقلىرى خۇددى مۇستە-بىت ھۆكۈمەت بىلەن ھۆكۈمەتسىزلىك ئارىلىقىدىكى دەرىجىلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى كۆپ. جۇمھۇرىيەتنىڭ كېلىش مەنبەسى مۇستەبىت ھۆكۈمەت بولۇپ، ئاخىر ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى

يىگىرمە تۆت سائەت ھەقسىز مۇلازىمەت قىلغۇچى.

جىن

ئىچكى دۇنيادىكى ۋەھىمىنىڭ سىرتقى دۇنيادىكى ئىپادىلىنىشى.

# چ

**چاچ**

1. ئىنسانلار ئاشكارا كۆرسىتەلەيدىغان بەدەن تۈكىنىڭ بىر قىسمى. ئۇنىڭ باشقا بەزى مەخپىي تۈكلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق. بىراق ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنچە ئەتىۋارلىنىپ كۆز ـ كۆز قىلىنىشى تېخىچە بىر سىر.

3. مەيلى ئۇزۇن، مەيلى قىسقا بولسۇن، ھەممىسى ساتىراشنىڭ بايلىق مەنبەسى.

4. شەكىل چىقىرىش ماتېرىيالى.

5. باشنى قاپاقتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە.

*بىخەستەلىك*

ـ قىزچاق، چېچىڭىز يالغان ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداق، لېكىن دۇكان خوجايىنى ئۇنىڭ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دېگەنىدى.

ـ شۇنداق، لېكىن سىز چاچنىڭ ماركىسىنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپسىز ئەمەسمۇ.

**چاچ پاسونى**

يۈز شەكلىنى خىلمۇخىل ئۆزگەرتىشكە يول قويىدىغان بىر خىل ۋاز كېچىش.

**چاشقان**

ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك قوشنىسى.

ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتكەن تۈرلۈك سۇيىقەست ۋە زوراۋانلىقلىرىنى ھامان كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ماختىنىغۇدەك

2. ئۇستاز كەتمەيدىغان بىلىم.

جىنسىي تەربىيە

ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەندىلا «گۈل بىلەن ھەسەل» نىڭ پرىنسىپىنى بىلگىلى بولىدۇ.

*ئىنچىكىلىك*

يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالا بىلەن ئالتە ياشلىق قىز بالا يولدا كېتىۋاتقان-دا، ئوغۇل بالا دەپتۇ:

- ئەكەل، قولۇڭدىن يېتىلىۋالاي.
- ھەي، ئەدەپلىكرەك بول جۇمۇ!

*تەربىيە*

ئانىسىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن بىر قىزچاق بىر يىگىتتىن تويۇق-سىز سوراپتۇ:

- سىز پاكىزمۇ؟
- ئەلۋەتتە.
- ئۇنداق بولسا سىز پاسكىنا ئىكەنسىز.
- نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟
- ئاپام ماڭا دائىم مۇنداق دەيدۇ: چوڭلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىغان، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان ئادەم خۇددى داداڭغا ئوخشاش پاسكىنا ھايۋان بولىدۇ.

جىنسىي تەلەپ

توسۇۋالغىلى بولمايدىغان سىماب بولۇپ، خالىغان چېغىدا ئېتىلىپ چىقىشى مۇمكىن.

جىنسىي كېسەل

1. سېسىپ قالغان گۆشنى يېگەننىڭ جازىسى.
2. ئەرزان پۇلنىڭ شورپىسى ئېتىماس.

**چاۋاك چېلىش**

چاۋاك چېلىش، مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى ئەستايىدىل ئاڭلىدىم، ئەمدى مەن ساڭا بېرىدىغان باھايىمنى ئېيتماقچىمەن، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاتالمىش تولغىما مۇزىكىلار بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتتۈەتتى، بۇ يەردىكى كىشىلەر باھا بېرىش ۋە زوقلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇزىكىغا كىرىپ كېتىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن تاپىدىغىنى، خۇشاللىق ئەمەس، تونۇشۇش، بەخت ئەمەس، مۇبالىغە قىلىش بولىدۇ؛ بۇ يەردە مۇزىكا بارلىق شەخسىيەتچىلىك ۋە راھەتپەرەسلىكلەرنى چۈۋۈۋېتىلگەن ھەرە كۆنىكىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

**چاۋاك ساداسى**

بۇ مۇنبەردە شالىنى چاچرىتىۋاتقان نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە بەزمە قىلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان تىڭشىغۇچىلارنى ئويغىتىپ قويىدۇ.

**چەت ئەل ئەدەبىياتى**

ئەسلى تېكىستنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغان، تەرجىمىسىنى ئوقۇپ قانائەت تاپمايدىغان، نائىلاجلىقتا ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ئەسەر.

**چەت ئەل تىلى**

ھەر خىل دىئالېكتلار.

ئۇنىڭ پايدىسى نۇرغۇنلىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى، شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن، ئېغىز تەرجىمىسى، يېزىق تەرجىمىسى، شۇنداقلا تەرجىمانلار ئۈچۈن سېلىشتۇرما لۇغەت تۈزىدىغان ئادەم ۋەھاكازالار.

**چەكسىز**

ئادەمنى پەخەس بولۇشقا مەجبۇرلايدىغان قورال: يەر شارى چەكلىك، ئىنسانلارنىڭ ھاماقەتلىكى بولسا چەكسىزدۇر.

**چوقۇنۇش**

تەنە بىلەن تولغان ئېھتىرام، مەنئۇيەتنىڭ نەشىسى ياكى ھەممە جايدا

ياخشى پەزىلىتى شۇكى، ئۇ ئەزەلدىن خوتۇنلىرىمىزنىڭ پىيىگە چۈشۈپ باقمىغان.

**چاقچاق**

بارلىق سەنئەتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى، ئىنسانىيەت بىلەن هايات - ماماتتا تەقدىرداش بولغان ئاقسۆڭەك، هەقىقىي دېڭىز سۈيى ۋە ئاسمان.

**چاقماق**

نۇر، ئاۋاز، ۋەھىمىدىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال سەنئەت، تەبىئەتنىڭ ياۋۇز نامايىشى. چاقماق قايتۇرغۇچ كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ئالۋاستىنىڭ خىرىس قىلىشى، دەپ خاتا قارىلىپ كەلگەن. بۇ ئالدامچىلىق ئېچىپ تاشلانغان هامان، ئالۋاستىمۇ ئۇنچىۋالا ۋەھىمىلىك بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدى. چاقماقمۇ زور زىيانغا ئۇچراپ كىشىلەر كۆزىگە ئىلمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدى.

**چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش**

پاتېنت هوقۇقى ئادولف گىتلىرگە مەنسۇپ بولغان، بىر قەدەر تېز غەلىبە قىلىدىغان شەپقەتلىك ئۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سىزنى تېز سۈرئەتتە هالاك قىلىپ، سىزنىڭ ئىشتىن بۇرۇن ۋەھىمىگە چۈشۈپ غال - غال تىترەپ كېتىشىڭىزگە يول قويمايدۇ. ئەپسۇسكى، گىتلىرنىڭ بۇ بىلىم ئىگىدارچىلىق هوقۇقى ئەزەلدىن ياخشى قوغدالمىماي، هوقۇقىقا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان تۈرلۈك ۋەقەلەر قايتا - قايتا يۈز بېرىپ كەلمەكتە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭى ناتسىستلار ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇگۇنكى كۈندە ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇش ئېلان قىلىشۋېتىپتۇ.

**چاقىرىق**

كىشىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىۋېتىدىغان ياكى يۈرەك رىتىمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغان ۋاقىتلىق خاراكتېرگە ئىگە دىن.

**چاۋاك**

ئورۇندىغان ئويۇنۇڭ مەيلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن - بولمىسۇن، باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان سوۋغات.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق يالغان سۆزلەر كۆپىنچە ھاللاردا كەلگۈسى يىل-
لاردا راست گەپكە ئايلىنىپمۇ قالىدۇ.

**چۆچەك دۇنياسى**

مۇزدىن ئوت چىقىرىش. ھەممە كىشى بۇ دۇنيادا ياشاۋېتىپ چۆچەك
چۈشى كۆرۈشنى خالايدۇ، لېكىن بۇ دۇنيا خۇددى قول سۇرتىدىغان قەغەز-
دەك بىرلا سىلكىسە يىرتىلىپ كېتىدۇ.

**چۈش**

جەزمەن سۆزلەشمىسە بولمايدىغان رەپىقە.

**چۈشكۈنلىشىش**

ئەپۇ قىلغىلى بولمايدىغان بارلىق گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىش. غەلىتە
يېرى، بەزى كىشىلەر چۈشكۈنلەشكەن ھامان ياشىرىپ كېتىدۇ.

ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى. بۇنىڭدىن ئەللىك يىل-
لار بۇرۇن، بىر ئايال باسقۇنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇ ئاشۇ ئەرگە چىلق
چاپلىشىۋېلىپ، ئۇنى توي قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى، شۇنداقلا ئۆلگۈچە
سادىقلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلايتتى؛ بۈگۈنكى كۈندە بولسا، بىر ئايال
بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىسا، ئۇ ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايدۇ، بەلكى
ئۇنى پەقەت بۇ ئۇزۇن جاھاندىكى بىر ئۆتكۈنچى مېھماندىنلا ئىبارەت، دەپ
قارايدۇ.

**چۈشىنىش**

مۇھەببەتلىشىشنىڭ باھانىسى.

*چۈشىنىشنىڭ ئۇسۇلى*

- مەن قارشى تەرەپنى چۈشەنمىگۈچە، ئۇنىڭ مېنى سۆيۈشىگە يول
قويمايمەن.

- مەنمۇ شۇنداق، بىراق سىز مېنى سۆيۈپ بېقىڭ، بەلكىم ماڭا
بولغان چۈشەنچىڭىز چوڭقۇرلىششى مۇمكىن.

*قانداق ئىزھار قىلىمەن*

يىگىت: مەن سىزنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. مۇھەببىتىمنى
سۆز ئارقىلىق ئىزھار قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن.

بار بولغان بايراق؛ زۇڭتۇڭ، زەردار، توپ چولپىنى، ناپولېئون، تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى، داڭلىق پىكاپ، مودېل. . . ھالبۇكى ھەر قانداق چوقۇنۇش بىر خىل مەنىۋى نامراتلىقتىنلا ئىبارەت.

**چوڭ شەھەر**

مەھەللىۋازلىقنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى.

**چوڭ كەچۇرۇم**

1. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي جىنايەتچىلەرنى ئەپۇ قىلىشى. چۈنكى، كالۋا ساقچىلار تەنتەكلىك قىلىپ ئۇلارنى قولغا ئېلىپ قويغان.

2. دۆلەتنىڭ ئىنتايىن زور بەدەل تۆلىگەندىلا جازالىغىلى بولىدىغان جىنايەتچىلەرگە كەڭچىلىك قىلىشى.

**چوڭ مېڭە**

ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ھېلىدىن - ھېلىغا قوسقۇسى كېلىشى.

**چولپان**

1. ئاقار يۇلتۇز.

2. ئۆزىنى ئېھتىياتچان بولماي ياشىسام بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەم.

3. رېژىسسورنىڭ يەمچۈكى.

*بىر تال چاچ*

بىر ئايال چولپان ئۆزىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ خەتلىرىگە جاۋاب خەت يازغاندا، خەتنىڭ ئارىسىغا بىر تال چاچ سېلىپ قويىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى دوستى سوراپتۇ:

- سەن ھەر بىر پارچە خەتكە بىر تالدىن چاچ سالغىلى تۇرساڭ، ئۇزاق ئۆتمەي تاقىر باش بولۇپ قالمامسەن؟

- بۇنىڭدىن غەم يېمە، خەتنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويىدىغىنىم ئىتىمنىڭ تۈكى.

**چۆچەك**

ئەدەبىي قىممەتكە ئىنتايىن باي بىر خىل يالغان سۆز.

ئەڭ ئىنساني بولمىغان تەنتەربىيە چېنىقىشى.

چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

بۇ ئۆسۈملۈكلەرنى ئالداش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆسۈپ يېتىلىشتە تايىنىدىغان ھاۋادىن ئايرىۋېتىش. قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۆلگەن كىشىلەرنى چىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلاتتى. نەتىجىدە ھايۋانلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆپىيىش تەكشۈرۈشلۈكى قالايمىقانلىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، نوپۇ- سى كۆپ قەدىمكى دۆلىتى نامرات، تاقىر زېمىنغا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان مېتالدىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىمۇ چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، ئالىيبورۇن بىر دەرەخكە ئايلە- نىپ قوشنىسىنىڭ چىملىقىغا زىننەت قوشۇشقا ياكى ئالىيبورۇن سەۋزىگە ئايلىنىپ قوشنىسىنىڭ زىيابەت ئۈستىلىنى موللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بول- غان نۇرغۇنلىغان جەسەتلەر چىرىپ ئوغۇت بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەل- مەي، قىلچە پايدىسى بولمىغان ھالدا يەر قوينىدا ياتماقتا.

چىش

چىشنىڭ تۆھپىسى تاھازىرغىچە ئادىل باھاغا ئېرىشىپ باققىنى يوق. ئەمەلىيەتتە بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا چىش - بىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىشكىمىز. ئۇنىڭ ھەقىقىيلىكى ئالماستىن تۆۋەن ئەمەس.

چىش ئاغرىقى

بىزنى ئۆتمۈشنى ئەسلەشتىن ۋاقتىنچە توختىتىدىغان تەبىئىي ياخشى رېتسېپ. چىش ئاغرىغان چاغدا ھەر قانداق كىشى رېئاللىقتىن ھەددى- ھېسابسىز ھالقىپ كېتەلەيدۇ.

چىش دوختۇرى

1. بېيىشنىڭ مارىغۇچىسى.

2. ساھىبجامالنىڭ لېۋىگە يېقىن كېلەلەيدىغان، ئەمما سۆيەلمەيدىغان بەختسىز ئادەم.

*سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن*

چىشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن بىر قىز چىش دوختۇرىنىڭكىگە كۆرۈن-

قىز: بۇ ئاسان، قولۇمغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويسىڭىزلا بولدى.

*بېشارەت*

ئەر: تۈنۈگۈن كېچە سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، ئېيتىڭچۇ، بۇ نېمىدىن بېشارەت بېرىدۇ؟

ئايال: بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە قارىغاندا چۈشىڭىزدە ھېسسىياتقا باي ئىكەنلىكىڭىزدىن بېشارەت بېرىدۇ.

**چېگرا**

1. بۇ سىياسىي، جۇغراپىيىۋى، ئىقتىسادىي ئاتالغۇ. ئۇ بەزىدە كونكرېتلىشىپ ئىككى دۆلەتنىڭ بىر دانە مىكىئاياغىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئۈچۈن مۇشت كۆتۈرۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

2. بۇ سىياسىي، جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قىياسەن بىر ئايرىش سىزىقى سىزىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ قىياسىدىكى ھوقۇقىنى يەنە بىر دۆلەتنىڭ قىياسىدىكى ھوقۇقىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

**چېلىشىش**

يولداشلار ئارىسىدىكى دائىملىق ئالاقە. بۇ تۇرلۇك ۋاپادارلىقلارنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر خىل زۆرۈر ۋاستىسى.

*ئالاھىدە مۇسابىقە*

چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى بىلەن ئايالى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئىككىسىلەن پومىداقلىشىپ كەتتى. بالىسى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاجرىتالماي، ئاخىرى پۇشتەك چېلىشقا باشلىدى.

چېلىشچى دەرھال ئۆزىنى بىر چەتكە تارتتى ـ دە، ئوغلىدىن سورىدى:

ـ قايسىمىز قائىدىگە خىلاپلىق قىلدۇق؟

ـ مۇسابىقە ئاخىرلاشتى! ـ دەپ ۋارقىرىدى ئوغلى.

ـ بولمايدۇ! ـ دەپ تۈۋلىدى چېلىشچىنىڭ ئايالى، ـ يېڭىش - يېڭىلىش تېخى ئايرىلمىدى، سەن ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بەر!

**چېدام كۆچى**

ئاستىنقى - ئۈستۈنكى چىشلارنىڭ جېنىنىڭ بارىچە كۆچ سىنىشىشى،

# خ

## خاتا تۇيغۇ

ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ھاۋارايى قىلىۋېلىش.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، ئامېرىكا ئارمىيىسىدىكى رەڭ-لىك كۆزەينەك تاقايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر، ياش، قاۋۇل بىر ئامېرىكا ئەسكىرى ئون ياپون ئەسكىرىگە تېتىيدۇ، دەپ قارىغانىدى. قارىماققا بۇ ياپون ئەسكەرلىرى بەئەينى قېلىن قەغەزگە ئورالغان پوسۇلكىغا ئوخشايت-تى، ئۇلار ھەم مەينەت، ھەم جىۋەك بولۇپ، ھېلىلا پىتىراپ كېتىدىغان-دەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قالايمىقان باغلانغان گوجەيلىرى، كېلەڭسىز ھەر-بىي چاپانلىرى، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتانلىرى بەك كۈلكىلىك ئىدى. بۇنداق ئوبراز كىشىلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قوياتتى. شۇنداقلا بۇ خاتا تۇيغۇ پەيدا بولغان ھامان، ئۇنى يوقىتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. پېرل خاربور ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويغاندىن باشلاپ، ياپونلۇقلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاتا تۇيغۇسى ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى.

## خاتالىقى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش

بۇ بىر خىل پىسخىك پائالىيەت بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىز بىلەن تونۇگۇنكى ئىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇ-ۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە بىز قايتا يولۇقۇپ قالمايدىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنالا-يمىز.

## خاتىرە مۇنارى

بۇ بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، ھېچقانداق خاتىرىلەش زۆرۈرىيىتى بولمى-غان ياكى خاتىرىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنى خاتىرىلەشكە ئىش-لىتىلىدۇ.

گىلى بېرىپتۇ.

- ئەپەندى، - دەپتۇ ئۇ دوختۇرغا، - دېمەكچى بولغانلىرىم بەلكىم ئەمەلىي بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭچە بالىلىق بولۇش چىش ئاغرىقىنى تارتىشتىن ئاسانراق بولسا كېرەك.

- ئۇنداق بولسا سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، - دەپتۇ چىش دوختۇرى، - شۇ تاپتا سىزنىڭ چىش تارتقۇزغۇڭىز بارمۇ ياكى بالىلىق بولغۇڭىز بارمۇ؟

چىش كولىغۇچ

ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇتۇش قىممىتى - چىش دوختۇرىنىڭ ئۆز چۈشىدە قىزىل گۈل ھەمراھ بولغان بىر كىچىك يولۋاسنى مەڭگۈ كۆرۈپ تۇرالىشىدا.

چىشى جىنس

قارمۇقارشى ئىككى جىنس ئىچىدە، مۇكەممەل ھېسابلانمايدىغان ھې-لىقى جىنس.

چىملىق

چەكسىز يايلاقلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ شەھەرنىڭ كاسىسىغا ئۇنگەن بىر تۇتام تۈك.

ئۇلارنىڭ سېتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

خانىش

بۇ بىر ئايال بولۇپ، پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا، ئۇ پادىشاھنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى بولىدۇ، پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن پادىشاھلىق ئۇنىڭ نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر قورچاقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

خەت

1. مەن يېزىقنىڭ مەھشەر كۈنىنى ئالدىن پەرەز قىلالايمەن. ئۇ بارا-بارا كىچىكلەپ كىشىلەر زادىلا ئېنىق كۆرەلمەيدىغان ھالغا چۈشىدۇ. بىراق كىشىلەر بۇنى قىلچە سەزمەيدۇ. يېڭى تىپتىكى بىر كونۇپكا تاختىسى ھەممىگە قادىر خەت يىلتىزى بولۇپ قالىدۇ!

2. تۇراقلىق ئۇبرازى بار بولغان تىل.

*پەرەز قىلىش*

ئاتا خەت يېزىشنى مەشىق قىلىۋاتقان ئوغلىدىن سوراپتۇ:

- قايسى سۆزنى يازدىڭ؟

- سىز ياخشى كۆرىدىغان سۆزنى.

- ما بالىنى، ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟

- راست دەۋاتىمەن، مانا قاراڭ، «ھاراق» دېگەن سۆزنى يازدىم.

- يارايسەن! مەن تېخى ئاپاڭنىڭ ئىسمىنى يازغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن.

خەتەر

باتۇر كىشىلەر چۈشىدە زاڭلىق قىلىدىغان نەرسە، بىراق ئۇلار ئويغانغان ھامان، باشلامچى بولۇپ قويرۇقىنى خادا قىلىدۇ.

خەرىتە

خوجا بولۇش كەيپىياتىغا تولغان مۇددىئا. ئاشۇ مۇددىئا تۈپەيلى ئاجايىپ گۈزەل تاغ - دەريالار بىر جۈملە چاقچاق ئىچىگە دەپنە قىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، خەرىتە - ئۆلچەملىك بولمىغان كاردىئوگرامما.

**خاسلىق، ئىندىۋىدۇئاللىق**

كۆزى كىچىكلىك قىلىش. رىقابەتلىشىۋاتقان شەخسىي ماھارەتلەرنىڭ كاتتا مۇسابىقىسى.

**خاسىيەتلىك ئادەم**

دائىم باشقىلار بىلەن بوي ئېگىزلىكىنى سېلىشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم.

**خام چوت**

1. كوللېكتىپنىڭ بېسىم كۆرسەتكۈچى.

2. ئادەمنى بەختىيار تۇرمۇشتىن ئۈمىد ئۈزدۈرىدىغان رەقەم.

3. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەلنىڭ بىر قىسمى.

*مىساچى ئايال*

ئايال A : ئېرىڭ يازدا ياكى يىل ئاخىرىدا سېنى بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي دېمەمدۇ؟

ئايال B : دېمەيدىغان ئىش بولامدۇ! ئۇ ھەر يىلى مېنى بۇ ئىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ.

ئايال A : قاراپ باقسام، سەن بىرەر قېتىم سەپەرگە چىققاندەك قىلمايسەن.

ئايال B : ئېرىم ھەر قېتىم سەپەرگە چىقىشقا تەكلىپ قىلغاندا، مەن قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى تازا ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆرىمەن ـ دە، بولدىلا، بۇ قېتىم توختاپ تۇرايلى، دەيمەن.

**خام خىيال**

1. ئىنتايىن ھۆرمەتلىك بىر ئائىلىدىكى ئاتا. بۇ ئائىلە قىزغىنلىق، شەپقەت، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ساداقەت، ئۈمىد، قېرىنداشلىق مېھرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇماق پەرزەنتلەردىن تەركىب تاپقان.

2. ھۆجرىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ، توك ئىشلەتمەيلا ئەركىن كۆرگىلى بولىدىغان تېلېۋىزور.

**خانقىز**

بۇ توي قىلمىغان قىزلارنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇلغان ماركا بولۇپ،

خرۇستال كەش

گۆھەرنى پۈتقا كىيىش. چۆچەككە قارىغاندا سەل - پەل ئېغىرراق سىمۋولىزم.

خوتۈن

1. ئەڭ ئاسان ئىشنىپ قالىدىغان جاسۇس. ئەگەر سىزنىڭ دۈشمە-نىڭىز بىر پىچاق بولسا، ئۇنداقتا خوتۇنىڭىز ئۇنىڭ شېرىن تىغى. ئەر كىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇكى، ئۇ بىر ئۆمۈر پىچاق بىسى ئۈستىدە يالاڭئاياغ مېڭىشى كېرەك. بۇ ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىش. ئاغۋاتلار بۇنىڭ سىرتىدا.

2. خوتۈن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۆتكۈر پىچاق ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

3. مەيلى خالاڭ - خالىماڭ، مەيلى قورقۇڭ - قورقماڭ، سىزنىڭ ھەر قانداق يېرىڭىزنى ئۆز خاھىشى بويىچە رېمونت قىلىپ باققۇسى بار رېمونتچى.

*خوتۇن*

ئۈچ يىگىت پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

بىرىنچىسى: تام قوشنىمىزنىڭ خوتۈنى بەك چىرايلىق، لېكىن مىجە-زى ئۇسال؛ يولنىڭ ئۇ قېتىدىكى قوشنىمىزنىڭ خوتۈنىنىڭمۇ چىرايى يامان ئەمەس، بىراق تولىمۇ ئورۇق. قارىغاندا ياخشى خوتۈننى تېپىش ئىنتايىن قىيىن ئوخشايدۇ.

ئىككىنچىسى: مېنىڭچە ئادەملەرنىڭ توققۇزى تەل خوتۈننى ئالىمەن دېمىگىنى تۈزۈك. بولۇپمۇ سەپرا خوتۈنغا ئۇچراپ قالسا، ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىدىغان گەپ.

ئۈچىنچىسى: ماڭا قايناق سۇ بېرىڭلار!

بىرىنچىسى: نېمە بولدۇڭ؟

ئۈچىنچىسى: كونىلارنىڭ ئېيتقىنىنى قىلاي دەيمەن.

ئىككىنچىسى: كونىلار نېمە دەپتىكەن؟

ئۈچىنچىسى: «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ».

**خەلق**

ئۇمۇميۈزلۈك خاتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىم ياكى پېئىل.

**خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچىسى**

راھەتكە يۈگۈرۈپ، جاپادىن قاچقۇچىلار. ئۇلار كۆز قارىچۇقلىرىنى ھەدەپ يوغىنىتىپ، كىشىلەرنى قەستەن كەڭ كۆلەمدە خاتىرجەمسىزلىككە سالىدۇ.

**خەلقئارا شاھمات**

پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بىر خىل ئويۇن. ئۇنىڭ ھەر بىر يۈرۈشى سۈيىقەست بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇتقۇچى ئوغرى، ئۇتۇلغۇچى پادىشاھ بولىدىغان مۇقىم ئەندىزىسى بار. «يوشۇرۇن قاتىللىق قىلىش» - بۇ خىل قارىمۇقارشى قورغاندىكى ئىككىلا تەرەپ دائىم ئىشلىتىدىغان كەسپىي سۆز.

**خەير - خوش**

ئەڭ لىرىكىلىق بولمىغان شېئىرنىڭ بىر مىسراسى.

ئۆزئارا خوشلىشىش دەل ئايرىلىشنى ئىنكار قىلىش بولۇپ، بۈگۈن بىز ئايرىلغان قىياپەتكە كىرىۋالايلى، ئەمما ئەتە يەنە كۆرۈشىمىز، دېگەنگە باراۋەر. كىشىلەر ھاياتنىڭ قىسقا ۋە تاسادىپىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆلمەس، دەپ بىلگەنلىكتىن خەيرلىشىشنى كەشىپ قىلغان.

**خەير - ساخاۋەت**

1. گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئويۇنى.

2. كىبىرەكسىز بۇيۇملارنى بىر تەرەپ قىلىش.

**خەير - ساخاۋەتچى**

1. ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ۋە لەززەتلىنىشى پۇلنى قولىدىن چىقىرىپ، ئۇنى ئاخبارات خەۋىرىگە ئايلاندۇرۇشتا.

2. باي، ياشانغان بىر مۆتىۋەر (كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار تاقىرباش كېلىدۇ) ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق ۋىجدان ئۇنىڭ يانچۇقىنى كولىغان چاغدا مىيىقىدا كۈلۈشنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

گە ۋارسلىق قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ.

2. ئەمەلدارنىڭ گىرىمچىكى.

**خۇشاللىق**

1. ياش، چىرايلىق ئاياللار بىلەن بىللە بولغان چاغدىكى ھېسسىيات.

2. پۇلنىڭ ساداسى - خۇشاللىقنىڭ ساداسى.

3. ھەم جاپالىق، ھەم راھەت ئەمگەك.

4. ئامانەتكە قويۇلغان قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ئۆسۈمى.

5. خوتۇننىڭ ۋاتىلداشلىرىدىن قۇتۇلغان چاغدىكى تۇيغۇ.

**خۇشامەت**

ئىتنىڭ بىر پارچە سۆڭەككە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇيرۇق شىپاڭشىتىشى. بۇ ھالەتنى قۇيرۇقى يوق ئىنسان تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

**خۇشامەتچى**

بۇ خالىغان ۋاقىتتا پوپوزا قىلىپ تارتىۋالغۇچىغا ئايلىنالايدىغانلارغا تەۋە. چۈنكى ئۇ ئۆزگىرىش ۋاستىسى ئارقىلىق مۇرىڭىزگە قايتا - قايتا شاپىلاقلايدۇ، ھەتتا ئۇ سالامەتلىك ئەھۋالىڭىزنى سىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىشى مۇمكىن. خۇشامەتچىلەر پوپوزا قىلىپ تارتىۋالغۇچىلاردىنمۇ قەبىھ بولۇپ، ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى بۇلاڭچىنىڭ قىلغانلىرىدىنمۇ يىرگىنچلىك بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇلاڭچىلار قوشۇمچە ئالدامچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بىراق ئالدامچىلار پۇرسەتلا بولسا بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ.

2. بىر خىل پەۋقۇلئاددە يالغانچى.

*سۆزنىڭ رولى*

سەرگەردان ئىشىكنى چېكىۋىدى، ئايال خوجايىن ئۇنى كۆرۈپ تىللاپ كەتتى:

- سەن شۇنچە بەستلىك ئىكەنسەن، كاندا ئارامخۇدا ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئۆزۈڭنى باقماي، تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىسەن؟

- شۇنداق، خانىم، - دېدى سەرگەردان، - سىزمۇ ناھايىتى كېلىش-

ئۆزىڭىز دەڭ

ئېرى كېسەلمەن ئاتا ـ ئانىسىغا پۇل ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ خوتۇنىغا مەسلىھەت سالپتۇ:

ـ ئاتا ـ ئانام ئاغرىقچان، ئۇلارغا ئەللىك يۈەن ئەۋەتىپ قويايلىمىكىن دەۋاتىمەن.

ـ ئۆزىڭىز بىلىڭ!

ـ ئەمىسە ئوتتۇز يۈەن ئەۋەتەي.

ـ ئۆزىڭىز بىلىڭ!

ـ ئەمىسە ئون يۈەن ئەۋەتسەمغۇ بولار؟

ـ سىزلا توغرا تاپقان بولسىڭىز بوپتۇ.

ـ قېيناتام بىلەن قېيناناملارغىمۇ ئون يۈەن ئەۋەتىپ قويساق بولار؟

ـ ئۆزىڭىز بىلىڭ!

ـ ئەمىسە ئوتتۇز يۈەن ئەۋەتەيلى.

ـ ئۆزىڭىز بىلىڭ!

ـ ئەللىك يۈەن ئەۋەتسەكقۇ بولار؟

ـ سىزلا توغرا تاپقان بولسىڭىز مەيلى.

خوتۇنىدىن قورقۇش

بۇ ئەرلەرنىڭ بىر خىل نورمال بولمىغان مۇھەببىتى، ئۇ خاتا ھالدا ئۆز خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قالغان.

خور ئۆمىكى

ئامىتى كەلمەي خار بولۇپ يۈرگەن ناخشىچىلار گۇرۇپپىسى.

خورلاش

1. بىز ئەڭ دەسلەپتە ئۇچرىغان، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدىمۇ قۇتۇلۇش قىيىن بولغان بىر خىل مۇھەببەت.

2. ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىنىڭكىگە بېرىشقا مەجبۇرلاش.

خۇسۇسىي كاتىپ

1. كاتتا ئەربابلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنىڭ بىر قىسمى. لېكىن كاتتا ئەربابلار ئۆلگەن ھامان، ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ نەرسە-

ئائىلەمنىڭ شارائىتى تېخىمۇ ياخشى، ـ دەپتۇ.

ـ قېنى، ئېيتىڭا، شارائىتى قانداق ياخشى؟

ـ مەن سىزگە ئىككى ھەسسە ھەق بېرىمەن.

ـ ئاران مۇشۇلىمۇ؟

ـ بۇنىڭدىنمۇ رازى بولمامسىز؟

يىگىت خانىمنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ مەن ھازىر ئىشلەۋاتقان ئائىلىنىڭ خانىمى بەك چىرايلىق، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىش ھەققىدىن باشقا، يەنە قوشۇمچە. . .

**خىيالىي تۇيغۇ**

نېرۋا تومۇرلىرى قىزىغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان يەڭگىل تۇتەك.

**خىيانەت قىلىش جىنايىتى**

ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سېلىش تەرتىپىدە، تېخنىكىلىق مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەنلىك. تېخنىكىنى ياخشىلاشقا ئەگىشىپ، بۇ خىل سەۋەنلىك بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ.

كەن ئايال ئىكەنسىز، سىز ئۆي ئىشى قىلىشقا ئەمەس، سەھنىدە ئويۇن قويۇشقا لايىق ئىكەنسىز.

- توختاپ تۇرۇڭ، - دېدى ئايال قىزارغان ھالدا، - مەن بېرىپ قاراپ باقاي، ئۆيدە سىزگە بەرگۈدەك بىرەر نەرسە چىقىپ قالارمىكىن.

**خېرىدار**

كۆرۈپلا قويىدىغان، ئەمما سېتىۋالمايدىغان ئادەم.

*غەلىتە خېرىدار*

بىر ئايال ماگىزىنغا كىرىپ ئۈزۈنچە ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ ئارىلاپ يۈرۈپتۇ، ئەمما ھېچنېمە ئالماپتۇ. دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان خوجايىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ:

- خانىم، نېمە ئالىسىز؟

- ئاۋۇنى ئېلىپ بېقىڭ، كۆرۈپ باقاي.

- توۋا، سىز خېرىدار ئىكەنسىز - دە! مەن تېخى باجگىرمىكىن، دەپ قاپتىمەن.

**خىزمەت**

بىر ئەر كىشى ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان، ئايالىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى «قەلەندەر» دەپ تىللىيالمايدۇ.

**خىزمەتداش**

بىللە ئىش قىلىدىغان ھەمراھلار. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۇ ئور-تاق كېسەل بولمايدۇ، بەلكى بىھۇدە چاتاق چىقىرىدىغان، ئوخشاشمايدىغان ئىسىملارلا بولىدۇ.

**خىزمەتكار**

خوجايىنىنى گەپكە كىرگۈزىدىغان ئادەم.

*ياخشى ئىشارەت*

بىر خانىم قوشنىسىنىڭ كېلىشكەن بىر يىگىتنى ياللىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىنى قىلىشقا تارتىپ كېلىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھېلىقى يىگىتنى ئۇچرىتىپ قېلىپ:

- سىزنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىشلىگىنىڭىز تۈزۈك، چۈنكى مېنىڭ

**دەم ئېلىش**

دۇنيانىڭ بارلىق شاۋقۇنلىرىنى ۋە پاراكەندىچىلىكىنى ئىشكىنىڭ سىرتىدا قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ خوتۇنى بىلەن بىھۇدە جېدەللەشىش.

**دەۋاگەر**

سودىيەنىڭ نەزىرىدىكى تۇنجى بېلىق.

**دراما**

كىشىلىك هاياتقا تەقلىد قىلىنغان، بىراق كىشىلىك تۇرمۇشقا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان ئېچىنىشلىق ئويۇن.

**دراماتورگ**

فرانسىيە سەھنە كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۈزىدىغان ئادەم.

**دوختۇر**

تەڭرىنىڭ رولىنى ئېلىشقا ئىجازەت ئالغان ئادەم.

*بەزگەك*

بىر كىشى دوختۇرغا تېلېفون بېرىپتۇ:

- دوختۇر، ئوغلۇم سكارلاتىنا بەزگىكىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ.

- بىلىمەن، تۈنۈگۈن ئۇنى تەكشۈردۈم، سىز ئۆيدە يوقكەنسىز، ئۇنى ئايرىم تۇرغۇزساڭلار بولىدۇ.

- هەي، سىز بىلمەيسىز، ئۇ ئايال چاكارنى سۆيگەنىكەن.

- ئۇنداقتا ئۇمۇ ئايرىم تۇرۇشى كېرەك.

- لېكىن مەنمۇ ئۇنى سۆيگەنىدىم، دوختۇر.

- ئۇنداقتا سىزگىمۇ يۇققان بولۇشى مۇمكىن.

- توغرا، مەن يەنە خوتۇنۇمنى سۆيگەنىدىم.

- نېمە؟! - دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ دوختۇر، - ئۇنداقتا ماڭىمۇ يۇقۇپتۇ - دە!

**دوختۇرخانا**

1. ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن، مەخسۇس «ئادەم» دىن ئىبارەت بۇ خىل هايۋاننى قوتقۇزىدىغان بىر خىل ئورگان.

## د

**داغلىق ماركا**

مەڭگۈ كۆچۈرۈۋېلىنىدىغان تاپشۇرۇق. سېمىز چوشقا كۆتۈۋاتقان پە-چاق. ئىمكانىنىڭ بارىچە پۇقرالارنىڭ ھوشيارلىقىنى يوقىتىدىغان ئۆيقۇ.

**داھىي**

ئالتە ياشلىق جىمى: «ئۇلار يەڭلىرى ئىنتايىن ئۇزۇن بەزى كىشى-لەر» دېۋىدى، دادىسى قوشۇمچە قىلدى: «يەڭلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بول-غاچقا، ۋاستىلىرىنى ئاسان ئاشكارىلاپ قويمايدۇ.»

داھىي ـ قولىغا ئىدىيە تولۇپ كەتكەن ئادەم.

**دەپنە مۇراسىمى**

1. كىشىلىك ھاياتتىكى بىر چوڭ ئىشنىڭ تامام بولۇشى.
2. قايغۇنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشى.
3. ئارقىدىن يېتىپ كېلىدىغىنى ـ مىراس دەۋاسى.

*ۋەسىيەت*

دادىسى تۈگەپ كەتكەن بىر يىگىتتىن قوشنىسى سوراپتۇ:

ـ دادىڭىز سىزگە ۋەسىيەت قالدۇردىمۇ؟

ـ پەقەت پۇرسەت تاپالمىدىم، ـ دەپتۇ يىگىت قايغۇرغان ھالدا، ـ ئاپام ئاخىرقى پەيتكىچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى.

**دەرىجىدىن تاشقىرى بازار**

1. ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل سورۇن. بۇ يەردە غورۇرنى سېتىۋالغىلى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈزنى چۈشۈرۈۋالغىلىمۇ بولىدۇ.

2. ئاياللارنىڭ جەڭ مەيدانى.

دوست

سىزگە ئوخشاش كەمچىلىكى بار ئادەم.

دوست تۇتۇش

1. يەنە بىر تەخسە قورۇما بۇيرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر تەخسە يالغان سۆزنى كەلتۈرۈپ، بىر ئىچىندا بولغىنىش ئۈچۈن رومكا كۆتۈرۈشۈش.

2. ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇش.

دوستلۇق

1. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان، تومانلىقتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر خىل مۇناسىۋەت. دەم بىللە بولۇپ، دەم ئايرىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى سىلسىيە نۆل گرادۇستىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ساقلىغىلى بولىدۇ. مۇبادا ئۆزئارا ئايرىلماسلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ قالسا، ئۇنى تىنىمسىز ئۇرۇش ئوتى ئارقىلىق ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ياخشى ئادەملەر بۇ سۆزنى خىيالىغا كەلتۈرسىلا، قورقىنىدىن پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كېتىدۇ.

2. دوستلۇق بىر كېمە بولۇپ، تېپتىنچ كۈنلەردە ئىككى ئادەم سىغىدۇ، دولقۇن كۆتۈرۈلگەن كۈنلەردە بولسا ئۇنىڭغا ئاران بىر ئادەملا ئولتۇرالايدۇ.

دۇربۇن

1. ئارخېلوگلارنىڭ ئەسۋابى. ئۇ پەقەت مۇۋاپىق ئارىلىق بولغاندىلا، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى توغرا ئىگىلىگىلى بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

2. بۇ ئەسۋاب بىلەن كۆزنىڭ مۇناسىۋىتى تېلېفون بىلەن قۇلاقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يىراقتىكى جىسىملارنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بىر دۆۋە ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلىرى بىلەن بىزنى قىينىيالايدۇ. بىراق تەلىيىمىزگە، ئۇ بىرلا جىرىڭلاپ بىزنى قۇربان بەرگۈزىدىغان قوڭغۇرىقى يوق بولۇشى بىلەن تېلېفوندىن پەرقلىنىدۇ.

2. تۆمۈر رېشاتكىسىز تۈرمە. بۇ تۈرمىدە ئاغرىقلار ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى بىلىدىغان تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەل ۋىرۇسلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ ۋە خىلمۇخىل ئىلمىي قىيناشلارغا دۇچار بولىدۇ.

3. مەخسۇس گۆركارغا خېرىدار تونۇشتۇرىدىغان ئورۇن.

دورا

1. توقسەن سەككىز پىرسەنت كراخمال، بىر پىرسەنت ۋىتامىن ۋە بىر پىرسەنت پىسخىك بېشارەتنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان بولكا بولۇپ، يېسىڭىز يا قورسىقىڭىز تويمايدۇ، يا ئۆلۈپ قالمايسىز.

2. روھىي تەسەللىي.

3. ئېلانغا قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كېتىدىغان ئادەم.

4. ھازىرقى كېسەلگە پايدا قىلىدىغان، يوشۇرۇن كېسەل پەيدا قىلىدىغان زەھەرلىك نەرسە.

دورىگەر

ھەر خىل پاراشوكلارنىڭ مۇزىكا دېرىژورى.

دوزاخ

1. ئېتىقادقا ئىخلاس قىلىدىغان كىشىلەرلا چۈشكۈنلىشىپ بارىدىغان ئاھالە رايونى.

2. ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇش.

3. بارغانلارنىڭ قايتىپ كەلمىگىنىدىن قارىغاندا ئوبدان جاي بولسا كېرەك.

4. ئەندىشە قىلماسلىقنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى.

*ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش*

قىز: ئاپا، مەن بېيىنى بىلەن توي قىلىشنى خالىمايمەن. ئۇ ئاتېئىزمچى ئىكەن، يا خوداغا ئىشەنمەيدىكەن، يا جەننەت بىلەن دوزاخقا ئىشەنمەيدىكەن.

ئانا: ھەرگىز ئەنسىرىمىگىن، ئوبدان قىزىم، ئۇ توي قىلماق ھامان دۇنيادا دوزاخنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالىدۇ، يەنە جەننەتنىڭ لەززىتىنىمۇ ھېس قىلىدۇ.

تىپ قوپاي، - دەپتۇ بىرىنچى كىشى، - بۇ يەرگە كەلگىنى مېك. مەن ساڭا بىر فوند ستېرلىڭ بېرەي، روللس - رويس ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋېلىپ كەلگىن.

مېك دەرھال شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

- بۇ قانچىلىك ئىشتى، - دەپتۇ ئىككىنچى كىشى، - دىنى، بۇ يەرگە كەلگىنە، سەن شەھەرگە كىرىپ سارۋىن مەيخانىسىدا مېنىڭ بار-يوقلۇقۇمغا قاراپ باق.

دىنىمۇ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

يولدا مېك بىلەن دىنى ئۇچرىشىپ قېلىپ، دادىلىرىنىڭ قانچىلىك دۆت ئىكەنلىكى توغرىسىدا پو ئېتىشىپتۇ.

- دادامنى ئالساق، ئۇ ماڭا بىر فوند ستېرلىڭنى بېرىپ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا بۇيرىدى. ھازىر ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتىلىپ بول-غانلىقىنى ئەڭ دۆت ئادەممۇ بىلمەمدۇ.

- ئۇ قانچىلىك ئىش دەيسەن، - دەپتۇ دىنى، - مېنىڭ دادام دۆتلۈكتە چېكىگە يەتكەن. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ سارۋىن مەيخانىسىدا بار-يوقلۇقىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، بۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىلا تېلېفون بەرسە بىلمەمتى!

**دۆلەت**

ياسالما سۆز. مۇددەتتىن بۇرۇن كىشىلەر تەرىپىدىن تەييارلاپ قويۇل-غان يۈز. دۆلەت چېگرىسى قانچە چوڭ بولسا، خەلقىنىڭ كۆلكە قورۇقى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ.

**دۆلەت بىخەتەرلىكى**

1. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ئېلىپ بېرىلغان بارلىق تىنچلىق ئۇرۇشلىرى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ نىگىزى مەڭگۈ ھەر بىرىمىزنىڭ مەخپىيىتى بولۇپ قالىدۇ.

2. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئېيتىشنى خالىمايدىغان سىرنىڭ توغرىلىقىنى مەخپىيەتلىك.

3. مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان ئۆزى

دۇنيا خەرىتىسى

يەر شارىنىڭ سىرتقى تېرىسىنىڭ سىخېمىسى، ئۈستىدە يەر شارىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ تېرىلىرىنىڭ ئىسمى، چىرىش ھالىتى ۋە پارا-زىتلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى يېزىپ قويۇلغان.

دۇنيا ساقچىسى

ھەر قانداق دۆلەتنىڭ خەلقى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولماق ھامان، ئامېرىكا دەرھال يېتىپ كېلىپ، تانكا ۋە تىك ئۇچارلارنى ئىشقا سېلىپ ئەركىنلىكنى يېڭىۋاشتىن سىزنىڭ ئىشىك ئالدىڭىزغا ئەكىلىپ بېرىدۇ. دۇنيا ساقچىسىنىڭ نوپۇسى كۆپ ئەمەس، ئەمما قوشما شتات تەكشۇرۇش ئىدارىسىدا دۇنيادىكى ھەممە دۆلەت ۋە رايون كىشىلىرىنىڭ بارماق ئىزى بار.

دۇنيا قاراش

بىر قارىغۇ دۇنيانى بىر نەچچە قېتىم سىلاپ باققاندىن كېيىن، ئاستا ئارقىغا بۇرۇلۇپ قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى، شۇنداقلا پەس ئاۋازدا تىللە-دى: «ئاناڭنى!»

دۆتلۈك

1. بىزنى كەمتەر قىلىشقا ئەڭ قۇربى يېتىدىغان گۈزەل ئەخلاق. ھەر كىم بۇ نەرسىنى ئۆزىدە يوق، باشقىلاردا بار، ياكى ئۆزىدە ئازراق، باشقىلاردا كۆپرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ مۇۋاپىق ئەمەس، شۇڭا ئىنسانلار دائىم مۇشت كۆتۈرۈشىدۇ.

2. بۇ بىر خىل «مۇقەددەس ئىقتىدار ۋە تۇغما قابىلىيەت» بولۇپ، دەل ئۇنىڭ ئىجادچانلىق كۈچى ۋە سەپلەش كۈچى ئادەمنىڭ قەلبىگە ئىلھام بېرىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە تۇرمۇشنى گۈزەل-لەشتۈرىدۇ.

كىشىر دۆت

ئىككى ئىنگلىز ئوغۇللىرىنىڭ قانچىلىك دۆت ئىكەنلىكى توغرىسىدا پو ئېتىشىپ قاپتۇ:

- مەن ساڭا ئوغلۇم مېكىنىڭ قانچىلىك دۆت ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتە-

2. خرىستىئانلارنىڭ دۆلەتلىرىدە، كالتەك توپ مۇسابىقىسى ئاياغ-لاشقاندىن كېيىنكى كۈننى بىلدۈرىدۇ.

**دۈشمەن**

ئەگەر سىزنىڭ ئۈچ ياخشى دوستىڭىز بولسا، ئىككىلىدىن قىلغان ئىشنى ئۈچىنچىسىگە ئېيتماڭ. ئەگەر سىز تۆتىنچى دوستقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، ئالدى بىلەن سىزنىڭ باشقا ئىككى دوستىڭىز-نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىشىڭىز كېرەك.

**دۈشمەنلىك نىيەت**

يەر شارىدىكى نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە زىچلىقىدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدە ئۆتكۈر، شۇنداقلا ئالاھىدە ئومۇمىيلىقى بولغان بىر خىل تۇيغۇ. دۈشمەنلىك نىيەت ئاكتىپ ۋە پاسسىپ دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئايالدا ئۆزىنىڭ ئايال دوستىغا ئاكتىپ دۈشمەنلىك نىيىتى بولىدۇ، ئۇنىڭ باشقا ئاياللارغا بولغان دۈشمەنلىك نىيىتى پاسسىپ بولىدۇ.

**دۈمبە**

بۇ دوستىڭىزنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەخسۇس بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە قارىشىڭىز ئۈچۈن يارالغان.

**دېلو مەلۇم قىلىش**

كۆرگۈچىنىڭ جىنايەتچىگە ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرى-شى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساقچىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشى.

**دېموكراتىزم**

1. خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بولىدىغان، خەلقنى ئازابلايدىغان بىر خىل سىياسىي ۋاستە.

2. قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈلۈشى.

**دېموكراتىك تۈزۈلمە**

بۇ خىل سىياسىي تۈزۈلمە ئاستىدا، كىشىلەر ئاساسىي قانۇن بەرگەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە خوجايىنلىق قىلىدىغان ئادەمنى تاللىۋا-لالايدۇ.

توغرىسىدىكى مەخپىيەتلىك.

**دۆلەت چېگرىسى**

يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ ئىشتان بېغى. كىم قول ئۇزاتسا، شۇنىڭ قېنى ئاقىدۇ.

**دۆلەتچىلىك**

مېنى ۋەتىنىمنىڭ كالۋالىرى بىلەن، تورموش ئۇسۇلۇمنى ھاقارەتلىگۈچىلەر بىلەن، تىلىمنى دەپسەندە قىلغۇچىلار بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان مۇھەببەت. دۆلەتچىلىكنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ھەربىيلەر ياكى دېھقانلارنى يەر شارىنى قۇچاقلاپ ھەدەپ سۆيۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلالايدۇ.

**دۆلەت نەزەرىيىسى**

دۆلەت ئىجتىراپ قىلغان ۋە ئۆلگە قىلغان بىر نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا يوقراچە كىيىنىۋالىدۇ. ئادەتتە «ۋەتەنپەرۋەرلىك»نى يادرو، «باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش»نى مەشغۇلات پرىنسىپى قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار دەستەك قىلغىلى بولىدىغان بىر مۇنچە ئەمرىمەرۇپلارغا ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىباب تارقىتىش ئورۇنلىرى ئارقىلىق قولاقلارغا قاچىلىنىدۇ.

**دۆلەت نومۇسى**

دۆلەت ياكى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھۆرمەتسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن قىلغان ئەرزى.

**دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش**

بۇ بىر خىل ھۆكۈمەت قىلمىشى بولۇپ، زوڭتۇڭ ۋە پارلامېنت ئەزالىرى ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېڭىشىپ قارار چىقىرىدۇ.

ئۇلار ئۆز ئائىلىسىگە ئاشپەز ۋە خىزمەتكارلارنى ياللىۋالغان بولغاچقا، قولىنى بوشىتىپ باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، بۇ بىر ساۋابلىق ئىش.

**دۇشەنبە**

1. ئەرلەر تۇرلۇك كەسپىي مۇسابىقىلەردىن قۇسۇر تېپىپ گەپدانلىق قىلىدىغان كۈن.

*دوختۇرنىڭ تەۋسىيىسى*

ئايال: قانداق قىلىشىمنى زادىلا بىلەلمەيۋاتىمەن، بىر دوختۇر ماڭا كۆپرەك پىيادە يول مېڭىپ بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى، يەنە بىر دوختۇر مېنى ساناتورىيىگە بېرىڭ، دېدى. ئېيتىڭا، مەن قانداق قىلسام بولار؟

ئەر: ئۇنداقتا سىز ساناتورىيىگە پىيادە بېرىڭ.

**دىپلوماتىيە**

ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان بىر خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك سەنئىتى.

**دىپلومات**

1. ھۆكۈمەت ھەقسىز يېمەك - ئىچمەك، ياتاق ۋە ئايروپىلان بېلىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان مەمەدانە. بىراق، كىمنىڭ تېگى چىلى، بېلى توم بولسا، شۇنىڭ سۆزى قاتتىق چىقىدۇ.

2. ۋەز ئېيتىش تالانتىغا ئىگە ئادەم. ئۇ سىزنى ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن دوزاخقا چۈشۈشكە قايىل قىلالايدۇ، شۇنىڭدەك نەپسىڭىزنى تاقىلدىتىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن يولغا چىقىدىغان قىلالايدۇ.

**دىرېكتور**

ماڭاش ۋە مۇكاپات تەييارلايدىغان ماشىنا.

*دىرېكتور*

بىر شىركەتنىڭ ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان، خاتالاشقىنىنى زادىلا بويىنىغا ئالمايدىغان دىرېكتورى ئۆزىنىڭ بىر قېتىم راستىنلا خاتالاشقانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

- سىز خاتالاشتىڭىزما؟ - ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغانلار ھەيران قېلىشىپتۇ، - مۇمكىن ئەمەس!

- راست، - دەپتۇ دىرېكتور، - بىر قېتىم مەن خاتالاشتىم، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم، بىراق خاتالىشىپتىمەن.

**دىن**

بۇ ئۈمىد ۋە قورقۇنچنىڭ قىزى، ئۇ نادانلارغا بىلىشكە بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ خوسۇسىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**دېموكراتىيە**

1. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بۇگۈنگىچە تارقىلىپ كەلگەن سىياسىي ۋاستە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىپادىلىنىشى، كىشىلەرنىڭ سايلاش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئادەمنى تاللىۋېلىشىدىن ئىبارەت.

2. ئىنتايىن نورغۇن كالامپاي كىشىلەر قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ھوقۇق. لۇئىس. D. براندېسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «بىز يا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشىمىز، يا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ زور مىقداردىكى بايلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەر ئىككىسىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.»

**دېھقان**

1. يىراققا تىكىلگەن، لاي ۋە زەئىپ ئۇتلارغا تولغان بىر جۈپ كۆز. بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ، بەختىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، تىمتاسلىقتىكى تاشلاندۇق بالا. كلاسسىك شائىرلارنىڭ دەپنە بۇيۇمى.

2. جاپادا بار، ھالاۋەتتە يوق جاپاكەش ئادەم.

*دېھقان ۋە تۆمۈر يول*

بىر دېھقاننىڭ ئۆيى تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئىنژېنېر دېھقانغا خىزمەت ئىشلەپتۇ:

- تۆمۈريول دەل سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى.

ئىنژېنېرنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا دېھقان ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

- ئەپەندى، بىلىپ قويۇڭ، مەن تولىمۇ ئالدىراش ئادەممەن، ھەر قېتىم پويىز كەلگەندە ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپ - يېپىپ بېرىدىغانغا مېنىڭ ئۇنچە كۆپ ۋاقتىم يوق!

**دىئاگنوز**

ئىلمىي بولغان بىر خىل ھۆكۈم چىقىرىش جەريانى، ئۇ بارلىق تېببىي تەكشۈرۈش ۋە ئانالىزلاردىن پايدىلىنىپ، سىزدە ھېچقانداق كېسەل يوق بولۇش ئېھتىمالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئېلىنىۋالىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت كىشىنى ئىختىيارسىز جىددىيلىككە سېلىشتىن ئىبارەت.

**راست گەپ**

بىز ۋاقتىنچە تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر پارچە سېمىز گۆش. كېيىن قورسىقىمىزغا كىرىپ بىزنى زەردىگۆش قىلىۋېتىدۇ.

**راك**

دوختۇر ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلارنى سۈكۈتقا چۆمدۈرىدىغان كېسەل.

**راكېتا**

يەل قويۇۋەتكەن شارنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئىلھامى.

**راھەتلىنىش**

قوشنىسىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكتە قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرگەن ھامان پەيدا بولىدىغان چەكسىز ھاياجانلىنىش كەيپىياتى.

**راھىب**

مېھرى ئىسسىق پانىي دۇنياغا سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ روھىنى تەڭلىكتە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

**رەپىقە**

خوتۇن، ياكى ئازابنىڭ يەنە بىر يارتىسى.

**رەت قىلىش**

تېپىلغۇسىز مەلۇم نەرسىنى دېلىغول بولۇپ قايتۇرۇۋېتىش. قېرى قىزلار ئۆزىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويغان باي ھەم قامەتلىك كىشىلەرگە شۇنداق قىلىدۇ؛ ۋالىيلار باي شىركەتلەرنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان قىممىتى چەكسىز بولغان پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلارغا قارىتا شۇنداق قىلىدۇ؛ تۇۋا قىلمايدىغان پادىشاھنىڭ پوپقا قىلغان كەچۈرۈممۇ شۇنداق بولىدۇ؛ بۇنداق مىساللار سان - ساناقسىز. نەتىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا بېقىپ، رەت قىلىشنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: مۇتلەق رەت قىلىش، شەرتلىك رەت قىلىش، ئاياللارچە مىجەز بىلەن ۋاقتىنچە رەت قىلىش. بەزى مۇنازىرىچىلار ئاخىرقىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن رەت قىلىش، دەپ ئاتايدۇ.

# ر

**رادىكال**

بوگۈنكى ئىشلارغا سىڭىپ كىرىۋالغان ئەتىكى كونسېرۋاتىپ.

**رادىكاللار**

ئىنقىلاب سېپىدىكى مەرگەن، قىلىچۋازلار ئەترىتى. ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگىنى بايراقنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ھەممىنى يوقىتىش، ھەممىنى ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت.

**رادىكاللار گۇرۇھى**

1. ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جىنايەتكار سىياسىئونلاردىن رازى بولمايدۇ. كونسېرۋاتىپلاردىن پەرقى، ئۇلار يېڭى جىنايەتلەرنى تېپىپ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىنايەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ.

2. ئۆپكىسىنىڭ سىغىمچانلىقى چوڭ كىشىلەر.

*ھاياجانغا تولغان نۇتۇق*

- جانابلار، بىپايان زەڭگەر ئاسمانغا قاراڭلار، ئۇ نەقەدەر گۈزەل - ھە! جانابلار، ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولمىش ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلار، ھالاك بولۇشقا مەھكۇم كاپىتالىستلار، ئۇلارنىڭ غالچىلىقىنى قىلىۋاتقان سىياسىئونلار مۇشۇنداق گۈزەل ئاسماننىڭ ئاستىدا خالىغىنىنى قىلىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتىدۇ. جانابلار، بىز بۇنداق ئادالەتسىزلىككە چىداپ ئۆتىۋېرىمىزمۇ؟ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويىدىغان پەيتىمىز يېتىپ كەلدى. بىز شىددەتلىك يامغۇر بولۇپ ئۇلارنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىۋېتەيلى!

**رازۋېدكىچى**

كۆزىنى يېرىم ئېچىپ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلىرىمىزنى خاتىرىسىگە

2. كىتابنى ساندۇققا سېلىپ قويغىلى بولىدۇ، بىراق ئايال باش قەھرىماننى ساندۇققا قاچىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

*سادىق كىتابخان*

ئايال كىتابخان: ئەپەندىم، بۇ قېتىم ئېلان قىلغان رومانىڭىز ھەقىقەتەن قالتىسكەن. بولۇپمۇ يېشىمىنى ئاجايىپ ياخشى يېزىپسىز!

يازغۇچى: باش قىسمىچۇ؟

ئايال كىتابخان: باش قىسمى؟ مەن تېخى باش قىسمىنى ئوقۇمىدىم.

**رومانتىكا**

مەخپىي سىناقنى مۇقەددىمە، مال - مۈلۈك بىلەن كىتابنى يېشىم قىلىدۇ. قارىماققا ئۇ قاتتىق مۇقاۋىلىق مۇھەببەت رومانىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا ئىشق - مۇھەببەت ۋە شەھۋانىيلىق ئاساسىي رولنى ئوينايدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا مەخسۇس لايىھىلەيدىغىنى - ئۆممىدسىزلىك، ئۇرۇش - تالاش ئۈزۈلمەيدىغان نىكاھلىق تورمۇشتىن ئىبارەت.

**روھ**

1. كۆمۈر گازى. ئوت ياكى ئوتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بويۇملار توختىماي غىدىقلاپ تۇرغاندىلا ئۇنى ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ھەر قانداق روھ زەھەرلىك بولىدۇ.

2. ھاياتلىقتىكى ئەڭ شىپالىق دورا، ئۇنىڭسىز ئادەم تىرىك جەسەت بىلەن باراۋەر.

**رويال**

1. ئائىلە جابدۇقلىرى ئارىسىدىكى مودېل.

2. سۇنئىي پىل چىشلىرىنى تاتىلاپ، باشقىلارنى سادا چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئۇمۇمغا زىيانلىق بۇيۇم.

**رېئاللىق**

رېئاللىق غالجىرلاشقان بىر پەيلاسوپنىڭ چۈشى. مۇبادا بىرسى ئەرۋاھنىڭ تەركىبى ئۈستىدە خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولسا، رېئاللىق قىزىتىش قاچىسىدا قالغان داشقال. رېئاللىق ھەقىقىي بوشلۇقنىڭ يادروسى.

**رەسىم**

1. مەلۇم نەرسە ئۈچ ئۆلچەملىك ماكاندا كىشىنى بىزار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئۆلچەملىك ماكاندا ئىپادىلىنىپ، رەسىمنى بارلىق-قا كەلتۈرىدۇ.

2. پاكىز قەغەز ياكى رەختنى پاسكىنا قىلىش.

**رەڭلىك تېلېۋىزور**

كىشىگە سۈرەتنى ھەقىقىي شەيئىدىن گۈزەل ھېس قىلدۇرىدىغان ئىلغار تېخنىكا.

**رەڭلىك نۇسخائالغۇ**

1. ئەجدىھا ئەجدىھا تۇغىدۇ، سۇمۇرغ سۇمۇرغ تۇغىدۇ.

2. ئادەمنى ساختا پۇل ياساشقا ئېزىقتۇرۇش.

*ئوخشاشمايدىغان پىكىر*

ئوقۇغۇچى: مۇئەللىم، ئىلمىي ماقالەمگە نېمىشقا نۆل قويدىڭىز؟

ئوقۇتقۇچى: سېنىڭ ماقالەڭ پارتىداشىڭنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئوقۇغۇچى: بۇ دېگەن ئېنىق ئىشقۇ، ئۇنىڭغا ئىلمىي ماقالەمنى بېرىپ تۇرغانىدىم، ئۇ رەڭلىك نۇسخائالغۇدا بىر خېتىنىمۇ قالدۇرماي كۆچۈرۈ-ۋاپتۇ.

**رەھىمسىزلىك**

جەرياننى ھەرقانداق ئاقىۋەتتىنمۇ قورقۇنچلۇق قىلىۋېتىش.

**رومان**

1. شېئىر ـ ئالا ـ بۇلىماچ ياسالغان، ھېيلىسى تولا بىر نەشتەر، ئۇن چىقارماي كىشىنى زەخىملەندۈرىدىغان مەخپىي قورال؛ نەسىر - خالىغىنىچە ئۈزۈرنىيالايدىغان ۋە قىسقىرالايدىغان، تۈزۈلۈشى غەلىتە، ئۇ-ياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىدىغان كۆپ ئۆرۈملۈك قامچا. رومان بولسا ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، سۆڭەك قايتا ئۆسۈپ قالغان مۇشت بىلەن پۈت بولۇپ، ئۆزىگە جەلپ قىلىنىۋالغان چاغدا، دەمنى قاتتىق سىقىدۇ.

رېنتگېن نۇرى

1. ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىنى بىر دەمدىلا، پۈتۈنلەي يورۇتۇۋېتىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپى.

2. ئېلېكترونلۇق ئوغرىلىقچە ماراش مۇتەخەسسىسى.

رىۋايەت

بۇ جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە سادىق بولۇشقا ئىنتىزار بولغان بىر خىل توقۇلما ھېكايە. روماندا، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى خۇددى قوزۇقىقا باغلاپ قويۇلغان ئاتتەك «ئىمكانىيەت» نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. رىۋايەت ئەدەبىياتىدا بولسا، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسى خالىغىنىچە پەرۋاز قىلىپ، بىمالال، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئۇچۇپ بارالايدۇ، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. رومان يازغۇچى ئىنتايىن بىچارە بىر نەرسە بولۇپ، بىر ئاۋاز كارنىيىدىنلا ئىبارەت. ئۇ بەلكىم بەزى پېرسوناژلارنى ۋە تەپسىلاتلارنى ئىجاد قىلالىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىياللار بىلەن ئاتالمىش رېئال تۇرمۇشتا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى (ئۇنىڭ يازغىنى تامامەن كەم - كۈتسىز يالغانچىلىق بولغان تەقدىردىمۇ) ھەرگىز يازمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ «ھەر قەدىمىدە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، بارغانچە ئۇزىراپ كېتىدىغان تۆمۈر زەنجىر» نى ياساپ، ئۆزىنى نېمىشقا قىينايدىغاندۇ؟ ئۇ نەچچە ئونلىغان مەشھۇر ئەسەرلەرنى شەرھلىرى بىلەن قوشۇپ يازالىشى مۇمكىن، ئەپسۇسكى، بۇ كاتتا ئەسەرلەردىكى ئەقىل - پاراسەت نۇرى بىر تال شامنىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ، قاراڭغۇ ھاڭلارنى ئەلۋەتتە يورۇتالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنچە جاپا چېكىدىغانلىقىنى ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايدۇ. دۇنيادا ھەقىقەتەن بىر مۇنچە ئۇلۇغ رومانلار بار. چۈنكى ئۇلۇغ يازغۇچىلار ئۇلارنى يازغان چاغدا «ئۆز زېھنىنى شەرپ قىلغان». دۇنيا بويىچە كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان رىۋايەت «مىڭ بىر كېچە» دىن ئىبارەت، بۇ شەك - شۈبھىسىزدۇر.

رىياسەتچى

ئۆزىنىڭ چىرايى ۋە ئاۋازىنى پۇلغا تېگىشىدىغان ئەر ياكى ئايال.

**رېئالىزم**

بۇ تەبىئەتنى تەسۋىرلەيدىغان بىر خىل سەنئەت بولۇپ، تەبىئەت چارپا-قىنىڭ كۆزىدە قانداق قىياپەتتە بولسا، ئۇنى شۇ قىياپەتتە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

**رېپىرى**

1. دەللىككە ئەمەس، سۇرئەتكە تايىنىپ ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەم.

2. نېمە دېسە، شۇ گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان ئىرادىلىك ئادەم.

**رېتسېپ**

ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى كېسىپ بېرىدىغان، كېسەلنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۇزاققىچە ساقلىيالايدىغان، شۇنداقلا ئاغرىقنىڭ يانچۇ-قىنى قۇرۇتالايدىغان جەرىمانە تالونى.

**رېژىسسور**

سەيپۇڭچىلىق ھۈنىرى ئۇستۇن ئادەم. يازغۇچى خېرىدارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ رەختىنى ئېلىپ كېلىدۇ، رېژىسسور قايچىسىنى ئوينىتىپ كار-تىلدىتىپ كېسىپ كاستۇم - بورۇلكىغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدا داڭلىق كىنولار، داڭلىق سىنارىيىلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

**رېستوران**

1. جىمى مەۋجۇداتلارنى بىر خىل ھايۋانغا تەقدىم قىلىدىغان پاجىئە-لىك سورۇن.

2. پۇلدارلار مەردلىكنى كۆز - كۆز قىلىدىغان سەھنە.

**رېستوران مۇلازىمەتچىسى**

1. تاماق ئۇستىلىنىڭ قاراۋۇلى.

2. سىزنىڭ ئىشتىھىز چىقمىغاندا، ئۇ قادىلىپ تۇرۇۋالىدۇ؛ ئىشتىھىز چىققاندا، سىزگە قاراپمۇ قويمايدۇ.

**رېمونت كاپالىتى كارتوچكىسى**

سۇپەت دەۋرىنىڭ ۋەدىسى. ئۇ مەزكۇر مەھسۇلاتنىڭ رېمونت كاپالىتى مەزگىلىدە چوقۇم چاتىقى چىقىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ.

زامانىۋى بولۇش سوۋېتى بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش. «مۇتلەق زامانىۋى بولۇش كېرەك» ، فرانسىيىنىڭ تالانتلىق، ئۆمرى قىسقا شائىرى رانبو مۇشۇنداق بۇيرۇق قىلغانىدى. ئۆتمۈشتە كىشىلەر هاجەتخانىغا پەقەت ئوغرىلىقچە باراتتى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئادەم هاجەتخانىغا بارماقچى بولسا، قورۇنماي مېھمانلىقتا يېتىنالايدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زامانىۋى بولغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىنى كۆز ـ كۆز قىلالايدىغان بولدى.

## زامانىۋى گۈزەل ئەخلاق

پۇللۇق بولۇش، ئىنتايىن، ئىنتايىن پۇللۇق بولۇش. بىر قاراپلا ئالتۇننىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدىغان ۋىجدان.

## زەربە بېرىش

ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسەر قايتۇرۇش خېتى تاپشۇرۇۋېلىش، يەنە ئارقىدىن قايتۇرۇش خېتىنى هاجەتخانىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويۇش.

## زەمبىرەك

دۆلەتنىڭ چېگرىسىنى تۇزىتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئۇسكۈنە.

*غودۇراش*

قولىقى ئېغىر بىر موماي يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ غودۇراپتۇ:

ـ كىم؟ ئىشىكنى چېكىۋەرمەي كىرسىڭىزچۇ!

## زەئىپلىشىش

ياش قىزلارنىڭ قېرىپ جېنى هەلقۇمىغا بېرىپ قالغان بايلار بىلەن توي قىلىشىنىڭ ئاساسى.

## زوراۋان كۈچ

ئەخلەتلەرنى تازىلاشنىڭ بىر ۋاستىسى. بىراق بۇ ۋاستىنىڭ نۇقسانى شۇكى، پۇت يۇيىدىغان سۇنى تۆككەن چاغلاردا، بەزىدە جاۋۇردىكى بالىنىمۇ بىللە تۆكۈۋېتىپ قالىدۇ.

## زوراۋانلىق

ئىنتايىن ۋەھىمىلىك خام خىيالنى باشقىلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇ-

# ز

**زاسىداتىپللار ئۇمىكى**

غەرب ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ بىر سەرخىلى بولۇپ، سوت، ئادۋوكات ۋە دەۋاگەرنىڭ قاتتىق تاللىشىدىن ئۆتكەن مۇنەۋۋەر ياكى ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن، دېلونى سوتلاشقا ھەمراھ بولىدىغان كوللېكتىپ. كۆپىنچە ھاللاردا جاۋابكار تېخى تۇرمىگە كىرمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ساناتورىيىگە كىرىپ كېتىدۇ.

**زاڭلىق قىلىش**

1. يوقۇملىنىش دائىرىسى كەڭ بولغان بىر خىل دات. ئۇ ئۆزى تېگىپ كەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى چىرىتىۋېتىدۇ.

2. مەلۇم كىشىگە قارىتىپ قەستەن ئېيتىلغان بەزى سۆزلەر. ئۇنىڭ مەقسىتى سۆزلىگۈچىدە بار بولغان سەلتەنەت ۋە ئەتىۋارنىڭ بۇ كىشىدە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مەسخىرىنى يېزىق ئارقىلىقمۇ، ئاۋاز ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا زاڭلىق قىلىش ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر دائىم سافوتېپسىبۇلىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ مەسخىرە ـ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى دېگەنىدى، بۇ بىر خىل كۈلكىلىك كۆز قاراش. نۇرغۇنلىغان جىددىي سەپسەتىلەر شۇنچە كۆپ ئەسىرلەرنىڭ مەسخىرىسىگە بەرداشلىق بېرىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئۇلارنى يەنىلا كەڭ تۈردە قوبۇل قىلماي كەلمەكتە. ئېيتايلۇق، قايسىبىر مەسخىرە «بوۋاق ھۆرمەتلىنىشى كېرەك» تەلىماتى ئۆچۈرىغان مەسخىرىدىنمۇ ئۆتكۈر ۋە كەسكىن بولۇپ باققان؟

**زامانىۋى**

ئۆزىنى زامانىۋى، دەپ بىلىش ھەمدە زامانىۋى قىلىۋېلىش، شۇنداقلا

كەلسەك، شەك - شۈبھىسىزكى، كەڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ زوڭتوڭ بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.

زوڭتوڭنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى

ئۆزى يازغان ئەسەرنى جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بازىرى ئىتتىك يازغۇچى. ئۇنىڭ قىممىتى تامامەن زوڭتوڭنىڭ كېسەل ئەھۋالىغا باغلىق.

زېرىكىش

ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق، ئەمما ئېيتىشقا ئامالسىز بولغان بىر خىل تۇيغۇ. ئاي يورۇقى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئاشنا.

زېمىن

يەر شارى سىرتقى يۈزىنىڭ ئېگىز - پەس ھالقىلىرى. ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئۇنى قىلىچ بىلەن شەكلى ئاجايىپ - غارايىپ بولغان ھەر قايسى قىسىملارغا بۆلۈپ، شۇنىڭدەك خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ يادروسى قىلىپ كەلمەكتە. قەدىرلەش قىيىن بولغان يېرى، خۇسۇسىي مۈلۈك مۇقەددەس، دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، زېمىن ئىگىلىرى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن كۈچى بىلەن زېمىنىدىكى ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ھەر بىر چىۋىننى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇلارنى چەكسىز ئاسرايدۇ. مۇبادا پۈت مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، سەكرەش كۈچى قالتىس، شۇنداقلا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بىر بۆرگە چېگرىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىغا قانۇنسىز تاجاۋۇز قىلغان، دەپ قارىلىدۇ؛ ئامېرىكىدا ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىش جىنايىتىگە ھۆكۈم قىلىنىشتەك مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

*پىششىقلاش مۇتەخەسسىسى*

ئەر: بىز تونۇيدىغان ھېلىقى سىياسىئونىنىڭ قىلغانلىرى بەكلا چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ زېمىنىنى باشقىلارنىڭ نامىدا بىر شىركەتكە سېتىپ، كېيىن يەنە بىر شىركەتنىڭ نامىدا سېتىۋال-

دىغان بىر خىل خەتەرلىك سورۇن.

*سەزگۈسىنى يوقىتىش*

رېژىسسور: بۇ فىلىمدا مۇنداق كۆرۈنۈش بار: ئۆيدە يالغۇز قالغان چېغىڭىزدا، تۇرمىدىن قاچقان ياش جىنايەتچى ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىدۇ - دە، پۇت - قولىڭىزنى باغلاپ قويۇپ، سىزنى سۆيۈشكە باشلايدۇ، سىز دېمە-كچىمەنكى، بۇ ئەھۋالدا ھوشىڭىزدىن كېتىپ قالىسىز.

ئايال باش رولچى: سىز دەۋاتقان يىگىت قاۋۇلمۇ؟ كېلىشكەنمۇ؟

رېژىسسور: ئەلۋەتتە، بىراق بۇلارنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟

ئايال باش رولچى: ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ مېنى باغلىمىسىمۇ، ھوشۇمدىن كەتكەن بولاتتىم.

زۇكام

رۇخسەت سوراشتىكى سەۋەب.

*مېھمان*

ئىشتىن بالدۇر قايتىپ كەلگەن بىر ئەر ئايالىنىڭ بىر ئەر بىلەن ئىشقۋازلىق قىلىۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ قاتتىق غەزەپلەن-گەن ھالدا تارتمىدىن تاپانچىنى ئېلىپ، رەقىبىگە تەڭلىگەنىكەن، ئايال ئاشنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئېرىگە ۋارقىراپتۇ:

- ئۇنى ئاتما، ئۇ بىزنىڭ شاپائەتچىمىز. سەن ئىشسىز قالغان چاغدا، تۇرمۇش راسخوتىمىزنى بەرگەن، مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، داۋا-لىنىش پۇلىنى تۆلىگەن، يەنە مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمنى ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئاخشىمى سەن ئىچىۋاتقان پىۋىلارنى ئەكىلىپ بېرىۋاتقان كىشى دەل مۇشۇ ئادەم.

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالغان ئەر بىر دەمدىن كېيىن ئېغىر ئېچىپتۇ:

- مېھمانىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىپ قوي، زۇكامداپ قالمىسۇن يەنە. ...

زۇڭتۇڭ

بۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ داھىيسى. بۇ بىر ئۇچۇم كىشىلەرگە

# س

**سائەت**

1. ۋاقىتنى ئۆلچەيدىغان بۇ خىل ئەسۋاب ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئەخلاقىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەر ۋاقىت بىزگە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن ۋاقىت بارلىقىنى، ئۇن نەچچە يىللىق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ جىلە بولۇپ يۈرمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

2. ھېچكىممۇ رىقابەتلىشەلمەيدىغان ئۆزىنىغا يۈگۈرۈش ماھىرى.

3. كېچىسىمۇ بىرەر دەم بوشىشىپ قېلىشنى بىلمەيدىغان سەگەك «گۈندىپاي».

**ساپ ھېسسىيات**

مەھرۇم بولمىغاندا كۆڭۈل قويۇپ دىققەت قىلىنمىدىغان، دىققەت قىلىغان چاغدا بولسا مەھرۇم بولىدىغان نەرسە.

**ساپا**

1. كەيپىياتنى تەڭشەيدىغان جاي.

2. ئۆزئارا چۈشىنىشىش ئۈچۈن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ كۆز بېقىشقىلى بولىدۇ.

*تەجرىبىسىزلىك*

دىرېكتور: بۈگۈن ئىشقا ئورۇنلاشقان ئايال كاتىپ دەرھال ماڭا بىلىق قورۇمىسى قورۇپ بەرسۇن.

ئىشخانا مۇدىرى: بىراق، ئۇنىڭ تەجرىبىسى يوقمىكىن.

دىرېكتور: ھەقىقەتەن تەجرىبىسى يوقكەن. بايا مەن ئولتۇرۇڭ، دېسەم، ساپاغا كېلىپ ئولتۇرماي، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋاتىدۇ.

دى. ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق زېمىنىنىڭ باھاسىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈ-
رۈۋەتتى. ئۇ تازا بىر «يەرنى پىششىقلاش» مۇتەخەسسىسى ئىكەن!

ئايال: قالتىسكەن! سەنمۇ ئاشۇ سىياسىئونىدەك بولغان بولساڭ،
مېنىڭمۇ ھەر ئاخشاملىق باھايىم ھەسسىلەپ ئاشقان بولاتتى.

**زىبۇزىننەت**

بۇ ئاياللار مۇھەببەت ئۈچۈن تاقايدىغان كويىزا.

**زىيارەت قىلىش**

1) زىيارەت قىلغۇچىنىڭ سىزدىن سورايدىغانلىرى ئۆزى قىزىقىدى-
غان، بىراق سىز قىزىقمايدىغان مەسىلە بولىدۇ؛ 2) ئۇ سىزنىڭ جاۋابلى-
رىڭىز ئىچىدىن پەقەت ئۆزىگە مۇۋاپىقلىرىنىلا تاللىۋالىدۇ؛ 3) ئۇ ئۆزى-
نىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە، سۆزىڭىزنى ئۆزىنىڭ سۆزلۈكلىرى-
گە تەرجىمە قىلىۋالىدۇ؛ 4) كىشىلەر، ھەتتا ئەڭ سالماق ئىلىم تەرەپدار-
لىرىمۇ سىزنىڭ پىكرىڭىز ۋە كۆز قارىشىڭىزنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

**زىيالىي**

ھازىرقى زامان كلاسسىك جەمئىيىتىدە بىر كىشى دەرىجىدىن تاشقى-
رى بازاردىن ئون كىلوگرام ياڭيۇ ئېلىپ، ئۆزى ھاممال ياللاپ ئۆيىگە
ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا «چۈنكى مەن زىيالىي» دەپ
جاكارلىغان چاغدىلا، ئاندىن بۇ كىشى بۇ قالپاقنى كىيىشكە لاياقەتلىك
بولالايدۇ.

**زىيان تارتىش**

1. كىشىلىك تۇرمۇش مەكتىپىنىڭ ئوقۇش راسخوتى.
2. سودىگەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەبلەغ سالىدىغان دەسمايە.
3. ھۆكۈمەتنىڭ ئىشسىز قىلىشى.

گەپ قىلىدىغان ئادەم.

**ساختىپەزلىك**

بۇ بىر خىل قابىلىيەت. ئۇ ئاجىز ھايۋان ياكى ئادەملەر بىلەن كۈچلۈك ھايۋان ياكى ئادەملەرنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەر چەكسىز مەنىۋى قانائەتكە ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا غايەت زور جىسمانىي ئازابىقمۇ ئۇچرايدۇ. ئىتالىيىنىڭ مۇنداق بىر تەمسىلى بار: «تېرەپۇرۇشنىڭ تولكە تېرىلىرى ئېشەك تېرىلىرىدىن كۆپ بولىدۇ.»

**ساداقەت**

1. چەكتىن ئېشىپ كەتكەن سادىقلىق كۆپ ھاللاردا خائىنلىققا باشلاپ بارىدۇ. سىز سەممىيلىك بىلەن بىرەر ئىشقا ئىشىنىپ قېلىشىڭىز، كۆپىنچە دەل سىزنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىڭىز ۋە دۆتلۈكىڭىزدىن بولىدۇ. دە، سىز سادىق بولغان نەرسە بىمەنىلىككە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا سىزنى بىر كۈپار ياكى لەۋزىدە تۇرمىغۇچىغا ئوخشاش بىر نومۇسسىزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنداق، بەكلا ئارتۇقچە سادىق بولۇپ كېتىش زادىلا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇ پەقەت سىياسىي ۋە دىنىنىڭ گېپىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ شۇنداق. ياھۇدانىڭ ئىساغا خائىنلىق قىلىشى ئۇنىڭ ئىساغا ھەددىدىن زىيادە سادىق بولغانلىقىدىن بولغان: ئۇ مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى، ئىسانىڭ مۆجىزە ئارقىلىق بارلىق يەھۇدىي مۇرىتلىرىغا مۇقەددەس كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلىشىنى چەكسىز كۈتۈپ تۇرالمايتتى، ئۇنىڭ ئىساغا خائىنلىق قىلىشى پەقەت ئۇنىڭ ئىسانىڭ غەلىبىسىنى تېزلىتىش ئارزۇسىدا بولغانلىقى ئۈچۈنلا بولغان.

2. خائىنلىق قىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەردىلا بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق.

**سارالڭ**

1. بۇ خىل ئادەم ئىنسانلارنىڭ ئىدراكىي تۇرمۇش ساھەسىدە جانلىنىپ، ئەخلاق پائالىيىتىنىڭ تۈرلۈك مۇساپىلىرى ئارقىلىق ھەر تەرەپكە كېڭەيمىچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى چەكسىز، تۈرلۈك شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، بىلمەيدىغىنى، قىلالمايدىغىنى يوق. دەل شۇ ئادەم

**ساپما كەش**

رېئاللىق ئىچىدە سۆرۈلۈپ يۈرگەن ئاياغ. ھەر بىر ئائىلىنىڭ قېپى-قى. ھەر بىر مېھمانخانىنىڭ يەلكىنى. ھەر بىر رولچىنىڭ قۇتۇلۇش چەمبىرىكى.

**ساتىراش**

دۇنيادا تەڭدىشى يوق مەمەدانە بولۇپ، پاراڭلاشقاچ چاچ ياساش، ساقال ئېلىش ماھارىتىگە ئىگە.

*ئوقەتنىڭ يولى*

بىر ساتىراش رازۋېدكا ھېكايىلىرى مەستانىسى ئىكەن. ئۇ كىشىلەر-نىڭ چېچىنى ياسىغاندا، ئۇلارغا دائىم ۋەھىمىلىك رازۋېدكا ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق خېرىدار جەلپ قىلماقچى بولىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بىر خېرىداردىن سوراپتۇ:

ـ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بوغۇزى ناھايىتى چوڭقۇر كېسىپ تاشلانغان. قېنى، دەپ بېقىڭا، قاتىلنىڭ ئىشلەتكىنى قانداق تىغ؟

ـ ئۇستىرا بولمىسۇن يەنە، ـ دەپتۇ خېرىدار قورقۇمسىراپ.

**ساختا پۇل**

بەزى لۈكچەك ۋە ئوغرىلار پۇل بېسىش زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، يوشۇرۇنچە راست پۇلنى تەقلىد قىلىپ بېسىش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساختا پۇل مەيدانغا كېلىدۇ. لېكىن بانكا غەزىنىنى باسالمىغان ھالدا چوقۇم ئۇلارنىڭ قانۇنى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

**ساختا پۇل ياسىغۇچى**

1. پۇل پاخاللىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پايپېتەك بولغان بىر جاپاكەش، مەسىلەن، ئاقساراي.

2. كەلسە ـ كەلمەس ساختا پۇل ياسايدىغان ئەبلەخ. مەسىلەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى.

**ساختىپەز**

ئەزەلدىن دۇرۇس ئىش قىلىپ باقمىغان، ئەمما كۈن بويى دۇرۇس

ئۇنىڭغا يەتتە دانە دورا بېرىپ، ھەر ئاخشىمى ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. دورا ئىچكەن مەزگىلدە، مۆتىۋەر ھەر كېچىسى چۈشىدە ساھىبجاماللار بىلەن بىللە بوپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر سېمىز مۆتىۋەر بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، دوختۇرنى ئىزدەپ بارغانىكەن، دوختۇر ئۇنىڭغىمۇ يەتتە دانە دورا بېرىپتۇ. بىراق ئۇ ھەر كېچىسى چۈشىدە جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئۆزىنى قوغلىغانلىقىنىلا كۆرۈپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇمۇ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ نارازى بولغان ھالدا دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارغانىكەن، دوختۇر دەپتۇ:

- سىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايسىز، سىز دېگەن ئىستىراخوۋانىيە قىلدۇرغان ئاغرىق.

## ساقال

1. ئەرلەرنىڭ زىننىتى ھەم قېلىن يۈزنى ئاغرىتماي تېشىپ چىقالايدىغان بىردىنبىر نەرسە.

2. مۆتەپەككۇرلارنىڭ دەسمايىسى.

## ساقچى

1. ئۇ ھەر خىل جىنايەتلەرنى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ھۆكۈمەت ياللىۋالغان تەرتىپ قوغدىغۇچى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى - قالايمىقان ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ، جامائەتچىلىكنىڭ شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈشكە قەتئىي يول قويماسلىق.

2. يامانىنى بابلايدىغان چارىسىدىن ياخشىنى بابلايدىغان چارىسى كۆپ ئادەم.

*ساقچى بىلەن ئوغرى*

بىر ساقچى بىر ئوغرىنى تۈرمىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئوغرى ساقچىغا دەپتۇ:

- ساقچى ئەپەندى، ماشىنىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇرسىڭىز، ئاۋۇ كىچىك دۇكاندىن بىر قاپ تاماكا ئېلىۋالسام.

ھەرپنى، مەتبە تېخنىكسىنى، تۆمۈريولنى، پار پاراخوتىنى، تېلېگراف-نى، سەپسەتىنى ۋە پەننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنى ئىختىرا قىلغان. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كەشىپ قىلىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئۇرۇش قىلىش-نى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئىلاھ ئىلمى، پەلسەپە، قانۇن، تېبابەت ۋە چىكاگونى بەرپا قىلغانمۇ يەنە شۇ ئادەم. ئۇ مۇستەبىت تۈزۈم ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىككى خىل سىياسىي تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۇ ياپپاش تۇرماقتا، ياراتقۇچىنىڭ سۈبھىسىدىن تارتىپ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

2. ئۆزىگە ياقمايدىغان ئادەملەرگە بېرىلگەن باھا، بۇنداق باھا ئادەتتە ئۆزئارا ئىشلىتىلىدۇ.

ساغلاملىق

1. دورىنى ئۆزىنىڭ يەڭگىسى قىلىۋالىدىغان، شۇنداقلا يەڭگىسى-نىڭ مۇرىسىگە تىنماي شاپىلاقلىيالايدىغان ئەڭ ئەركىن ئۇكا. ئادەم ئور-گانىزمى ساغلاملىق تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ئالدىنىدۇ، بىراق بىر تىنىمنۇ بەرمەيدۇ، شۇڭا ساغلاملىق ھايات ۋە ماماتنىڭ سەتەڭ خوتۇنى.

2. ئامراتلارنىڭ بىردىنبىر بايلىقى.

*ئىككى خىل ھالەت*

ئايال A : ئېرىمنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش. ھەر ئاخشىمى ھېرىپ سولاشقان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا ئۇخلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە روھلۇق ھالدا يەنە ئىشقا كېتىدۇ.

ئايال B : مېنىڭ ئېرىم ئىشتىن روھلۇق ھالدا قايتىپ كېلىدۇ، ئەتىسى بولسا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھالدا ئىشقا ماڭىدۇ.

ساغلاملىق سۇغۇرتىسى

ئەمەلىيەتتە «ساغلام ئەمەسلىك سۇغۇرتىسى» نىڭ باسما خاتالىقى.

*چۈش كۆرۈش*

قاتتىق سەمرىپ كەتكەن بىر مۆتىۋەر سېمىزلىك ئۆمۈرنى قىسقارتى-دۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. دوختۇر

قىسمىدىن زور مىقداردىكى ئاقسىلنى چىقىرىۋالىدىغان ئورۇقلىتىش مۇتە-
خەسسىسى.
ئۇلار ئەرلەر ئۆز رازىلىقى بىلەن سەكرەپ چۈشىدىغان بىر خىل
تۇزاق. شۇنىڭدەك شەيتان بىلەن تەڭرى ئورتاق بۆلۈشۈۋالغان ساختا،
ناچار مەھسۇلات.
*سىزنى كۆرگەندىن باشلاپ*
بىر قىز دوختۇر بىر يىگىتنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈۋېتىپ سوراپتۇ:
- قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟
- يۈرىكىم.
- قاچاندىن باشلاپ؟
- سىزنى كۆرگەندىن باشلاپ.

**ساۋاتسىز**

1. يېزىقنى كېرەك قىلمايدىغان ئادەم.
2. ئەستە تۇتۇش جەھەتتىكى چوڭ ئائىلە.

**ساۋاق**

ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئۆز خاتالىقىنى تۈزىتىش، باشقىلارنىڭ
خاتالىقى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇش.
*قايماق يېگۈزۈش*
ئانا ھەر كۈنى پىشۇرغان سۈتنى ئوغلىغا بېرىدىكەن. بىر كۈنى
ئوغلىغا قايماق بېرىۋېتىپ:
- ئوغلۇم، مەن ھەر كۈنى قايماقنى ساڭىلا بېرىۋاتىمەن، چوڭ
بولغاندا سەنمۇ ماڭا شۇنداق قايماق يېگۈزەرسەن، - دەپتۇ.
- ئاپا، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قىلارمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئوغلى، - سەن قايماقنى ئاۋۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغان چوڭ ئاپامغا بەرمەي
ماڭا بېرىۋاتىسەنغۇ، مەنمۇ سېنى كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، قايماقنى
بالامغا بېرىمەن.

**ساۋاقداش**

ئىمتىھان ۋاقتىدىكى جان - جىگەر قېرىنداشلار

ـ ھۇ سارالڭ، ـ دەپتۇ ساقچى، ـ سەن مېنى ئەخمەق چاغلاۋاتامسەن؟ سەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچماقچى، شۇنداقمۇ؟ تاماكىنى مەن ئەكىلىپ بېرىمەن، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر.

**ساقچى ئەمەلدارى**

قاتتىق مەست بولغان چاغدا ئەسقاتىدىغان بالا باققۇچى.

**ساكس**

بىر خىل چالغۇ. ئەچىگە كىشىلىك ھاياتنىڭ شېرىن چۈشلىرى لىق قاچىلانغان. ئۇنىڭ ئەچىگە ئۆمىلەپ كىرسىڭىز، شۇ ھامان ئاغزىڭىزغا جاراھەت چىقىپ قالىدۇ.

**سالاھىيەت**

پەقەت خۇدادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەرتىۋە. داۋاملىق ئۆسۈۋاتقان بۆشۈك.

**سالماق بولۇش**

1. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجى ھالدا مۇكەممەللىشىدىغان بىر خىل ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش تەدبىرى. مەسىلەن، ئۆي بىلەن ئۆيىنى قاپلاش، ھۆكۈمەت بىلەن ئەمەلدارلارنى قاپلاش.

2. ئۆزىنىڭ خاتالىقى يوقلۇقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا خوتۇنىدىن سوراپ بېقىش.

**سانائەت ئىنقىلابى**

سۇرئەت ئىنقىلابى.

**سانائەتلىشىش**

ئىنسان بىلەن يەر شارىنىڭ ئېلىشىش. نەتىجىدە يا ئىنسان ئۆلىدۇ، يا يەر شارى تۈگىشىدۇ.

**سانتىمېتىر**

دائىم ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باشقىلارنى ئۆلچەيدىغان، لېكىن ئۆزىدە ھېچقانداق ئېلگىرىلەش بولمايدىغان ئۆلچىگۈچ.

**ساھىبجامال**

ئەزەلدىن ئەرلەرنى سۆيۈپ باقمىغان، بەلكى دائىم ئەرلەرنىڭ بەل

**سەپسەتە**

1. «مەن»نىڭ كۆز قارىشىغا مۇخالىپ بارلىق سۆزلەر.

2. قوبۇل قىلىنمىغان نەزەرىيە. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئۆزىدە خاتالىق بولماسلىقى، پەقەت خاتالىقى ئاسان بىلىنىپ قالىدىغان شەرھىنىڭ ئۈستىگە قورۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

**سەتچىلىك خەۋىرى**

1. گېزىتلار تەرىپىدىن چەكسىز تەسىرلىك، مۇبالىغە قىلىنغان، شۇنداقلا سىز رەددىيە بېرىشكىمۇ نومۇس قىلىدىغان ھېلىقى بىر قىسىم ئەمەلىي ئىشلار. ھازىر، جەمئىيەتنىڭ سەتچىلىك خەۋەرلىرىگە بولغان ئېھتىياجى كۈنسايىن زورايماقتا. ناھايىتى روشەنكى، بۇ قانۇننىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلەرنى ھەددىدىن زىيادە قانات ئاستىغا ئالغانلىقى ۋە قوغدىغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان.

2. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ پاتېنتى.

3. ھەممەيلەن ھەۋەس قىلىدىغان قابىلىيەتنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا نامايان بولۇشى.

*قۇلۇپ*

سەپەردىن قايتىپ كەلگەن بىر ئەر ئۆيىگە كىرسە، ئايالى بىر ئەر كىشىنى قۇچاقلاپ تۇرغۇدەك. ئەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

ـ ئۇياتسىزلار، مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟! ھېلىمۇ ياخشى، مەن ئەمەن، باشقا بىرى كىرىپ قالغان بولسا، تازا سەتچىلىك بولمامتى؟ ھېچبولمىسا ئىشىكنى قۇلۇپلىۋالساڭلار بولمامدۇ؟!

*تەكشۈرۈش نەتىجىسى*

بىر خوجايىن بىر ئارتىس قىزنى ئالماقچى بوپتۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر خۇسۇسىي رازۋېدكىچىنى ياللاپ، قىزنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بوپتۇ. ئىككى كۈن بولا ـ بولمايلا رازۋېدكىچى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ: «بۇ ئەخلاقلىق قىز ئىكەن، بۇرۇن بىرەر سەتچىلىككىمۇ قالمىغانىكەن. لېكىن يېقىن-

**سايلام**

1. دېموكراتىك تۈزۈم ئەركىن پۇقرالارغا بەخش ئەتكەن ھوقۇق. ئەقىللىقلىقتا ئۆچمىغا چىققان پۇقرالار ئۆزئارا پەخەس بولۇشىدۇ، شۇڭا ئۇلار پەقەت ساراڭلارنى ئۆزلىرىنىڭ داھىيلىقىغا تاللىشالىدۇ.

2. بۇ ئەركىن كىشىلەر ئۆزلىرىنى كولدۇرلىتىدىغان، دۆلەتنىڭ كۆچىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىر خىل نەرسە.

**سايلام رىقابىتى**

نامزاتلار ئارىسىدا ئۆزئارا يول قويغان ھالدا قارشى تەرەپكە نىكاھتىن سىرتقى مۇھەببەت چولپانلىرىنى تاللاپ بېرىش ئۈچۈن ئوينىلىدىغان ئويۇن.

**سايلامغا بېلەت تاشلاش**

ھەر بىر كىشىگە ياراش تەس بولۇۋاتقان چاغدا كۆپچىلىك ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان يالغان - ياۋىداقلارنىڭ تويۇقسىز بىر ئۇستەل لەززەتلىك تائامغا ئايلىنىپ قېلىشى.

سايلام بېلىتى

بىر خانىم شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئىچىدە تويۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان شەھەر باشلىقى ئۇنى ئاۋايلاپ تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

- شەھەر باشلىقى ئەپەندى، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار؟

- كېلەر قېتىملىق سايلامدا ماڭا بىرەر بېلەت تاشلاپ قويارسىز.

- ھىم، بولمايدۇ، مېنىڭ پۈتۈم يارىلانغىنى بىلەن كاللام خېلى جايىدا.

**سايلام نۇتقى**

سىياسىئونلار ئىختىرا قىلغان تىل بىلەن مۇشت ئېتىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئويۇن.

**سايلىغۇچى**

بۇ خىل كىشىلەر باشقىلار تاللىغان كىشىلەرگە بېلەت تاشلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس، پەۋقۇلئاددە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

- ماڭا بىر دانە پىششىق تۇخۇم، يەنە بىر ئېغىز سەممىي گەپ كېرەك، - دەپتۇ. كۇتكۇچى بىر دانە پىششىق تۇخۇمنى ئېلىپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا دەپتۇ:

- تۇخۇمغۇ كەلدى، سەممىي گەپچۇ؟

كۇتكۇچى كۇلۇمسىرەپتۇ ۋە ئاغزىنى بوۋاينىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلىپ پىچىرلاپتۇ:

- ئەڭ ياخشىسى بۇ تۇخۇمنى يېمەڭ!

*سەممىيلىك*

تىمنىڭ ئۆيىگە ياش، چىرايلىق بىر ئايال مېھمان كەلدى.

- كەل قوزام، ھەدەڭنى سۆيۈپ قوي، - دېدى ئاپىسى.

- ياق، - دېدى تىم رەت قىلىپ، - بابا دادام ئۇنى زالدا سۆيۈپ قويماقچى بولۇۋىدى، قاتتىق بىر تەستەك يېدى.

سەنئەت

1. مەڭگۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان غالجىر ئىت.

2. ئىنقىلابنىڭ يۈك - تاق ماشىنىسىدىكى بىر پوسۇلكا.

3. «سەنئەت دېگەن نېمە؟» «سەنئەت - بەدىنىڭدىن ئېلىۋېتىلگەن خىمىيۋى تالا.»

*تالانت تەربىيىسى*

بىر كىشى قىزىنىڭ سەنئەتكار بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنى گۈزەل سەنئەت مەكتىپىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. قىزى ئون نەچچە پارچە رەسىم سىزغانىكەن، دادىسى رەسىملەرنى كىشىلەر توپلىشىدىغان جايلارغا چاپلىۋېتىپتۇ. كۆرگۈچىلەردىن بىرى قىزدىن سوراپتۇ:

- رەسىملىرىڭىزدە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك بار ئىكەن. قايسىلا رەسىمىڭىزگە قارىسام، رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ بېلىنىڭ ئۈستى سۇنىڭ ئۈستىدە، بېلىنىڭ ئاستى سۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئېيتىڭا، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

- چۈنكى، ئوقۇتقۇچۇم تېخى ماڭا بەلنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى سىزىشنى ئۆگەتمىدى.

دىن بۇيان ئۇنى بىر شاللاق خوجايىن بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرىدۇ، دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقىلىپتۇ. . . »

**سەرگەردان**

باش ئەلچى ئەمەس، لېكىن چەت ئەلدە ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئادەم.

*ماھىيەتلىك مەسىلە*

بىر سەرگەردان يول بويىدا توپتوغرا يېرىم كۈن ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئايال ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

- بىرەرىنى ساقلاۋاتامسىز؟

- ياق.

- ئەمىسە؟

- پەلتويۇمنى يۇغانتىم، ئۇ قۇرۇغۇچە مۇشۇ يەردە قاراپ ئولتۇرماقچىمەن.

- ئۇنداق ئەسكى پەلتونى كىيمەي ئۇغرىلاپ كېتەر؟

- مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس. مەن بىرەرىنىڭ ئۇنى ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

**سەرگەردان ھۆكۈمەت**

بىر ياقتىن تىلەمچىلىك قىلىپ، بىر ياقتىن دۆلىتىنىڭ بايرىقىنى چىقىرىدىغان بىر توپ ئابرۇيلۇق كىشىلەر.

**سەمىمىيەت**

ياشلارنىڭ ئورتاق ئىللىتى بولۇپ، پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولمىغان ياكى پايدا تەقسىماتى ئېنىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**سەمىمىيلىك**

1. مۇداپىئە ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشنىڭ پائالىيەت قورغىنى. قەرەلسىز يورۇقلۇق ياكى قاراڭغۇدىكى ئاي.

2. زوۋان سۇرمەسلىك، نادان قىياپەتكە كىرىۋېلىش.

*سەمىمىي گەپ*

بىر بوۋاي رېستورانغا كىرىپ، ئايال كۈتكۈچىگە:

ئاخباراتىدىكى سانغا قوشۇپ، بۇنى تۆتكە كۆپەيتكەندىن كېيىن، يەنە بۇنىڭ يېرىمىنى ئېلىش. بۇنداق قىلغاندا ئەمەلىي سانغا يېقىنلاشقان بولىمىز.

2. ئاددىي ساۋاتتىن پايدىلىنىپ ئاسان ھۆكۈم قىلىنغان رىئاللىق، ئەرەب رەقەملىرىدىن پايدىلىنىدىغان، شۇنداقلا قەستەن ئۇنى ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان مەسئۇلىيەتسىز خىزمەت. مەسىلەن: «ئون يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ياپونىيىدىكى نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ ئەللىك پىرسەنتى ئايال ئىكەن.»

3. بىر خىل زامانىۋى خۇراپاتلىق.

**سوئال سوراش**

كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ، جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز بولغان سوئاللارنى سورايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 18ـ ئەسىردە كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى: پەقەت سوئال سورىمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭلا سوئال سوراش لاياقىتى بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىنى چىقارغان. بىر داڭلىق مەكتەپنىڭ بۇ بەلگىلىمىسى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن.

**سوت مەھكىمىسى**

سودىيە ئاڭلايدىغان، خەلق گۇۋاھلىق بېرىدىغان، ئادۋوكاتلار چۈشەيدىغان، ھەر خىل لۇكچەكلەرنى قايتىدىن ھەر قايسى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇن.

**سوتتىكى ئەخمەق**

دەۋاگەر.

**سوتقا چاقىرىش قەغىزى**

1. بۇ سوتنىڭ سىزنى سوتقا بېرىپ جىنايىتىڭىزنى تاپشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئۇقتۇرۇش قەغىزى.

2. بىر خىل قورقۇنچلۇق ھەم مۇرەككەپ ھۆججەت بولۇپ، خۇددى تەكلىپنامىغا ئوخشاش سىزنى سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

**سەنئەتكار**

1. مەخسۇس تەڭرىگە يېشىل قالپاق كىيگۈزىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ساھىبجامالىلارنىڭ كۆكسىگە بىر نەچچە تال شېئىرنى تاقاپ قويۇشنى ياخشى كۆرۈش ياكى ئىنتايىن كونكرېت سىزىقلار ئارقىلىق بايلارنىڭ بەل ئايلانمىسىنى بىردەك ئابستراكتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

2. دىندىن خالىي دۇنيادا تىرىكچىلىك قىلغۇچى.

3. سەنئەتكە تايىنىپ ياشايدىغان سەنئەت قۇرتى.

**سەھەر**

1. ياشلار يالغۇزلۇقنى ھېس قىلىدىغان ۋاقىت.

2. ئوغۇل بالا بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىدىغان ۋاقىت.

**سەۋەنلىك**

ئىنساننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب.

**سەۋرچانلىق**

1. سەۋرچانلىق دەل سىزگە ھۆكۈم قىلىنغان مۇددەتسىز كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش جازاسى. سەۋرچانلىقنى يوقىتىش كۆپ ھاللاردا «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ.

2. بۇ گۈزەل ئەخلاق قىياپىتىگە كىرىۋالغان يەڭگىل دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىك.

*مېھمان كەتكۈچە . . .*

قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەن مېھمان ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلىدىن ئاستا سوراپتۇ:

- سىلەر ئادەتتە قاچان تاماق يەيسىلەر؟

- ئۆزىمىز سائەت بىردە تاماق يەيمىز، ئەمما ئۆيدە مېھمان بولسا كەتكۈچە سەۋر قىلىمىز.

**ستاتىستىكا**

1. دۈشمەن ئارمىيىسىدىن ئۆلگەن، يارىدار بولغانلارنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قىلغاندا تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ: ئارمىيىمىزنىڭ ئاخباراتىدىكى سانىنى 2.5 كە بۆلۈپ، بۇنى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ

ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ:
ـ تونۇيمەن، ئۇ بىر ئالدامچى، ـ دەپتۇ.
ـ ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئادۋوكاتىنىمۇ تونۇمسىز؟
ـ ھەئە، ئۇمۇ بىر ئالدامچى.
سوتچى دەرھال ئىككى ئادۋوكاتنى ئالدىغا چاقىرىپ پىچىرلاپتۇ:
ـ ئۆزۈڭلارنى بىلىڭلار، قايسىڭلار ئۇنىڭدىن مېنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورايدىغان بولساڭلار، سوتنى كۆزگە ئىلمىدى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىمەن.

**سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراش**

توخۇ يۈرەك، زوراۋانلارغا قارىتا خەتەر پەيدا قىلىدۇ؛ جىنىنىڭ بارىچە يۇقىرىغا يامىشىۋاتقانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراش گويا ئۇلارنىڭ ئۇچەي ـ باغرىنى سوغۇرۇۋالغاندەك بىلىنىدۇ.

**سوقۇرئۈچەي**

تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ كۆپرەك پۇل تېپىشى ئۇچۇن، ئىنسانلارغا تەڭرى ئىنئام قىلغان بىر ئەزا.

*ئامالسىز قېلىش*

گۆش دۇكىنىنىڭ ئايال خوجايىنى سوقۇرئۈچەي يالللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپتۇ. مالىيى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
ـ خوجايىن، كېسىۋېتىلگەن سوقۇرئۈچەيىڭىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭىز؟
ـ قانداق قىلاتتىم، سېسىپ كېتىپتىكەن، ساتقىلى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن تاشلىۋەتتىم.

**سولخاي**

رەقىبىنىڭ ئوڭ كاچىتىغا ئۇرۇشقا ماھىر پەۋقۇلئاددە ئىختىساس ئىگىسى، تۆرەلگىنىدىن تارتىپ ئوڭ قاناتلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ كەلگەن.

**سوۋغات**

1. ئاشكارە تاپشۇرۇلىدىغىنى ـ باج، مەخپىي تەقدىم قىلىنىدىغىنى ـ

**سودا**

بۇ بىر خىل رەقەم بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ پۇلىنىڭ يەنە بىر ئادەمنىڭ يانچۇقىغا قانچە قېتىم چۇشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

**سودا كەسپى**

قىممەت ۋە ئىشلىتىش قىممىتى توغرىسىدىكى تىنىمسىز تەش - تارتىشلار جەريانىدا قاقتى - سوقتى قىلىش ۋە ئالداشقا تايىنىپ ئىستېمال- چىلارنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇلنى بۇلىۋېلىش.

سەمىمىيەت بىلەن ئىناۋەتنى زەنجىر قىلغان، مەنپەئەتنى ماتور قىلى- غان مېخانىك قۇرۇلما.

**سودىگەر**

1. بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى پارچە ياكى توپ ساتىدىغان ئادەم.

2. ئاغزىدا دائىم «زىيان تارتتىم» دەيدىغان، ئەمما ئېگىز بىنالارنى سالىدىغان سېھىرگەر.

*ئەمتۇالغا يارىشا تاقابىل تۇرۇش*

پىرىكازچىك: خوجايىن، بىر خېرىدار: «بۇ كىيىمنى سۇغا سالسا قىسقىرامدۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ.

خوجايىن: ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلدىمۇ؟

پىرىكازچىك: بەك چوڭ كېپكەتتى.

خوجايىن: دەرھال ئۇنىڭغا قىسقىرايدۇ، دېگىن.

**سودىيە**

دېلونى ئات قىلىپ مىنىۋېلىپ ياسىما قىلىقلارنى قىلىدىغان ئادەم.

بۇ خىل ئادەم كالۋا جاۋابكارلارغا تاقابىل تۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئەگەر بىر جاۋابكار يالغان - ياۋىداقلارنى توقۇيدىغان بولسا، ئۇ دەرھال سوتنى توختىتىپ، جاۋابكارنى چېۋەر بىر ئادۋوكاتنى تەكلىپ قىلىش ئىمكانىيە- تىگە ئىگە قىلىدۇ.

*ئۆزۈڭلارنى بىلىڭلار...*

بىر ئايال گۈۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن سوتقا چاقىرتىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن

**سۆزمەنلىك**

ئاۋازنى جاراڭلىقراق چىقىرىش، خالاس.

**سۆڭەك**

هايۋانلارنىڭ ئەڭ قاتتىق بايلىقى. هېچكىممۇ ۋارىسلىق قىلالمايدىغان بۇ بايلىق ئاخىرىدا كۆلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

**سۆھبەت**

ئادەمگە باغلىق بولغان بىر پارچە تەسۋىرىي ئەسەر بولۇپ، ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم، ۋەقەلەرنىڭ بىرەرسىمۇ كام بولمايدۇ. رەقىبىنىڭ چىرايىنى ئەينەك قىلىپ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى پەرداز قىلىدۇ.

سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ مەۋقەسى ئوت بىلەن سۇدەك ئۆز-ئارا چىقىشالمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرقى ھېسابتا ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكى زادىلا مەۋجۇت ئەمەس. شۇ سەۋەبكە ئاساسەن، ئىككى تەرەپلا سان - ساناقسىز ئورتاقلىقلارنى تۇرغۇزۇپ، كېڭىشىشكە بولىدى-غان، تۈپ مەۋقەگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئېلان قىلغان ئاخباراتتىمۇ شۇ خىلدىكى قاتتىق پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھۆكۈمەت: «ھۆكۈمىتىمىز سىلەرنىڭ قارشىلىق قىلىشىڭ-لارغا رۇخسەت قىلىدۇ، تەرتىپكە ئازراق بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلارمۇ بولى-دۇ» دەيدۇ. نامايىشچىلار بولسا: «بىز ئەسلىدىكى پىلانىمىز بويىچە قانۇنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىمىز، بىراق ئازراق كونترولمۇ قىلىمىز» دەيدۇ.

**سۆيۈشۈش**

1. بۇ شائىرلار ئىجاد قىلغان، «ئىنتايىن راھەت» دېگەن سۆز بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئادەتتە، كىشىلەر بۇنى ئۆزئا-را بەك چۈشىنىشىدىغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل مۇراسىم دەپ قاراي-دۇ. بۇ مۇراسىمنىڭ زادى قانداق شەكىلدە ئۆتكۈزۈلۈشىگە كەلسەك، بۇ لۇغەتنى تۈزگۈچى بۇنىڭدىن تامامەن خەۋەرسىز.

2. ئېغىزغا لىق تولغان بەخت.

3. سۆيۈشۈش مۇقەررەر بىر سان بولۇپ، بىرنى بىرگە قوشسا يەنىلا بىر بولىدۇ.

سوۋغات.

2. يەمچۈك.

3. باشقىلار بايقاپ قالسا قارشى ئېلىنمايدىغان بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

**سۇ**

1. بۇ بىر خىل نۇر ئۆتكۈزگۈچ رەڭسىز سۇيۇقلۇق، بىز ھەر قېتىم قولىمىزنى تىققان ۋاقتىمىزدا، ئۇ قارا رەڭلىك مەينەت نەرسىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

2. مۇز قوشۇلغان ۋىسكىنىڭ ئاساسىي تەركىبى.

3. ئالتۇن بېلىقنىڭ ھاۋاسى.

4. ئىت بىلەن مۈشۈك ئىچىدىغان شورپا.

**سۇيىقەست**

قاراڭغۇلۇقتىكى ئەقىل - پاراسەت. دەھشەتلىك ۋەھىمە ئىچىدە قىلىنغان تەۋەككۈلچىلىك. ئوچۇق - ئاشكارە بولۇشقا ئۆلگۈدەك ئۆچ غايە.

**سۇيىقەستچى**

قارا نىيەت ئۇنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ، سۇيىقەست قىلىش ئۇنىڭ كەسپى، ئۇنىڭ قىببە نەيرەڭۋازلىقى ئۆزىگە ئار - نومۇس ۋە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنداقلا تۇرمۇش دائىم ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**سۈز تېمىسى**

ئەرلەرنىڭ سۆزىنىڭ مۇقەددىمىسى تەنتەربىيە، ئاياللارنىڭ بولسا جىنس (ياكى مۇناسىۋەت) بولىدۇ. بىراق بۇ ھەقتە پاراڭ بولسا ئازراق قىزىقچىلىق ۋە مۇبالىغە پۈركىگەن ئىگە بولىدۇ. پاراڭ پۇل بىلەن خىزمەتكە كەلگەندە ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى جىددىي بولىدۇ.

**سۆزلەش**

بۇ ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولماسلىق بولۇپ، مەلۇم ئېغىز تۇرۇشقا ئۇچرىغانلىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، تامامەن قىلچە مەقسەتسىز ھاياجانلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ.

**سۇبھى**

1. سەمىمىيەت ئاخىرلىشىشقا باشلىغان ۋاقىت.

2. ئاقىلانە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان ۋاقىت. ياشانغان بەزى كىشىلەر بۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، ئاۋۋال سوغۇق سۇدا يۇيۇنىدۇ، ئاندىن ئاچ قورساق بىر مۇنچە يول يۈرىدۇ ياكى ئويان - بۇيان ئېگىلىپ بەدىنىنى ئازابلايدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پەخىرلەنگەن ھالدا، دەل مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئۆزلىرىنى ساغلام، قاۋۇل قىلغانلىقىنى، ئۆمرىنى ئۇزارتقانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ شۇنچە ئويناقشىپ كېتىشلىرى، بىر مۇنچە ياش ياشىغانلىقى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قىيناش ئادىتىدىن بولغان ئەمەس. ئۆزىنى ئۆزى مۇشۇنداق قىينايدىغان بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ساغلام ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

**سۇپەت**

ئېلاننىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا قېرىندىشى.

بارلىق يالغان گەپلەردىن پىرسلاپ ياسالغان پېچىنە.

**سۇت ئەمگۈچى ھايۋان**

بۇ ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ چىشىسى بوۋىقىنى ئەمچىكى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. لېكىن، بۇ ھايۋان مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھامان، مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بوۋىقىنى بالا باقىقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ياكى ئېمىزگۇ بىلەن باقىدىغان بولۇپ قالدى.

**سۇرگۈن قىلىش**

مەجبۇرىي خاراكتېرلىك ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش پائالىيىتى. زېمىنى كەڭرى، ئادىمى شالاڭ گۈزەل دەۋردە، جىنايەتچى ۋە ئاتالمىش جىنايى قىلمىشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ قاتتىق ئازاب ۋە رەھىمسىز جازانى شەكىللەندۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىدە تىلەپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان، پەقەت يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ پاراۋانلىقتىن

4. ئېچىقاپ كەتكەن ئىككى ئادەمنىڭ شۆلگەي ئالماشتۇرۇشى.

5. ئىككىلىسىنىڭ ئېغىزىدا ھېچ نەرسە يوق، ئەمما ئۆزئارا جەننەت-نىڭ ھۇزۇرىنى سۇرۇشىدۇ. بۇ چاغدا چىققان ئاۋاز خۇددى پاتقاق ئازگىلدا-غا تىرەن پېتىپ قالغان سۇ كالىسى پۇتلىرىنى تارتقاندا چىققان ئاۋازغا ئوخشايدۇ.

*سۆيۈشۈش تەبىرلىرى*

قولاققا سۆيۈش ـ ھۆرمەت.

مەڭزىگە سۆيۈش ـ دوستلۇق.

لېۋىگە سۆيۈش ـ مۇھەببەت.

يۇمۇلغان كۆزگە سۆيۈش ـ مۇھەببەت ئارزۇسى.

ئالىقانغا سۆيۈش ـ قەدىرلەش.

قول بېغىشى ۋە بويۇنغا سۆيۈش ـ ئارزۇ ـ ئۈمىد.

ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەرگە سۆيۈش ـ ساراڭلىق.

*بىرلا بولسا بولاتتى*

بىر ئاتاقلىق كىنو چولپىنى بىر شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈشىگە قىزلارنىڭ ئارىسىدا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى مىڭ قىز بىلەن سۆيۈشۈپ سالاملىشىپ چىقىپتۇ. قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئاياغلاش-قاندىن كېيىن ھەمراھلىرى ھەۋەس قىلغان ھالدا سوراپتۇ:

ـ شۇ تاپتا ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟

ـ يامان ئەمەس. لېكىن، ئەگەر مۇمكىن بولغان بولسا، ئاشۇ ئىككى مىڭ قىزنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىپ ئىككى سائەت سۆيگەن بولسام كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى.

*مۇھەببەتنىڭ تىلى*

يىگىت: سىز سۆيۈشۈش ـ مۇھەببەتنىڭ تىلى، دېگەن گەپكە ئىشەن-مەمسىز؟

قىز: ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن.

يىگىت: بەك ياخشى بولدى! ئەمىسە ئىككىمىز ئوبدانىراق سۆزلىشىپ باقمايلىمۇ؟

بىر ياخشى سىرك نومۇرى شەپقەتسىز سوراق بىلەن قىيناپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرغۇچىلارنىڭ قايتا - قايتا كۆرۈپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ بەدەنگە بولغان بىلىمىنىڭ تېخى تولىمۇ يۈزە ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايدۇ.

سىپسىق نام

1. ئىجتىمائىي شان - شەرەپ ئۇچۇن سىز بىلەن رىقابەتلەشسە، ئۇ دەل سىپسىق نامى پۇر كەتكەن ئەبلەخ بولىدۇ. سىپسىق نام قابىلىيىتى ئادەتتىكىچە بولغان كىشىلەر ئەڭ ئاسان ئېرىشىدىغان نام - ئاتاق بولۇپ، ئۇلارغا بۇ ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

2. چىرايلىق نامنىڭ بىر خىل تەرەققىيات شەكلى.

3. چوڭچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئە ۋاكسىنىسى.

سىغىنىش

كونا كەيپىياتقا قايتا - قايتا تەقلىد قىلىش. ئەڭ ياخشى ماڭغىلى بولىدىغان كىشىلىك ھايات يولى.

سىغىز كەمپۈت

ئېغىزدا چاينىلىۋاتقان شېرىن تۇرمۇش.

سىمىزلىك

دۇنيادا ئاشلىق يېتىشمەسلىكتىكى سەۋەب.

سىھىرگەرلىك

1. كىشىلەرنىڭ بىھۇدە خىياللارغا بېرىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان سەنئەت. باشقا سەنئەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل ئالداش سەنئىتى راست ھەمدە سەمىمىي بولىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن بىر داۋلىنى چىقارغىلى بولىدۇكى، تىرىكلىك - باشقىلارنى ئالداش جەريانىدا باشقىلار تەرىپىدىن داۋاملىق ئالدىنىشتۇر.

2. خۇراپاتلىقنى تەڭگىگە ئايلاندۇرىدىغان بىر خىل سەنئەت. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى سەنئەتلەرمۇ مۇشۇ ئۇلۇغ مەقسەتكە يېتىدۇ، بىراق بۇ لۇغەتنى تۈزگۈچىنىڭ بىلىدىغىنى ئاز بولغاچقا، قالايمىقان مۇھاكىمە قى-

تەنها بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىغا كۆزىنى يوغان ئاچقىنىچە قاراپ قالىدىغان بولۇپ قالدى.

**سۇكۇت**

ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قېلىش ياكى رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قېلىش.

**سۇنئىي باغ**

گۈزەل تەبىئەتكە بولغان ئەڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇر.

**سۇنئىي نەپەسلەندۇرۇش**

1. ھايات قالغۇچى: «سىز جېنىمنى قۇتقۇزغان شەپقەتچىم!» ئەتراپتىكىلەر: «سىز تازا بىر چېپىلغاقكەنسىز!»

2. ئادەم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان شامال ساندۇقى.

*ھايات ـ مامات*

مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن بىر ئوغۇل بالا ئۆيىگە كىرىپ، قۇچاقلىشىپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئوغۇل: سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

ئاتا: بايا ئاپاڭنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى، مەن سۇنئىي نەپەس ئالدۇرۇپ قۇتقۇزۇۋالدىم.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشتىن قايتىپ كەلگەن ئاتىنىڭ ئالدىغا ئوغلى يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ.

ئوغۇل: دادا، دادا، بايا ئاپامنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى!

ئاتا: نېمە؟!

ئوغۇل: ئەنسىرىمەڭ، ئاپامنى بىر تاغام قۇتقۇزۇۋالدى.

**سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش**

1. كۈچ سەرپ قىلىنمايدىغان ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇش.

2. زىنا قىلىش جىنايىتى ھېسابلانمايدىغان بىر خىل قىلمىش.

**سېرىك**

سەنئەتنىڭ بۇ ئاجايىپ تۈرى بىزگە ئىنسانلار بەدىنىنىڭ كۈچلۈك ئېلاستىكلىقى ۋە چىداش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

3. كاللىنى ۋەيران قىلىدىغان جاي.

سىياسەت

1. بىزنى قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ھۇزۇرلاندۇرىدىغان سوقما ساز.

2. ئەڭ ماھىر سېھىرگەرنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنى.

سىياسەتۋاز

1. ئۇ ئاممىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، ئۇ ئاممىنىڭ جىگىغىۋەتكەن سۆيىدۇكىگە بەك ئوخشايدۇ.

ئۇ يۇقىرىلارنىڭ شىكايەتچىسى رولىنى ئېلىشنى خالايدۇ، شۇنىڭ بەدەنلىگە ماددىي جەھەتتە مۇۋاپىق بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نام - شەرىپىنى گېزىتتە كۆرۈپ تۇرىدۇ. يەنە ئۇنىڭ قىياپىتى قەرەللىك ھالدا تېلېۋىزوردا لىغىلداپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

2. بۇ پاتقاقتىكى بىر تال يىلانبېلىق. تۈزۈلۈشى مۇكەممەل بولغان ئېگىز بىنا مۇشۇ پاتقاقنى ئۇل قىلغان ھالدا بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ يىلانبېلىق پىلتىڭشىغان چاغدا، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ پۇلاڭلىشىنى پۈتكۈل بىنانىڭ تىترىشى دەپ قالىمىز. سىياسىئون بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىياسەتۋازنىڭ زىيان تارتىدىغان يېرى ئۇنىڭ يەنىلا تىرىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

سىياسىئون

1. تىپتىنچ دۇنيانى ئىلەشتۇرۇپ خاتىرجەمسىز قىلىۋېتىدىغان ئادەم. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىلەشتۇرۇشى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر ئارازلىشىپ، قان بىلەن ئوت گىرەلىشىپ كېتىدۇ. دۆلەت ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا ئۆلۈكتەك جىمجىتلىقتا پېتىپ قالىدۇ.

2. بىر ئۆمۈر دۆلەتنى تۈزەشنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ سۆڭىكىنى خەلقنىڭ ئالدىدا قاتتىق، مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا يۇمشاق قىلىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان ئادەم. ئېچىپ ئېيتقاندا، سىياسىئون - بىزگە بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق بەرمەيدىغان، ھەر ۋاقىت ھوقۇق خەنجىرىدە ئۆلۈشتىن ئىككىلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتالايدىغان ئادەم.

3. بۇ بىر خىل سودىگەر، ئۇنىڭ تىجارەت قىلىدىغان ماگىزىنى - ھۆكۈمەت. سىياسىئونلار ئەركىنلىك پارتىيىسىدىكىلەر ۋە كونسېرۋاتىپ-

لىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

3. كىشىلەر ئالدىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى خۇشاللىقتا چۆمدۈرىدىغان پروگراممىلار.

سىرلىق ساراي

قەدىمكى زاماندا بابىلون ئارىلىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ مۇرەككەپ بىر سىرلىق ساراي ياسىتىپتۇ. كېيىن، زىيارەتكە كەلگەن بىر ئەرەب پادىشاھى بۇ سىرلىق سارايغا ئالداپ كىرگۈزۈلۈپتۇ. سارايغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئېزىقىپ، گاڭگىراپ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە چىقىش ئىشىكىنى بەكمۇ تەستە تېپىپتۇ. ئۇ بابىلون پادىشاھىغا، ئەرەبىستاندىمۇ بىر سىرلىق ساراي بارلىقىنى، خۇدا بۇيرۇسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بابىلون پادىشاھىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئەرەبىستانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى سەركەردە - لەشكەرلەرنى يىغىپ بابىلونغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ، بابىلون پادىشاھى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ ئەرەبىستان قوشۇنلىرى ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئەرەب پادىشاھى ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە سىرلىق سارىيىمنى كۆرسىتىپ قوياي. بۇ سارايىنىڭ ياماشقۇدەك پەلەمپىيى، ئاچقۇدەك ئىشىكى، ئادەمنى ھاردۇرىدىغان كارىدورى، يولنى توسۇۋالىدىغان تېمى يوق» دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن بابىلون پادىشاھىنى باغلاقتىن بوشىتىپ قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئاخىر ئۇ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شان - شەرەپ ئۆلمەسلەرگە مەنسۇپتۇر.

سىناش

يىگىتنىڭ قىزنى سىناش ئۇسۇلى يىراقلارغا كېتىش، قىزنىڭ يىگىتنى سىناش ئۇسۇلى بولسا، كۆرۈشىدىغان يەردە يىگىتنى ساقلىتىشتىن ئىبارەت.

سىنىپ

1. چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇنقى ئاشخانا.

2. مەخسۇس ئۆگدەشكە شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان ھۇجرا.

**سىياھ**

1. جاھالەت، ئۈمىد، ئاچكۆزلۈك، جىنايەت قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئارىلاشما ماددا بولۇپ، ئەتراپلىق ئويلىنىشتىن ئۆتكەن ئىدىيە ۋە كەيپىياتلارنى ئېغىز بىلەن بىلجىرلىغانغا قارىغاندا تېخىمۇ يىراق-لارغا تارقىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى جاھالەتنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈ-رۈش ۋە ئىنسانلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە ياردەم بېرىشتە ئىشلىتىلى-دۇ. سىياھنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرى ئاجايىپ ئۆزگىچە ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نام - ئاتاقنا ئېرىشكىلى، يەنە نامىنى بۇلغىغىلى بولىدۇ. مۇخبىر دەپ ئاتىلىدىغان بەزى كىشىلەر سىياھ مۇنچىسى ياسىۋالغان. بەزىلەر پۇل تۆلەپ بۇ مۇنچىغا چۈشىدۇ. بەزىلەر بولسا پۇل تۆلەپ بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال شۇكى، سىياھ مۇنچىسىغا كىرگەنلەرنىڭ خەجلىگەن پۇلى بۇ مۇنچىدىن قايتىپ چىققانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدۇ.

**سىياھ قەلەم**

گەرچە قورسىقى سىياھ بىلەن تولغان بولسىمۇ، پەقەت ئىگىسىنىڭلا ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

لار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كونسېرۋاتىپلار ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گۇناھلارغا مەپتۇن. ئەركىنلىك پارتىيىسىدىكىلەر بولسا ئۇزلىرى تاللىۋالغان جىنايەتلەرنى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گۇناھلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئۇمىد قىلىدۇ.

**سىياسىي**

1. ئامېرىكىدا چوشقا كونسېرۋاسى ياساشتىن باشقا، ئەڭ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان تىجارەت.

2. ئوخشاشمايدىغان پرىنسىپلارنىڭ كۈچ ئېلىشىشى قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر خىل پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشى. ئومۇمنىڭ ئىشلىرى نامىدا شەخسىي پايدا ئېلىشتا ئىشلىنىدىغان نەيرەڭ.

**سىياسىي ساھە**

بەزى كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، تامامەن بىر دۇرۇس ئادەم تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئىچىگە سەكرەپ چۇشۇشكە ئۇرۇنىدىغان قىلتاق. لېكىن، سىز ئۇ يەردە بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا بۇرۇنقى تونۇشلارغا ئىمكانىنىڭ بارىچە ئۇزىنىڭىزنى تونۇتماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

**سىياسىي سەرگەردان**

ئادەتتىكى قىزغىنلىق ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەر. بىر دۆلەت زۇكام بولۇپ قالغان چاغدا، كۆپىنچە ئۇلار ئالدى بىلەن باش ئاغرىتىدۇ.

**سىياسىي سەنئەت**

ئامېرىكا جەمئىيىتىدە، سىياسىي سەنئەت سىياسىينى تۇزەشنىڭ (سىياسىي ئۇزىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئېنىقلاشقا ئامالسىز بولغان مەنتىقىسىگە ئاساسەن ئۇز ـ ئۇزىنى تۇزىشى كېرەك) ئەمەس، بەلكى بىر مۇنچە قىسقا جۇملىلەرنى ئويلاپ تېپىپ، بۇ يارقىن شۇئارلاردىن پايدىلىنىپ، سايلىنىپ بولغان ياكى سايلىنالمىغان سىياسىئونلارنى ئاممىغا تونۇتۇش ۋە چۇشەندۇرۇش، شۇنداقلا پۇتۇن پۇقرالارنىڭ بېلەت تاشلىشىدىن ئۇتكۇزۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

**شاۋقۇن**

1. ياۋايى، ئىپتىدائىي، كۆندۈرۈلمىگەن مۇزىكا. ب د ت نىڭ يىغىنىدا پىكرىنى ئىنگلىز تىلىدا ئىپادىلىمەيدىغان ھەر قانداق بىر دىپلو-ماتنىڭ سۆزى.

2. بۇ كۆندۈرۈلمىگەن بىر خىل مۇزىكا، قۇلاققا كىرگەن بىر خىل يامان يۇراق. ئۇ مەدەنىيلىكنىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتى، شۇنىڭدەك مەدەنىي بولغانلىقنىڭ بەلگىسى.

**شەپقەت**

1. ئۆسمۈرلۈك ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئۇكسىگىن، ئۇزۇقلۇق ۋە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يۇمشاق شىلانكا.

2. بۇ باشقىلار بايقاپ قالغان جىنايەتچىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل پەزىلەت.

**شەخسىيەتسىزلىك**

بىر خىل ئالىيجاناب ئەخلاق بولۇپ، ئادەتتە باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلىرىگە، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشنى كۆرسە-تىدۇ.

**شەكىل**

باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان بىر خىل قىياپەت. بارلىق گۈزەل نەرسە-لەر شەكىلدىن ئىبارەت. شەكىل كۆپ ھاللاردا بىز تىككەن دو بولۇپ قالىدۇ. كېلەر ئەسىردە يەنە شەكىلنىڭ ئورنىدا، پەقەت خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر سەھەرلا، ۋاقتىنچە ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان بىر سە-ھەرلا قېپقالىدۇ.

**شەھەر**

ئىنسانلار بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان جەسەت كۆلى ساندۇ-قى. پۇتمەس - تۈگىمەس ئەسلىمىلەرگە تولغان سارائىلار دوختۇرخانىسى. ھېچكىم چىقىپ كېتىشنى خالىمايدىغان تۈرمە. بۇ يەردە ھەممە كىشى ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلىپ قويىدۇ. بۇ يەردە سىز ئۈششۈقلۇق بىلەن ياشىشىڭىز كېرەك.

# ش

**شاللاق ئايال**

ئېلاستىكلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئايال. ئۇ توپتوزۇك ئەرلەرنىڭ قەلبىنى تەۋرىتىپ، مۇستەھكەم ئائىلىلەرنى لەرزىگە سېلىشۇپتەلەيدۇ. يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى دەل بېشىنى كۆتۈرەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن بولغان.

**شام**

ئانا. ئاشنا. نۇر چېچىپ تۇرغان ئۇي.

**شامال**

يازدا تىلەيدىغان، قىشتا بىزار بولىدىغان نەرسە. دولقۇننىڭ ئانىسى- ئوتنىڭ ھەدىسى.

**شائىر**

1. تاغ قاپتىلىدا تۇرۇۋېلىپ خەلق ئۈچۈن خۇشال بولىدىغان، چەكسىز ھەسرەت چېكىدىغان، ھەر خىل باھانىلەرنى تېپىپ ياش تۆكىدىغان ئادەم. شائىرلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇلار باشقىلارنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئەمگىكى ئىمكانىنىڭ بارىچە ئۆزىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشتىن ئىبارەت.

2. نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم.

*ئادالەتسىزلىك*

شائىر: بۇ دۇنيا بەك ئادالەتسىز ئىكەن.

دوستى: قانداق دەيسەن؟

شائىر: ئىشچىلار ناچار شېئىر يازسا بولىۋېرىدىكەن، دېھقانلار ناچار شېئىر يازسىمۇ بولىۋېرىدىكەن، لېكىن شائىرلار ناچار يازسا بولمايدىكەن.

بارلىق كىشىلەردە روھىي قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلغۇچى. ئۇنىڭ بويى تەڭرىنىڭكىدىن ئۈچ دىيۈيم ئېگىز. رەقىبى بولماسلىق ـ شەيتاننىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى. ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا كۆلكە ئاتا قىلغان.

**شەيتان لۇغەت**

ئىنسانىيەتنىڭ ئېزىتقۇلۇقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان ئەينەك.

**شوپۇرلۇق كىنىشكىسى**

ئۆلگەن ئادەمنى توشۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىر چوشەندۈرۈش كىتابچىسى.

*شۇنداق ئەمەسمۇ*

ساقچى قاتناش ھادىسىسى تۇغدۇرغان بىر شوپۇرغا:

ـ شوپۇرلۇق كىنىشكىڭىزنى چىقىرىڭ، كۆرۈپ باقاي، ـ دەپتۇ.

ـ كىنىشكام يوق.

ـ نېمىشقا؟

ـ قىزىقكەنسىز، مېنىڭدەك بىر سەۋىيىسى ناچار ئادەمگە قاتناش ئىدارىسى كىنىشكا بېرەمدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

*مۇنداق ئىشمىدى*

بىر ساياھەتچى تاكسىغا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىقىپتۇ. يېرىم يولدا ئۇ شوپۇردىن بىر ئىشنى سورىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ-تىكەن، شوپۇر قورققىنىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ـ كەچۈرۈڭ، سىزنى بۇنچە قورقۇپ كېتەر، دەپ ئويلىماپتىمەن.

ـ ھېچ ۋەقەسى يوق، كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ. بۈگۈن تۇنجى قېتىم تاكسا ھەيدىشىم، بۇرۇن مېيىت ماشىنىسى ھەيدەيتتىم.

**شورپا**

1. ئېشىپ قالغان چاي.

2. چىۋىننىڭ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى.

**شوۋىنىزم**

بىر ئوچۇم قومنى تۇرلۇك خەلقلەرنىڭ ئاغزىغا تىقىپ، چايناڭغان

**شەيتان**

1. «تەۋرات»تا شەيتاننىڭ ئورنى ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. كېيىن، يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ئۇنى تەڭرىنىڭ ئالەمدىكى چوڭ رەقىبى ئورنىغا كۆتۈرۈپ قويىدى. ھەممە يەردە مەۋجۇت بولغان كۈچ - قۇدرىتى ھەر دائىم ئىنسانلارنىڭ ئاجىز تەبىئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يامان يولغا مېڭىشقا ئېزىقتۇرۇپ كەلدى. ئالۋاستى ۋە جىنلاردىن تەركىب تاپقان ئارمىيىسى ئۇنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. خۇددى خرىستىئاننىڭ پەرىشتىلىرى ۋە مۇرىتلىرىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ سانى كۆپ ھەم ئۇلار ھەممە يەرگە تارقالغان.

2. بۇ ھەممىنى ياراتقان تەڭرىنىڭ ئېچىنىشلىق بىر خاتالىقى. شەيتان ئەسلىدە بىر پەرىشتە بولۇپ، پەرىشتىلەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتىلىشىپ، يوق يەردىن چاتاق چىقىرىدىغان بولۇپ قالغان. نەتىجىدە تەڭرى ئۇنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان. ئەرشتىن ئىنسانلار ئارىسىغا كېتىۋېتىش يولىدا، ئۇ كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ، يەنە جەننەتكە قايتىپ بېرىپ، تەڭرىگە:

- مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، - دېگەن.

- ئېيتقىن.

- مەن ئادەمنىڭ ياساپ چىقىلغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ قانۇنغا ئېھتىياجلىق.

- ھەي، يىرگىنچلىك ئەبلەخ! سەن ئۇنىڭ قىسمىتىگە پۈتۈلگەن دۈشمىنى، ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ روھىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە تېخى ئۇنىڭغا قانۇن تۈزۈپ بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشىش كويىدا بولۇۋېتىپسەن.

- كەچۈر، مەن سەندىن تەلەپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇن تۈزۈشىگە ئىجازەت بەرسەڭ.

نەتىجىدە تەڭرى ئادەمنىڭ قانۇن تۈزۈشىگە ئىجازەت بېرىشنى قارار قىلغان.

3. ئەڭ سەزگۈر بايراق.

# غ

**غاخزا**

1. تاماكىنىڭ كونترول قىلىش ئەسۋابى.

2. ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئويلىغاندا، ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك چېكىش ئۇسۇلى ـ ئوت تۇتاشتۇرماسلىق.

**غالجىر ئىت كېسىلى**

ئادەم بىلەن ھايۋانلار ياۋايىلارچە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل كاپىتالىزم. ئۇنىڭ بازىسى مانچېستىردىمۇ ئەمەس، ئىسپاتلىنىشىچە نيۇ - يوركتىمۇ ئەمەسكەن. بۇ ئىنسانشۇناسلار دۇچ كېلىۋاتقان ھەم ئۇلارنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان جىددىي، قىيىن مەسىلە.

**غالجىرلىق**

ئومۇمىنىڭ ئىدىيە، تىل، ھەرىكەت ئۆلچىمى بىلەن ئوخشىماسلىقىنىڭ ئۆزى غالجىرلىق. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى غالجىر ئەبلەخ، دەپ تىللايدۇ، بىراق ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىغۇدەك پاكىت يوق.

**غالىبلىق**

بىر دانە يادرو بومبىسى بىلەن دەرەخ تېگىدىكى چۇمۇلە ئۇۋىسىنى پارتلىتىۋېتىش ياكى قاباھەتتىن پايدىلىنىپ ئىنسانىيەتنىڭ زەئىپ ۋىجدانىنى ئاستاغىنا ئۆچۈرۈۋېتىش.

**غايە**

بارلىق باش ئاغرىقلىرىنىڭ مەنبەسى. رېئاللىقنى ۋەيران قىلىۋېتىدى-

ھامان خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرگە سوقۇلىدىغان قىلىپ قويۇش-
تىن ئىبارەت.

**شېرىك جىنايەتچى**

پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئەقىل كۆرسىتىدىغان ئادەم. ئۇ خۇددى
ئاقىلىغۇچى ئادۋوكاتقا ئوخشايدۇ، يەنى بىر ئادەمنىڭ جىنايىتى بارلىقىنى
ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۇنىڭغا يانتاياق بولىدۇ. ئادۋوكاتلار ساھەسى
بۇنداق ئەيىبلەشنى تا ھازىرغىچە كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ كەلمەكتە، چۈنكى
ئۇلارغا بۇنىڭ خىراجىتىنى بېرىدىغان ئادەم يوق.

**شېرىن ئاي**

1. توي مۇراسىمى بىلەن ھەقىقىي تۇرمۇش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت.
2. جىنسىي تۇرمۇش قانۇنىيلاشقان، بىراق ھەقىقىي تۇرمۇش تېخى
باشلانمىغان قىسقا ۋاقىت.

**شىبكەر**

ئەڭ تاتلىق ئۆلتۈرۈش - ياردار قىلىش كۈچى.

**شېئىرىيەت**

1. بۇ ژۇرناللاردىن قېچىپ تەبىئەتتىلا ياشايدىغان بىر خىل تۈيغۇ.
2. شائىرنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرالمايدىغان، ئەمما ئىنسانلارنىڭ قەل-
بىنى تولدۇرىدىغان نەرسە.
3. «شېئىر دېگەن نېمە؟» «شېئىر دېگەن ئۆزۈڭ!»

**شىركەت**

باج تاپشۇرۇشتىن قاچىدىغان بىر خىل ئەسلىھە. ئۇنىڭ بىلەن بۇ
خىل نەرسىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى تامامەن باشقا - باشقا ئىش.

**شىكايەت قىلىش**

قانۇن جەھەتتە، شىشخالنى قۇتىغا سېلىپ يەنە بىر قېتىملىق تاشلاشقا
تەييارلىنىش.

**شىلەپە**

مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەم كۈلكىلىك، ھەم پاسكىنا بايرىقى.

**غەلىبە قىلىش**

كىشىلىك ھايات خۇشاللىقىنىڭ تۆت چوڭ مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرى.

قالغان ئۈچى: جىنسىي مۇناسىۋەت، قىمار ۋە پۇلدىن ئىبارەت.

**غەلىتە**

بۇ نام چىقىرىشنىڭ ئەڭ ئەرزان ئۇسۇلى بولۇپ، ئەخمەقلەر دائىم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

**غەلىتە خەۋەر**

ئۆزىنىڭ دادىسىغا ياتلىق بولغان يېڭى كېلىنىنىڭ ئەمدىلا چىقارغان توي قىلىش ئېلانى.

**غەمخورلۇق**

سىزگە قادىلىپ تۇرۇۋېلىپ، سىزنى بىر كاپام ئاشنىمۇ يۇتالمايدىغان قىلىپ قويۇش. ھەممىگە مەلۇمكى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىز ياشايدىغان كىچىككىنە يەر شارىدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە غەمخورلۇق قىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى چاۋشىيەن، ۋيېتنام، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەر تەدرىجىي ھالدا ھەممىنىڭ ئالدىدا تاماقنى ئالدىرىماي - تېنىمەي چاينىيالايدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى.

**غۇرۇر**

1. ئادەم بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەن يۈرىكىگە مەدەنىيەت مۇقىم ئورنىتىپ قويغان، شۇنداقلا تېگىپلا كەتسە چىقىلىپ كېتىدىغان بۇيۇم.

2. بىر خىل خاتا باھا.

*سىز كىمنىڭ ئايىغىنى مايلايسىز*

بىر دىپلومات لىنكولىننى زىيارەت قىلغىلى بارغىنىدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئايىغىنى مايلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ سوراپتۇ:

- زۇڭتۇڭ ئەپەندى، سىز ئايىغىڭىزنى ئۆزىڭىز مايلامسىز؟

- شۇنداق، سىزچۇ، سىز كىمنىڭ ئايىغىنى مايلايسىز؟

غان ۋە بۇزۇۋېتىدىغان بىر خىل كۆپ تىغلىق قاتىللىق قورالى.

غەرب

بۇ دۇنيانىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شەرقنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ رايونغا ئاساسەن خرىستىئان مۇرىتلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ ساختىپەزلەر جەمەتىدىكى بىر قۇدرەتلىك جەمەت. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كەسپى قاتىللىق ۋە ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا «ئۇرۇش» ۋە «سودا» دېگەن چىرايلىق نامنى قويۇشۇۋالغان. بۇ يەنە شەرقنىڭمۇ ئىككى چوڭ كەسپى.

غەرق مەست بولۇش

ئۇدا ئىككى كۈن مەست بولسىمۇ، يەنىلا هاراق ئىچىشتىن ۋاز كەچمەسلىكتەك بىر خىل هالەت.

*ئايالنىڭ دەردى*

- ۋېيەي، قويساڭچۇ، ئېرىمنى نېمە دېسەم بولار، كۆپ ئىچىۋالغان كۈنى ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ دېگىنە!

- ئازراق ئىچ دېسەڭ بولمامدۇ؟

- ۋايىيەي! قانغۇچە ئىچمىگەن كۈنى مەست ۋاقتىدىكىدىنمۇ بەتتەر ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ.

غەزەپ

بۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئاچچىقىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئېسىلزادىلەرگە ياكى كاتتا سورۇنلارغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەسىلەن، بىز دائىم ئىشلىتىدىغان «تەڭرىنىڭ غەزىپى» دېگەنگە ئوخشاش.

غەلىبە قىلغۇچى

جەڭدىي قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپلىگەن رىقابەتچىلەر ئارىسىدىكى غەلىبە قىلغۇچى. بىر توپ ئورۇقلار بىر تۇخۇمغا قاراپ ئېتىلغاندا، ئەڭ تېز يۈگۈرگىنىلا تۇخۇم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى ئورۇقلاندۇرىدۇ. بۇمۇ كىشىلەر تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەندە تەبرىكلەشنى قوبۇل قىلىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

## فورما

مىسسىئونېرنىڭ پەرىجىسى ـ خاسىيەتلىك ئادەمنىڭ بەلگىسى؛ سودديەنىڭ پەرىجىسى دىنىدىن خالىي دۇنياغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چېركاۋنىڭ سېھرىي تەسىرىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي فورما موناخلارنىڭ كىيىمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ.

# ف

## فوتو ئاپپارات

بالىلىق چېغىڭىزدا سىز دائىم مۇنداق بىر خىيالنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولغىيدىڭىز: تەڭرى سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بەلكى ھەر سا- ئەت، ھەر مىنۇتتا سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ھازىر فوتو ئاپپاراتنىڭ كۆزى تەڭرىنىڭ كۆزىنىڭ ئورنىنى ئالدى. تۇرمۇش بارلىق كىشىلەر قاتنىشىدى- غان كۆلىمى غايەت زور بولغان بىردىنبىر شاللاق سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ھەممەيلەن ئىسسىق بەلۋاغدىكى دېڭىز بويىدا ئەنگلىيە مەلىكىسى- نىڭ قىپيالىڭاچ ھالدا ئۈزىنىڭ توغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئارگېنىس شتاتىدىكى داچىسىدا دەم ئېلىۋاتقان ئامېرىكا زۇڭتۇ- ڭىنىڭ بوينىغا كەپسىز نەۋرىسىنىڭ مىنىۋالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. فوتو ئاپپارات ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش بىلەنلا توختاپ قالماي- دۇ. بىر ئايروپىلان سىزنىڭ يېنىڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ، كېيىمىڭىزگە سەۋەبسىزلا ئوت تۇتىشىپ كەتسۇنچۇ قېنى، سىز شۇ ھامان پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، بۇ كاتتا سورۇنغا قېتىلىپ قالىسىز. فوتو ئاپپارات تەنتەنە بىلەن شۇنى جاكارلايدۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

*خوتۇنۇمغا ئەۋەتىمەن*

بىر كىشى سۈرەتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

– تېز سۈرەتكە تارتىڭ! – دەپتۇ – دە، ئاپپاراتقا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپتۇ.

– نېمىشقا ئەتۈر تۇرۇۋالدىڭىز؟

– بۇ سۈرەتنى قېيىدىشىپ قالغان خوتۇنۇمغا ئەۋەتىمەن.

ئاممۇى تارماق.

2. سۆڭەك سۇندۇرۇش تارمىقى.

*تەكشۈرۈشتىن كېيىنكىسى*

دوختۇر بىلەن ئادۇوكاتنىڭ ماشىنىسى سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. دەسلەپدە ئىككىيلەن سەۋەبلىكنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپتۇ. كېيىن ئادۇوكات مەردلىك بىلەن خاتالىقنى ئېتىراپ قىپتۇ ھەمدە دوختۇرنى شۇ يەردىكى ئاشخانىدا بىللە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىپتۇ. دوختۇر بىر رومكا ھاراقنى ئىچكەندىن كېيىن ئادۇوكاتنىمۇ زورلاپتۇ:

ـ سىزمۇ بىر رومكا ئىچىڭ.

ـ ياق، ساقچىلار كەلگەندىن كېيىن ئىچەي.

*ئۇدۇل يېرىش*

بىر شوپۇر بىر كىشىدىن سوراپتۇ:

ـ قانداق ماڭسام قەبرىستانغا ئۇدۇل بارالايمەن؟

ـ ئالدىمىزدا تۆمۈريول بار، سىز پويىز يېتىپ كەلگەندە تۆمۈريولدىن ئۆتسىڭىز، قەبرىستانغا ئۇدۇل يېتىپ بارىسىز.

**قاتىل**

خەلقئارادا مودا بولۇپ كېلىۋاتقان لىرىك شېئىر. قاتىلنىڭ ھەرىكىتى رىتىملىق بولۇشى كېرەك. قاتىل قورال - ياراغقا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا بولۇشى، شۇنداقلا سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەن ھەر بىر ھەمراھىغا ھېسداشلىق قىلىشى لازىم.

**قاتىللىق قىلىش**

1. بىر خىل قەدىمكى كەسىپ بولۇپ، قاسساپلارنىڭ خىزمىتى بىلەن ئوخشاش. ئىنسانلار نىقابلىنىشقا تېخى ماھىر بولمىغان دەۋرلەردە، بۇ كەسىپتىكىلەر تاختا ئېسىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار جاللات دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ھازىرقى قاتىللارنىڭكىگە يەتمەيتتى. ھازىرقى كۆپلىگەن قاتىللار باج ئوغرىلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نام - ئاتىقى بار، ئورنى يۇقىرى بولىدىغان بولۇپ قالدى.

2. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى. قاتىللىقنى جىنايىتى

# ق

**قابىلىيەت**

1. ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغان سۇ، توك، ئوت ۋە چۇش. نيۇتوننىڭ كۈچ ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، بىر ئادەمنىڭ ئېرىشكەن بايلىقى كۆپەيگەنسېرى ھوقۇقىمۇ شۇنچە يارقىن بولىدۇ. بۇ خىل كۈچ نىسپىي ھالدا بىر قەدەر زور، شۇنداقلا ھەرىكەت ۋە چىراي ئىپادىسىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولىدۇ.

ئاۋامنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىشى ئالاھىدە قەدىرلەنسە، بولۇپمۇ باشلىقىمىز سىزنى قابىلىيەتلىك دېسە، بۇ ئۇنىڭ سىزگە بىر قورۇق پۇل چېكىنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەقەت ئەخمەقلەرلا بۇ چەكنى نەق پۇلغا تېگىشىمەن، دەپ ئويلايدۇ.

2. بۇ پەسكەش قارا نىيەتنى قىسمەن رېئاللىقتا ئايلاندۇرالايدىغان بىر خىل تەبىئىي ئەسلىھە. ئۇ ئادەملەرنى ئۆلۈكلەردىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

3. يوشۇرۇنغان كۈچ.

**قاتتىق چۆچۈپ كېتىش**

بىزنى ھەقىقەتەن چۆچۈتۈۋېتىدىغان ئىش پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ تۇغۇلۇشىمىز. بولمىسا، بىر يېرىم يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە بىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالمىغان بولاتتۇق.

**قاتناش**

ساقچىلار تەرىپىدىن چەكلىك مىقداردا تەمىن ئېتىلىدىغان بىر خىل ئالاقە.

**قاتناش تارماقلىرى**

1. ھەم كىشىلەردىن ھەق ئالىدىغان، ھەم ئۇلارنى يارىلاندۇرىدىغان

قىلغان نەرسىلەر تېخى يېتەرلىك بولمىغاچقا، مۇقەددەس كىيىمنى كىيىشكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

**قارتا**

ئەڭ مودا بولغان قىغىز ئويۇنى، ئۇنى شەيتان ئىنسانلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشى ئۈچۈن كەشىپ قىلغان.

**قارشى تۇرۇش**

باشقىچە پىكىر بايان قىلىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا ياردەم بېرىش.

**قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم**

ئادەتتە، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدا ئۇ بۇنى بىر تەستەك، بۇ ئۇنى بىر كاچات سالغاندىن كېيىن بىر - بىرىنىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرىنى قوغلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يەنە بىر - بىرىنىڭ دۆلىتىگە قايتىش ئايروپىلان بېلىتىنى ئاتچوت قىلىشىدۇ.

**قان**

مەڭگۈ رەڭگى ئۆزگەرمەيدىغان خاتىرە كۆچى.

بارلىق كىشىلەر تۆلەشنى خالىمايدىغان سۇيۇقلۇق. ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى سۇ، ھاۋا، ئوزۇقلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك.

**قانغا قان، جانغا جان**

جىنايى ئىشلار جازاسىنىڭ ئەخلاق ئاساسى شۇكى، ئۆزىنى چاغلىمايدىغان بىر قىساسكار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۆزىنى ھالاك قىلىش ئېلانىدىنلا ئىبارەت.

**قانۇن**

1. ئەڭ كەسكىن كالتەك. ئۇنىڭغا توغرا كېلىپ قالغاندا، ھېچكىم يۈرەكلىك بولۇشقا پېتىنالمايدۇ.

2. ئۇنىڭ ئادىل بولمىغان تەڭ تەقسىمات ۋە ئادىل بولغان تەڭسىز تەقسىماتتىن ئىبارەت ئىككى شەكلى بار.

*سوئال*

بالا: دادا، نېمە ئۈچۈن بىر ئادەم بىرلا خوتۇن ئېلىشى كېرەك؟

ئۇچۇن ئۆلۈمگە مۇناسىپ بولۇش، ئەپۇ قىلىش ئورۇنلۇق بولۇش، گەپ سىغمايدىغان بولۇش ۋە ماختاشقا ئەرزىيدىغان بولۇشتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەيلى قايسى تۈر بولسۇن، ئۆلتۈرۈلگۈچىگە نىسبەتەن ئانچە پەرقى يوق، بىراق ئادۋوكاتلار ئۇچۇن ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى، تۈرلەرگە بۆلۈش ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

3. بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ـ قاتىللىق، سانسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈش-تۆھپە.

*مىسالات*

قاۋاقخانىدا ئىككى ئادەم هاراق ئىچىشىۋېتىپ ئورۇشۇپ قاپتۇ. بىرى هاراقنىڭ كەيپىدە يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇ:

ـ بولدى، بۇ ئاداشنىڭ هاراق پۇلىنىمۇ مەن تۆلىۋېتەي، ـ دەپتۇ.

**قارا جەمئىيەت**

جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر خىل جىنايەت ئۇيۇشتۇرۇش گورۇهى. بۇ ئادەملەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى سىياسىئونلارنىڭ قەبىھلىكلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، كېيىنكىلىرىگە هۆكۈمەت هوقۇق بەرگەن، شۇنداقلا كۆپىنچە هاللاردا ئۇلارنىڭ قىلغىنى مۇتلەق خاتاسىز بولىدۇ.

**قارا نىيەت**

دۈشمىنىنىڭ ئۆلگەنلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىشىنى، ئۆلگەنلەرنىڭ يەنە دۈشمىنى تەرىپىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ تىرىك كۆمۈۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل ئۇلۇغ ئەقىل ۋە تالانت.

**قارا يۇمۇر**

قارا رەڭلىك قايغۇ ۋە خۇشاللىق.

**قارار**

بىر قاتار تەسىرلەر ئىچىدە كۈچلۈكىنى تاللىۋېلىش.

**قاراقچى**

ئۇششاق تىجارەت قىلىدىغان بىر بويسۇندۇرغۇچى. ئۇ تالان ـ تاراج

قايتا نىكاھلىنىش

1. ياۋاش ئادەملەرنىڭ قىمار ئويناشنى ئۆگىنىشكە قەدەم تاشلىشى.

ئاياللارنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشى ئالدىنقى ئېرىگە ئۆچ بولغانلىقىدىن، ئەرلەرنىڭ قايتا ئۆيلىنىشى ئالدىنقى ئايالىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئاياللارنىڭ قايتا نىكاھلىق بولۇشى تەلەي سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئەرلەرنىڭ قايتا ئۆيلىنىشى تەۋەككۇلچىلىكتىن بولىدۇ.

2. بۇ بىر خىل قىزىقارلىق خاتالىق بولۇپ، كەلگۈسىدىكى ئەقىل- پاراسەت قايتا نىكاھلانغانلارغا ئۈچىنچى قېتىم نىكاھلىنىشتىن ئىبارەت قاتتىق جازانى بېرىدۇ.

3. كۆپ خىل ئازابلار ئىچىدىكى بىر خىل ئازابنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق.

4. ئالدىنقى بىر ئادەمگە بولغان ئاچچىقنى كېيىنكى بىر ئادەمدىن چىقىرىش.

*ئاجىزلىق*

كۆرگەنلا ئايالغا كۆيۈپ قالىدىغان، بىرىنى كۆرسە يەنە بىرىدىن كېچىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇ بىر يىل ئىچىدە كۆپ قېتىم ئاجرىشىپ، كۆپ قېتىم توي قىپتۇ. ئاخىر ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ. تۈرمە ئۇنىڭ توي قىلىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىپتۇ. تۈرمىدىن چىقىشقا ئاز قالغاندا، ئۇ ئادۋوكاتىغا خەت يېزىپ بىر مەسىلىنى سوراپتۇ: «ھۆرمەتلىك ئادۋوكات، مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە توي قىلسام بولامدۇ؟»

*قولايسىز*

ئاجراشقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر ئايالنىڭ قايتا توي قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنى ئەيىبلەپتۇ:

— ئېرادەڭ بوش ئىكەن، سەن ئەمدى بىر ئۆمۈر توي قىلمايمەن دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— شۇنداق دېيىشنى دېگەن، بىراق ئەر كىشى بولمىسا، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش بەك قولايسىز ئىكەن.

ئاتا: بالام، بۇنى چوڭ بولغاندا ئۇقۇۋالىسەن. قانۇن ئۆزىنى قوغدى- يالمايدىغان ئادەملەرنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلگەن.

**قانۇن - قائىدە، قائىدە - نىزام**

قانۇن - نىزامنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئورۇندۇ- قىنى ئېگىزرەك، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭكىنى پاكارراق قىلىپ بې- ـرىشتىن ئىبارەت. ئۇكيانىنىڭ ئۇ قېتىمدىكى سام تاغا قانۇن - قائىدىنى يەنە ئىنسانپەرۋەرلەشتۈرۈۋەتتى، يەنى بىر ياقتىن خەلقنى جىنايەت يۆنىلى- شىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرسا، بىر ياقتىن ياخشى تۈرمىلەردىن پايدىلى- نىپ قورساقباقتىلار ۋە جىنايەتچىلەرنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدىغان بول- دى.

**قانۇنسىز كۆچمەن**

ئاھالىنىڭ جايلىشىشىنىڭ نامۇۋاپىقلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەمە- لىي ھەرىكىتى بىلەن دۆلەت چېگرىسىغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان، شۇ ئارقى- لىق «شور پېشانە تۇغۇلۇش»تىن ئىبارەت تەقدىرنى ئۆزگەرتكەن كىشى- لەر. فورما كىيمىگەن بۇ جەڭچىلەر دائىم ساقچىلارنىڭ دۇمبالىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**قانۇنغا بويسۇنغان**

تۇتۇلۇپ ياكى بايقىلىپ قالمىغان.

**قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش**

سودىيەنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىردەك بولۇش قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش، دەپ ئاتىلىدۇ.

**قانۇنىي ۋاكالەتچى**

بۇ بىر خىل ئەپچىل ئەسلىھە، بىر خىل قانۇنىي گەۋدە، شەكىلسىز ئادەم. شەخسلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پايدىغا ئىگە بولالايدۇ، بىراق ھېچ- قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

**قائىدە ياكى پرىنسىپ**

بىزنىڭ بارلىق خام خىياللىرىمىزنى تىتما - تىتما قىلىۋېتىدىغان، ئادەمگەرچىلىكى تولۇق بولغان قامچا.

لار بەس - بەس بىلەن يالغان ئېيتىشىدۇ. شائىرلار تۈرلۈك مەقسەتلەرگە ئىگە شېئىرلارنى يېزىشىدۇ، تاشچىلار ئازراق تاپاۋەت قىلىشۋالىدۇ.

2. نىكاھ - مۇھەببەتنىڭ قەبرىستانلىقى.

**قەدىمكى قەبرە**

پۇلغا ئەڭ يارايدىغان بىر دۆۋە چۆش. مۇشۇ كۈندە ئۇ يەر ئاستى بانكا بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

**قەرز ھۆججىتى**

بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى قاتتىق ئەسلەپ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان مۇھەببەت خېتى.

**قەسەم**

ئادەمنىڭ ئالۋاستىغا ياكى ئالۋاستىنىڭ ئادەمگە بەرگەن كاپالىتى. قەسەمنىڭ ئىچىدە كۆپىنچە ھاللاردا يېتەرلىك ئالتۇن تەركىبى بولىدۇ. ئالتۇن چايقىغۇچىلار ئومۇمەن قومۇش سېۋەتتىن سۇنى ئۆتكۈزۈش تەجرىبىسىگە ئىگە بولىدۇ.

*ئۈچ قەسەم*

ئامېرىكا ئەسكەرلىرى پوستا تۇرغاندا قارتا ئوينىشى مەنئى قىلىنىدۇ. لېكىن، قاش قارايغاندا ئۈچ ئەسكەر - بىر كاتولىك دىنى مۇخلىسى، بىر پروتېستانت دىنى مۇخلىسى، بىر يەھۇدىي ئوغرىلىقچە قارتا ئويناپتۇ. نۆۋەتچى ئوفىتسېر بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئۇلارنى گېنېرالنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

- مۇقەددەس بۈۋى مەريەم ئانا نامىدا قەسەم ئىچىمەنكى، - دەپتۇ كاتولىك دىنى مۇخلىسى، - مەن قارتا ئوينىمىدىم.

پروتېستانت دىنى مۇخلىسى مارتىن لوتېرنىڭ نامىدا قەسەم ئىچىپ قارتا ئوينىمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

نۆۋەت يەھۇدىيغا كەلگەندە، ئۇ دەماللىققا قەسەم ئىچكۈدەك ئادىمنى تاپالماپتۇ - دە، ئەقلىنى ئىشلىتىپ:

- گېنېرال، ئويلاپ بېقىڭ، قارتىنى قانداقمۇ بىرلا ئادەم يالغۇز ئوينىيالىسۇن، - دەپتۇ.

**قايتۇرۇش**

كىرگەن پايدا ئىچىدىن مەجبۇرىي يىغىۋېلىنىدىغان ھېلىقى باج سوممىسى.

**قايغۇرۇش، ھەسرەت چېكىش**

1. كېچىچە ئۇيقۇ كەلتۈرمەيدىغان سەگەكلەشتۈرۈش دورىسى.
2. ياشلارنىڭ دائىملىق كېسىلى.
3. بالا تۇغۇش ھەسرەت چېكىشكە قارىغاندا ئوڭاي.

**قەبرە**

ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى چىرىپ بىخەتەر يەرگە كىرىپ يوقىلىپ كەتمىگەن قاتتىق ياغاچ قاپارتما.

قانچە كاتتا ئەرباب بولسا، يەرنىڭ يىرىڭلىق قاپارتمىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. نېمە سەۋەبتىنكىن تالڭ، قەبرە كۆپىنچە ھاللاردا تىرىكلەرنىڭ تاۋاب قىلىدىغان بىر توپا دۆۋىسى بولۇپ قالىدۇ.

**قەبرە سۆزى**

1. مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىش ئىزلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، قەبرە تېشىغا ئويۇپ قويۇلىدىغان خاتىرىلەش خاراكتېرلىك سۆزلەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ تۆھپىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى باقىي دۇنيانىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللاپ بېرىپ، ئۇ دۇنيادىكى نوپۇس تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەكشۈرۈش تەرتىپلىرىنى ئورۇنداش ئاۋارىچىلىكىدىن خالاس قىلىدۇ.
2. قەبرە تېشىدىكى سۆزلەر ئۆلۈمنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ سېغىنىش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**قەبرە گۈمبىزى**

بايلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ كۆلكىلىك ئەخمىقانە ئىشى.

**قەبرىستان**

1. شەھەر بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بىر جاي بولۇپ، بۇ يەردە ھازىردار-

قەھرىمان: ماڭا ياردەم بەرسىڭىز، مەن ئۆرۈشتا بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئايال: كەچۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر پۇت تېپىۋالغىنى يوق.

**قورسىقى تار**

قارشى تەرەپتە مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسىنى كۆزۈمگە سىغدۇرالمايمەن، شۇنداقلا ئازراقمۇ چۈشەنمەيمەن. ئۇ ئىگە بولغان ھەممە نەرسىلەرنى مەن ياقتۇرمايمەن، يات كۆرىمەن، يامان كۆرىمەن.

**قورقۇش**

1. ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ـ قورقۇشنىڭ ئۆزى. ئادەم ئۆزىنى ۋەيران قىلىشقا ئەڭ ئۇستا.

2. بىر خىل بىخەتەرلىك قورۇلمىسى.

3. دوختۇر ئۆزى بۇيرۇغان دورىنى يېمەيدۇ.

*گەنسىرىمە*

بىر ئەر كىشى ھاراق ئىچىۋالسىلا خوتۇنىنى ئۇرىدىكەن. بىر ئاخشىمى ئۇ سىرتتا ھاراق ئىچىپ كېلىپ خوتۇنىنى ئۇرۇپتۇ. تاياققا چىدىمىغان ئايال دەرەخلىككە قېچىپ بېرىپ قاتتىق ۋارقىراپ ـ جارقىراپتۇ. ئېرى يۈگۈرۈپ كەپتۇ ـ دە:

ـ ئەنسىرىمە، بۇ يەردە مەن بار، ـ دەپتۇ.

**قورۇق**

رەڭگى ئۆچكەن ياشلىق جىجىۋەتكەن سىزىقلار.

**قوش جىنسلىقلار مۇھەببىتى**

1. مېۋىسى بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن قوۋۇتىنى خورىتىش.

2. ئۆزىنى «مۇقەددەس پاكلىق» دەپ ئاتىۋالغان ناپاكلىق.

**قوشنا**

1. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان، ئەمما ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەم.

2. بۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئۆزىمىزنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈشىمىز زۆرۈر بولغان ئادەم. لېكىن، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى

**قەسەم سۆزى**

مۇبادا مېنىڭ تۆلەشكە قۇربۇم يەتمىسە، سەن چوقۇم تەڭرىدىن تۆلە-تىۋالالايسەن.

**قەغەز**

1. بىر پارچە ئاق قەغەزنىڭ يۈكى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى، ئەڭ چىرايلىق خەتلەرنى، ئەڭ چىرايلىق رەسىملەرنى سىزغىلى بولىدۇ. قەغەز يېزىق ۋە رەقەملەرنىڭ بېسىمىدىن باشقا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شەرقلىقلەر قەغەزنى كەشىپ قىلغان، شۇڭا شەرقلىق-لەر ئەڭ مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر. ئۇلار قەغەز يۈزىنى ئادەم چۈشەنمەيدى-غان شېئىرلار بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ.

2. مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ شاپائەتچىسى ـ پۇل چېكى، پۇل، دىپلوم ۋەھاكازالار.

**قەلەم**

1. نادانلارنىڭ ھاسىسى. ئۇنىڭ ساختىپەزلىككە قايىل بولمايدىغان كىم بار؟ ئۇ خالىغان ۋاقىتتا ئادەمنىڭ ئۈچەي ـ باغرىنى ئوڭ ـ تەتۈر قىلىۋېتەلەيدىغان ئۆتكۈر تىغ.

2. ئۇ كۆپ خىل ئىشلىتىلىدىغان تىل، قەغەز زاۋۇتىغا قان يەتكۈ-زۈپ بېرىدىغان لالما ئىت.

3. شەمشەردىنمۇ ئۆتكۈر قورال.

**قەھرىمان**

1. قەھرىمانلىقنى يەتكۈچە كۆرۈپ تويغان تاماشىبىن. بىر پرىنسىپ-نى تۇتۇۋالسا يۈزسىزلىك قىلالايدىغان ئەر، ساختىپەز گۇۋاھچى ۋە باشقى-لارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان قاتىل.

2. ئىت بىلەن مايمۇنلار ئالدىبۇرۇن قىلىپ باققان تەۋەككۇلچىلىكنى قىلىپ مېدال ئالغان ئادەم.

*ياردەم تەلەپ قىلىش*

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر پۇتىدىن ئايرىلغان بىر قەھرىمان يالغان پۇتىنى سۆرىگىنىچە بىر ئىشىكنى چېكىپتىكەن، بىر ئايال چىقىپتۇ.

**قول تۇتۇشۇش**

1. سىپايىلىكنىڭ كۈچ سىنىشى. پۈت تېپىشنىڭ ئالدىنقى مۇزىكىسى.

2. مەخپىي سودا قىلىشنى بىلدۈرىدىغان قول ئىشارىتى.

3. «ئەگەر قول ئۇزاتقانىكەن، بۇنىڭ كەينىگە ساپ مۇھەببەت يوشۇ-رۇنغان.» بۇ گەپ ئاللىقاچان كونا گەپ بولۇپ قالدى.

*خاتىرجەملىك تۇيغۇسى*

بىر ئەر ساياھەتچى دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدىغان چىرايلىق بىر سېستىرا ياتاققا كىرىپ-تۇ.

ساياھەتچى: مەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، قولىڭىزنى تۇتۇپ تۇر-غان بولسام خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولاتتىم.

سېستىرا: بولدى، يەنىلا سىزنىڭ قولىڭىزنى مېنىڭ تۇتقىنىم تۇ-زۈك. بۇنداق بولغاندا، مەن خاتىرجەم ھالدا سىزنىڭ تومۇرىڭىزنى تۇتالاي-مەن.

**قولغا ئېلىنىش**

1. بىرىنچى قېتىم قولغا ئېلىنغاندا، كىشىلەر سىنى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان ئادەم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. كېيىنلىككە ئېرى-شىپ، شۇ كۈنى ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنساڭ، ئۇلار سىنى قولغا ئېلىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغان، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغان ساختىپەز، دەپ قارايدۇ. تۈرمە سىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغىلى بولىدۇ.

2. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىردىنبىر گۇناھى - ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدا.

**قولياغلىق**

1. بىر پارچە تۆت چاسا يىپەك ياكى كاناپ رەخت بولۇپ، ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان سورۇنلاردا كىشىلەر يۈزىنى توسۇش ياكى ئېرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بولۇپمۇ ماتەم مۇراسىملىرىدا ياش تۆككەن

ھەر خىل ئاماللار بىلەن بىزنى تەڭرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلاپ تۇرىدۇ.

3. كەچتە نېمە يەيدىغانلىقىمىزنى ئۆيىمىزدىكىلەردىنمۇ ئېنىقراق بىلىدىغان ئادەم.

4. كۆلكە قاپلىغان چىرايى بىلەن ھەسەتخورلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەم.

5. كۆز، كۆز، كۆز.

*ئەلگ ئېنىق*

بىر جۈپ ئەر - خوتۇن قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقاندا، قوشنىسى كىرىپ نەسىھەت قىپتۇ:

- بولدى، ئۇرۇشماڭلار، ئۆزئارا چۈشەندۈرسەڭلارلا بولمىدىمۇ! ئۆزۈمنىڭكى راست دەپ تۇرۇۋالغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە لايىق سەۋەبى بولىدۇ. بۇ ماڭا ئەلگ ئېنىق، چۈنكى مەن باشتىن تارتىپ ئاڭلاپ تۇردۇم.

*تېخى تونۇشمىغان تۇرسام*

سىمىس خانىمنىڭ قوشنىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇن كۆچۈپ كەلگەنىدى. سىمىس خانىم ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىر نەچچە كۈن كۆزەتكەندىن كېيىن ئېرىگە دېدى:

- بارىن، ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ئەر كىشى ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگەندە خوتۇنىنى سۆيۈپ قويىدىكەن، سەنمۇ شۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ؟

- مەن تېخى ئۇ ئايال بىلەن تونۇشمىغان تۇرسام.

**قوشۇلۇش**

باشقىلارنىڭ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش تەرەپلىرىگە خوش مۇئامىلە قىلماق.

**قول**

بۇ ئادەم بىلىكىنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان بىر خىل ئەپچىل ئەسۋاب بولۇپ، پات - پات باشقا ئادەملەرنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ تۇرىدۇ.

ب: چۈنكى، تاماكا چېكىشنى بىلەنلا ئايالنى قولاق تۈۋىمدە غوتۇلداشقا باشلايدۇ.

**قولاقنى يوپۇرۇۋېلىش**

بۇ بىر خىل دىققەتنى بۇراش ماھارىتى بولۇپ، مەخسۇس ھەسەتخورلۇققا، ئۆچمەنلىككە ۋە پىتنە - ئىغۋالارغا تاقابىل تۇرىدۇ.

**قوياش**

ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئەڭ جاراڭلىق كەيپىياتى. ئىنسانىيەتنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كونا ئاشنىسى.

**قوياش نۇرى**

كىشىلەر ھاۋا ئوچۇق چاغلاردا دىققەت قىلمايدىغان، قاراڭغۇلۇق ئەتراپنى قاپلىغاندا تىلەيدىغان كېرەكسىز بۇيۇم.

**قويرۇق**

1. ھايۋان ئومۇرتقىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان تەبىئىي چەكلىنىشىدىن ھالقىپ، ئۆزىگە مەنسۇپ بىر دۇنيادا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئانىنىڭ قورسىقىدىكىدىن باشقا چاغدا ئادەمنىڭ قويرۇقى بولمايدۇ. بىر تال قويرۇقنىڭ كەم بولۇشى ئادەمدە بىمالال بولالماسلىق تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ئەرلەرنىڭ فراكى ۋە ئاياللارنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەكلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن قويرۇقنى، بەلكى بۇرۇن راستىنلا ئۇزۇن قويرۇقى بار بولغان قىسمىنى زىنىنەتلەشكە خۇمارىنىڭ بارلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنداق خۇمار ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىغا بولغان ھېسسىياتى ئەڭ كۈچلۈك، شۇنداقلا ئۇزۇن مەزگىللىك بولىدۇ.

2. ئەر كىشى.

**قېچىش**

قېچىش - مەخپىي ھالدا ئايرىلىش.

قاچقان ئادەم سىرلىق سارايغا كىرىۋالمايدۇ، چۈنكى دۇنيانىڭ ئۆزى بىر سىرلىق ساراي؟ قېچىش دەل ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ھازىرقى

قىياپەتكە كىرىۋېلىشتا ئىشلىتىشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

2. ياش سۇمۇرۇش ئەسۋابى.

## قوي

ئەخمەقلىقىدىن «مە»لا دەيدىغان هايۋان. ئەخمەق بولمىسا، سەركىلىكنىمۇ «مە»لا دەپ ئۆچكىگە بېرىۋېتەرمىدى.

## قوچاقلىشىش

ئىتتىپاقلىق ـ كۆچ. بىزنىڭ پرىنسىپىمىز ـ مەيدىنى مەيدىگە يېقىش، ئارىدىن جاهاننى كۆيدۈرگۇدەك بولمىسىمۇ، تاماكا تۇتاشتۇرغۇدەك ئوت چىقىرىش.

## قۇرۇق خىيال

ھەقسىز كىنو.

*تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى*

ـ ئانكىت دېگەننى قالايمىقان تولدۇرۇشقا بولمايدۇ. سەن ئون يىل ئىشلىدىم، دەپ تولدۇرۇپسەن، بۇ يالغان سۆزلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟

ـ لېكىن، سىلەر ئىشچى قوبۇل قىلىش ئېلانىڭلارغا: «تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى مول بولۇشى كېرەك» دەپ يېزىپسىلەر ئەمەسمۇ!

## قوش

زېمىن بىلەن ئاسماننىڭ، ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەلەمپەي بولۇپ، بىز ئەڭ ئېگىز دىكى جانلىقلارنىڭ بەزىدە ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە قارغاۋاتقانلىقىنى، بەزىدە سۆكۈتتە قالغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيمىز.

## قولاق

1. ھەر قانداق ئادەم ئاڭلىيالمايدىغان بىر خىل ئاۋاز.

2. بەدەننىڭ كۆزەينەك تاقاشقا ئىشلىتىدىغان ئەزاسى.

*تەسىرات*

ئا: تاماكا چەكسەڭ قايسى ئەزايىڭغا تەسىرى چوڭ بولىدىكەن؟

ب: قولىقىمغا.

ئا: قانداق دەيسەن؟

شۇپ قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىپتۇ. بىر چاغدا، ئەر بىردىنلا توختاپ:

- سەن شۇنچە تىللىدىڭ، لېكىن ئاپامنىڭ بىرەر ئېغىز يامان گېپىنى قىلمىدىڭغۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

- ئەلۋەتتە، راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ قېينانام سېنىڭ قېيناناڭدىن ياخشى - دە!

*كېلىننىي خورلاش*

كېلىننى خورلاش بىلەن نام چىقارغان بىر ئايال بار ئىكەن. بىر كۈنى، ئوغلى بىر ئۇقتۇرۇشنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

- ئۇقتۇرۇشتا نېمە دەپتۇ؟ - دەپ سوراپتۇ ئانا.

- مەھەللە كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىكەن، مەھەللىمىزدە كېلىننى خورلايدىغان ئىككىيلەن بار، كۆپچىلىك دىققەت قىلىپ قويۇڭلار، دەپتۇ.

ئانا سەل ئويلىنىۋېلىپ سوراپتۇ:

- يەنە بىرى كىمكەن؟

**قىرغىن قىلىش**

ئورۇننى بوش قالدۇرۇش ۋەقەسىنى پەيدا قىلىش، ئەمما ۋارىسنى كۆرسەتمەسلىك.

**قىز**

1. ئادەم بەدىنىدىكى شېئىر.

2. يىگىتلەرنى يېرىم - ياتا چۈشەنگەن قىزلار يىگىتلەرگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدۇ؛ يىگىتلەرنى پۈتۈنلەي چۈشەنگەن قىزلار ئاخىرىدا قېرى قىز بولۇپ قالىدۇ.

**قىز قولدىشى**

1. تويى بولۇۋاتقان يىگىتنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئايال.

2. يېڭى كېلىننى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان ھەمراھ بۇيۇم.

**قىزغىنلىق**

1. بۇ قارىغۇ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يارقىن بەلگىسى.

تۈزۈم ۋە قانۇننى ئۆزىگە يېقىنلىششقا ئامالسىز قىلىپ قويىدۇ.

**قىزا**

ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان، ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، قىزىل رەڭلىك، مەززىلىك يېمەكلىك.

**قېينانا**

1. بۇ خوتۇندىن قالسىلا ئەر كىشىنىڭ بېشىنى ئەڭ ئاغرىتىدىغان ئايال. بۇمۇ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ قايتا توي قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنىڭ بىر سەۋەبى. چۈنكى، ھېچكىممۇ ئىككى قېينانىنىڭ قىينىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

2. كېلىن بولۇپ قېينانىسى بىلەن تاكاللاشقاندا قېينانىسىنىڭ سۆزىنى ئورۇنسىزدەك ھېس قىلىدۇ؛ ئۆزى قېينانا بولۇپ، كېلىنى بىلەن تاكاللاشقاندا، كېلىنىنىڭ سۆزىنى ئورۇنسىزدەك ھېس قىلىدۇ.

3. بەدبەشىرە، كۆزى كىچىك ئايال.

3. بىرگە ئۆتمەكنىڭ تەسلىكىدىن «قىيىن» ئانا بولۇپ قالغان. ئەگەر ئاسان بولغان بولسا «ئاسان» ئانا بولغان بولاتتى.

*ئاغرىنىش*

بىر ۋاپادار يىگىت ئانىسى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىكەن. ئانىسى دائىم: «ئايالىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنەي، ئايالىڭ بەك ھورۇن ئىكەنەي، ئايالىڭ ۋاپادار ئەمەسكەنەي...» دەپ ئاغرىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن يىگىت كەينى - كەينىدىن ئايالىنى ئالماشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئالغان ئايالىدىن ئانىسى قۇسۇر تاپالماپتۇ. بۇنىڭدىن يىگىتمۇ كۆڭلىدە خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆيلەنگەندا، ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، بۇ ئايالىڭنىمۇ قوغلىۋەت» دەپتۇ.

يىگىت: نېمىشقا ئەمدى؟!

ئانا: نېمىشقا بولاتتى! مېنىڭ ئاغرىنغۇدەك ئىمكانىيىتىم قالمىغانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

*سېنىڭ ئايالىڭ*

بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇن ئاۋۋال تەگىشىپ، كېيىن قاتتىق ئۇرۇ-

*تۇغۇلغان كۈن*

كېچە سائەت ئىككى بولغاندا تېلېفون جىرىڭلاپ كېتىپتۇ. قاتتىق ئۇخلاۋاتقان يىگىت چۆچۈپ ئويغىنىپ تۇرۇپكىنى ئالغانىكەن، ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

- ئوغلۇم، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن!

- رەھمەت، بىراق بۇنچە كەچتە مېنى ئويغىتىۋەتكىنىڭىز نېمىسى؟

- لېكىن، سەنمۇ مېنى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئويغىتىۋەتكەنىدىڭ - دە!...

**قىستۇرما رەسىم**

1. بۇرمىلىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى.

2. ساۋاتسىز ياشلار ئىستېمال قىلىدىغان قىيمىلىق شاكىلات.

*ئۇنداق بولسا سىزىپ بېرىڭ*

بىر قىزنىڭ ئۇياتلىق يېرى جاراھەتلىنىپ قاپتۇ. جىددىيلەشكەن ئاتا-ئانىسى دوختۇر چاقىرىپتۇ. بىراق قىز:

- باشقىلارغا كۆرسەتكۈچە ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى! - دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

- جاراھەتلەنگەن جاينى كۆرمىگۈچە داۋالىغىلى بولمايدۇ، - دەپتۇ دوختۇر ئامال قىلالماي، - ئۇنداق بولسا سىز رەسىمىنى سىزىپ بېرىڭ.

**قىلتاق**

قابىلىيەتسىزلەر هامان باشقىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشىدۇ، قابىلىيەتلىكلەر باشقىلارنى قىلتاققا چۈشۈرىدۇ.

*سەمىمىي يالغانچىلىق*

ياشانغان ئىككى دوست پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

- بۇ يىل يەتمىش ياشقا كىردىم، لېكىن ئون توققۇز ياشلىق بىر قىز ماڭا كۆيۈپ قاپتۇ. هازىر مېنىڭ بايلىقىممۇ ئاز ئەمەس، ئەگەر ياشراق بولغان بولسام، ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغان بولاتتىم.

- راست يېشىڭنى ئېيتساڭچۇ؟

- ئەللىك ياش دېسەم قانداق بولار؟

- بولمايدۇ، راستىنلا بۇ قىز بىلەن توي قىلىش خىيالىڭ بولسا،

2. بۇ ياشلار دائىم گىرىپتار بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل كېسەل. گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئاز مىقداردا پۇشايمان دورىسىنى ئىچۈرۈپ، سىرتىدىن تەجرىبە دورىسىنى سۈرۈپ بەرسە شىپا تاپالايدۇ.

**قىزىقچى ئارتىس**

1. مايىلمچى ئورانگوتان.
2. هاماقەتلەر پۇۋلەپ ئوينايدىغان چالغۇ.

**قىزىقتۇرغۇچى**

تۇغۇلۇشىدىنلا نورمال ئادەم بولۇشقا هۇرۇنلۇق قىلىدىغان دورامچى؛ تەسەۋۋۇر كۈچى يېتەرسىز بولغان نادان.

**قىزىقىش**

چۈشىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشى يېتەرسىز بولغان هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلىرىگە بولغان قاتتىق تەشنالىقى.

**قىزىل كرېست جەمئىيىتى**

شەرق بىلەن غەرب، شىمال بىلەن جەنۇب ئۆزئارا كېسىشكەن ئىككى قانلىق يولدا، كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىغان دۇنياۋى تەشكىلات.

**قىساس ئېلىش**

ئەگەر ئىت سىزنى چىشلىگەن بولسا، سىزمۇ ئىتنى چىشلىسىڭىز بولىدۇ.

*قول بىلەن پۇتنىڭ تالاش - تارتىشى*

قول: مەن ئەڭ مۇهىم، مەن بولمىسام تىجارەت قىلغىلى بولمايدۇ.

پۇت: مەن ئەڭ مۇهىم! مەن بولمىسام تىجارەت قىلغىلى بارغىلى بولمايدۇ!

قول: مەن يېمەكلىكنى ئېغىزغا سېلىپ، هاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن!

پۇت؛ بوپتۇ ئەمىسە، كېلەر قېتىم نىجاسەتكە دەسسىۋالىدىغان چاغدا، ئۆزۈڭ دەسسە!

**قىممەت**

بۇ بىر خىل ئۆزگىرىشچان مىقدار. خوتۇننىڭ نەزىرىدە ئېرى ئازراق-مۇ ئەرزىگۈدەك يېرى يوق بىر يارىماس، لېكىن ئېرى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكۈدەك بولسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ قىممىتى نەچچە يۈز ھەسسىلەپ ئۆسۈپ، ئىككى يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ياراپ قالىدۇ.

**قىياپەت**

چىرايلىقلارنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدىغان، بەتبەشىرىلەرنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرىدىغان سېھىما.

*ئەخلەت*

سەھرادىن كەلگەن بىر بالا باققۇچى ئەخلەت دۆۋىسىدىكى ئۆزى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ھەر خىل قىممەت باھالىق مېۋىلەرنى كۆرۈپ بىر سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاشقا باشلاپتۇ. بىرى سوراپتۇ:

- بۇ نەرسىلەرنى قاچىلاپ نېمە قىلىسەن؟
- يۇرتۇمغا ئېلىپ كېتىمەن؟
- ئەپكېتىپ نېمە قىلىسەن؟
- ئۇ يەردىكى ئەخلەتلەر بۇنداق چىرايلىق ئەمەس.

**قىياس**

1. ئارزۇ قىلغان تارازىدا ھەر خىل ئىمكانىيەتلەرنى جىڭلاپ بېقىش.
2. ئايالنىڭ ئېرىگە قارىتا ئېلىپ بارىدىغان زور ھەرىكەت مىقدارىغا ئىگە زېھنىي پائالىيىتى.

*ئۆي ئىجارىسى*

مېھمانخانا دىرېكتورى: ئاۋۇ كىشىگە ھەشەمەتلىك ياتاقنىڭ بېلىتىنى كېسىپ بەردىڭ، پۇلىغا چىقىش قىلالامدىكەن؟

مۇلازىم: خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ياشىنىپ قالغان، بەتبەشىرە ئادەم بولغىنى بىلەن ئۇ باشلاپ كەلگەن قىز ھەم ياش، ھەم چىرايلىق ئىكەن.

**قىيامەت كۈنى**

كارىۋاتتا ياتقان ئىككى كىشىنىڭ ئۈستىگە يوتقان ئەمەس، بىر قەۋەت نېپىز قىروۋنى يېپىنغان ۋاقتى.

يېشىڭنى ئاز دېگەندىمۇ سەكسەن دېيىشىڭ كېرەك.

**قىلىچ**

بۇ ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئۇزۇن پىچاق. ياپون ئەسكەر-لىرى بۇرۇن ئۇنى كەڭ كۆلەمدە كۆز - كۆز قىلغانىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىنىمۇ يار-غان. قىلىچ ئۆلگەنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**قىمار**

1. توي قىلىش.
2. زىيان تارتىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق.
3. سوۋغا قىلىدىغىنى - ئۈمىد، ئېلىپ كېتىدىغىنى - سىزنىڭ پۇلىڭىز.

*ھەل قىلىش چارىسى*

بىر قىمارۋاز ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق قايتىپ كەلگىنىدە، ئايالى بىر ئەر بىلەن پەيزى قىلىۋاتقۇدەك. ھېلىقى ئەر قىمارۋازنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دەپتۇ:

- ئايالىڭ بىلەن مەن بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. ئەخلاق دېگەن بىلەن ھېسسىيات سىغىشالمايدۇ. ئىككىيلەن قارتا بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلايلى. ئۇتتۇرسام، مەن كېتىمەن، ئۇتسام، سەن نىكاھتىن ئاجرى-شىسەن، قانداق دەيسەن؟

- بولىدۇ، لېكىن قىمارنىڭ قىزىقراق بولۇشى ئۈچۈن ھەر بىرىمىز يەنە يۈز يۈەندىن تىكسەك قانداق؟

*تۇنجۇتتىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىش*

بىر قىمارۋاز ئۆيدىن مىڭ فرانك ئاچىقىپ كېتىپ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ.

- پۇللار تۇغدىمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.

- تۇغدى، تۇغدى، - دەپتۇ قىمارۋاز يانچۇقىدىن ئەللىك فرانكلىق پۇلدىن ئىككىنى چىقىرىپ يىغلامسىراپ، - بىراق، بەختكە قارشى ئۇلار-نىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى.

2. قەلەملىرىدىن گىرىم بۇيۇملىرى كۆپ خىزمەتچى.
3. تېلېفون خاتىرىسىنى ئەڭ كۆپ ساقلىغۇچى.
4. لېدىر خانىمنىڭ دۈشمىنى.

چارچاش

بىر شىركەتنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق لېدىرى دوختۇرغا دەپتۇ:

- يېقىندىن بۇيان بەك ھارغىنلىق ھېس قىلىۋاتىمەن، كەيپىياتىممۇ ئوسال. لېكىن تازا ئويلاپ باقسام، بىرەر چاتاق باردەكمۇ قىلمايدۇ.

- قارىغاندا بۇ ئەھۋال ھەددىدىن زىيادە چارچاشتىن كېلىپ چىققاندەك قىلىدۇ. پائالىيەتلەرنى ئازايتىپ باقسىڭىز بولارمىكىن.

- بەزىدە مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالىمەن، بىراق ھېلىقى كاتىپنى ئىشتىن بوشىتىۋەتسەم بولارمۇ ياكى ئايالىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەم بولارمۇ دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن.

كارىۋات

1. ئەر - خوتۇن ئورتاق ئىشلىتىدىغان كارىۋات - نىكاھنىڭ تەزىيە سۇپىسى. ئۇلار بۇ كارىۋات ئۈستىدە ئۆزئارا قۇربان بېرىشىدۇ؛ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇخلىشى قىيىن بولىدۇ. بىرەيلەننىڭ نەپەس تاۋۇشى يەنە بىرىنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ئىككىيلەن تولا ئۆرۈلۈپ، ئارىسىدا بىر پارچە چوڭ بوشلۇق پەيدا قىلىدۇ. بىرەيلەن يالغاندىن ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يەنە بىرەيلەننى خاتىرجەم ئۇخلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا يەنە بىرىمۇ يالغاندىن ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولىدۇ.

2. نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبى.

كالا

بۇرۇندىن يېتىلىسا مېڭىپ، بارلىقىنى ئىنسانغا بېغىشلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دۆتلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان ھايۋان.

كالپۇك

يات جىنسلىقلارغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەزا.

# ك

**كاپالەتنامە**

بۇ زاۋۇت تەرەپنىڭ ۋەدىسى بولۇپ، ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ رېمونتىغا كاپالەتلىك قىلىش مەزگىلىدە چاتاق چىقمايدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**كاپىتال**

ئەرلەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى، ئاياللارنىڭ زىلۋالىقى.

*«كاپىتال» بىلەن «ئەمگەك»*

- دادا، «كاپىتال»، «ئەمگەك» دېگەن ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭا.

- ئەگەر قوشنىلاردىن يۈز سوم قەرز ئالغان بولسام، مەن «كاپىتال» بولغان بولىمەن. ئەگەر ئۇلار بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋالماقچى بولىدىكەن، چوقۇم «ئەمگەك» قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**كاپىتالىزم**

ئىلگىرى، ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولغان. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ ھەممە يەرنى قاپلاپ، تۈرلۈك يېڭى ئېقىملارنىڭ نامەلۇم ئۇچار جىسىملىرىغا ھامىلدار بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىلەرنى ئوغرىلىۋالدىمۇ ياكى كىشىلەر ئۇنى ئوغرىلىۋالدىمۇ، زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تېنىنىڭ تۆت ئەتراپى كۆرۈنمەس تاملار بىلەن ئورالغان زىنداندا ئۈزلۈكسىز پارچىلىنىۋاتقانلىقىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ قايسى قىسمىغا قول تەككۈزسىڭىز، قولىڭىزغا قىزىل رەڭدىن باشقا نەرسە زادىلا ئۇرۇنمايدۇ.

**كاتىپ**

1. چاي دەملەپ بەرگۈچىنىڭ چىرايلىق ئاتىلىشى.

ئۇلار بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلىدىغان ئىشلىرىنى سىزمۇ بىلمەيسىز.

**كالپىندار**

ۋاقىتتىن ئۆزگەرگەن قەغەز.

**كەچلىك زىياپەت**

1. غىزالىنىدىغان ۋە ئىشقۋازلىق قىلىدىغان كەچلىك ئولتۇرۇش. بىرەر بوزۇق ئايال قاتناشمىسا، ناخشا - ئۇسسۇل ئۇمىكىدە بىر داڭلىق ناخشىچى بولماي قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

2. ئاياللارنىڭ يالىڭاچ دۈمبىسىنى كۆز - كۆز قىلىش يىغىلىشى.

**كەچۇرۇش**

1. يەنە بىر قېتىم خاپا قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان پسخىك تەييارلىق.

2. جازانى بىكار قىلىپ، جىنايەتنى يېڭى هاياتقا ئېرىشتۇرۇش. بۇ ۋاپاغا جاپا قىلىپ قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە جىنايەتنى كۆپەيتىشكە قىزىقتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كەچۇرۇم سوراش**

كەچۇرۇم سوراش دېگىنىمىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ كۆۋرۈكنى بۇ- زۇۋېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

**كەسپىي كېسەل**

1. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كاتىپلىرى دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار بۆلۈمىگە بېرىپ داۋالىتىدىغان كېسەل.

2. ئىپپىتىنى ساتىدىغان ئاياللار گىرىپتار بولىدىغان كېسەل.

3. ئومۇمنىڭ قەغەز ۋە كونۋېرتى بىلەن خۇسۇسىي ئىش قىلىش كېسىلى.

*كېچىكىش كېسىلى*

خوجايىن: سەن نېمىشقا ئەتىگەنرەك ئىشقا كەلمەيسەن؟

ئىشچى: مېنىڭغۇ ئەتىگەن كەلگۈم بار ئىدى. بىراق دوختۇر بۇنى كەسپىي كېسەل دەيدۇ.

خوجايىن: كېسەل؟ قانداق كېسەل؟

ئىشچى: ئارقىدىن بوران ئۇرۇپ تۇرمىسا كېچىكىدىغان كېسەل.

*ئۇنىمۇ سوراپ يۈرەمسىز*

باغدا سۆيگىنى بىلەن كېتىۋاتقان يىگىت قىزدىن سورىدى:

- سىزنى سۆيۈپ قويايمۇ؟

قىز جاۋاب بەرمىدى.

- سىزنى سۆيۈپ قويايمۇ دەۋاتىمەن؟

قىز يەنىلا جاۋاب قايتۇرمىدى.

يىگىت: ھەي، پاڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

قىز: سىزمۇ نېمانداق كالۋا، شۇنىمۇ سوراپ يۈرەمسىز؟!

**كالتەك توپ**

چوڭلار كىيىمنى مەينەت قىلىدىغان ئويۇن.

**كاللا**

1. بۇ ئەخلاق - پەزىلەتنىمۇ، جىنايەتنىمۇ پەيدا قىلالايدىغان بىر خىل شار جىسىم.

2. ئىدىيىمىزنى قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان قاچا، پەلسەپىدىكى «مەن تەپەككۇر قىلغانلىقىم ئۈچۈن مەۋجۇتمەن» دېگەن سۆز كاللىنىڭ تەپەككۇرغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

3. بۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىشلىتىدىغان تەپەككۇر ئەسۋابىمىز بولۇپ، مەلۇم نەرسىنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىنتايىن باي بىر ئادەم ياكى ئەمەلدىن ئامىتى كېلىپ قېلىپ ئۇدا نەچچە دەرىجە ئۆسكەن ئادەم كۆپىنچە ھاللاردا كاللىسى بەك تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىك تۈپەيلىدىن قوشنىلىرىنى ئۆزىنى قويغۇدەك يەر يوق بولۇشتەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىي جەمئىيىتىمىزنىڭ جۇمھۇرىيەت سىياسىي تۈزۈلمىسى ئاستىدا، كىشىلەر كاللىغا پەۋقۇلئاددە شەرەپ ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشخانىنىڭ ھەر خىل ئاۋارىچىلىكلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

**كالۋا**

«كالۋا» دەپ ئاتىلىدىغانلار شۇنداق كىشىلەركى، سىز بىلىدىغاننى

**كەمتەرلىك**

توشقاننىڭ بۆرىنى كۆرگەن چاغدىكى چىراي ئىپادىسى.

**كەمتەر بولماسلىق**

ئۆزىنىڭ قىممىتىنى قاتتىق تونۇپ، باشقىلارنىڭ قىممىتىنى بولسا كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىش.

*ئىككى خىل مەنە*

- دادا، سەن دائىم قول ئاستىڭدىكىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئالدى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويىدىكەنسەن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

- قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىم كەمتەرلىكىم، دولىسىغا شاپىلاقلاپ قويغىنىم گېپىمنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ياۋاش بول، دېگىنىم.

**كلاسسىك**

1. بوۋىسىنىڭ بوۋىسى.
2. مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىشتىكى سەۋەب.

**كلاسسىك ئەسەر**

1. تىزىپ قويۇلىدىغان، بىراق ئىشلىتىلمەيدىغان كىتاب.
2. ھەر قانداق كىشى ئوقۇپ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئەمما ھېچكىم ئوقۇشنى خالىمايدىغان ئەسەر.

**كوررېكتور**

بۇ بىر قەبىھلىك قىلغۇچى بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى نابۇرچىكلارنىڭ مالىماتاڭ، چۈشىنىكسىز قىلىۋېتىشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق سىزنىڭ زېيىنىڭىزنى تۆلەپ، ئەسىرىڭىزنى بىر دۆۋە بىلجىرلاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

**كوررېكتورلۇق**

ھەقىقەتلەرنىڭ كاسىسىنى سۈرتىدىغان خىزمەت.

**كولدۇرلىتىش**

ئىنتايىن كۈلكىلىك بولغان ئالدامچىلىق، دۇنياغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماسلىقنىڭ ئاكتىپ چارىسى.

*قىمىرلىما، مەن ساقچى*

بىر كۈنى ئەزەلدىن ئۇۋۇغا چىقىپ باقمىغان بىر ساقچى ئۇۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقنىڭ بىر يېرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كېيىك پەيدا بوپتۇ. ساقچى ئۆزىنىڭ ئۇۋغا چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ ـ دە، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىپ ۋارقىراپتۇ:

ـ قىمىرلىما، مەن ساقچى!

**كەسىپ، ھۈنەر**

1. ئۇ يورەك سوقۇپلا تۇرسا پۇتىدىغان ئىش. ئاساسلىقى، كىشىلەرنى چىشىنى چىشلەشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ.

2. ئۇنى ئىگىلىۋالغانلار بىر ئۆمۈر مەردانە ياشايدۇ، ئۇنىڭغا سەل قارىغانلار پېنسىيىگە چىقىش بىلەنلا بىچارە بەندىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

**كەسىپ ئەھلى**

1. باشقىلارنىڭ ئازراقمۇ بىلەلمەسلىكىنىڭ ئۈستىگە ئەيىبلەشنى قوشۇپ قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ھاماقەت.

2. ئەگەر سىز، ھازىر سائەت قانچە بولدى، دەپ سورىسىڭىز، ئۇ سىزگە سائەتنى قانداق ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

**كەشپىياتچى**

چاق، پىشاڭ ۋە پورشىننى ئەپچىللىك بىلەن قۇراشتۇرالايدىغان، شۇنداقلا مەدەنىيەتكە ئىشىنىدىغان ئادەم.

**كەلكۈن**

ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكىدىنمۇ كەڭ دەريا.

**كەلگۈسى**

1. ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن تەھدىتى. ھازىرنىڭ سودىيىسى.

2. بۇ باسقۇچلۇق ۋاقىت ئىچىدە، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز گۈللەپ ياشنايدۇ، بىزنىڭ دوستلىرىمىز سادىق، ئىشەنچلىك بولىدۇ، بىزنىڭ بەختىمىز ھېچقانداق نۇقسانسىز بولىدۇ.

2. كىشىلىك ھاياتنىڭ ئامانەت كىنىشكىسىدىكى قالدۇق سومما.

پەرزەنتىگە بولغان سېغىنىشىنىڭ قانتى، سىز ئىنتىزار بولغان ئاشنىنىڭ كېچىلىك كىيىمى.

**كۇتۇپخانا**

1. مەركىزىي شەھەردىكى ئاسارئەتىقە.

2. ھۇرۇن ئوقۇغۇچىلار ئۆيدىن چىقىش ئالدىدا ئاتا - ئانىلىرىغا ئېيتىدىغان كىنوخانىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

3. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگدىشى، تاتلىق - تۇرۇم يېيىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بېرىلگەن جامائەت مۇئەسسەسىسى.

**كۆچمەن**

1. بۇ سايلام كومىتېتىدىكى خادىملارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ھېلىقى بىر قىسىم سايلىغۇچىلار. بۇ چەت ئەللىك كۆچمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ پۇشتىلىرىنىڭ تەقى - تۇرقى ئوپئوخشاش بولغانلىقى سايلام بېلىتىگە مەسئۇل بۇ خادىملارغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىلىرىنىڭ پۇل ئالغانلىقىنى، قايسىلىرىنىڭ ئالمىغانلىقىنى پەرق ئېتىش تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.

2. ياقا يۇرتتا تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان ئادەم. ئۇلارنىڭ ئورتاق خىيالى چاقناپ تۇرغان شېرىن چۈشلەرنى يۇرتىدىكى نامراتلىق ئارىسىغا ئاپىرىپ كۆچۈرۈپ تىكىشتىن ئىبارەت.

3. بۇ خىل ئادەملەر ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتىنى باشقا دۆلەتنىڭ تۇپرىقىدا يېتىشتۇرىدۇ، شۇنداقلا يەرلىك خەلققە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. تەبىئىيكى ئۇلار يەرلىكلەرنىڭ مەسخىرىسى ۋە يەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

4. كاللىسى ئېچىلمىغان بىر خىل ئادەم بولۇپ، ئۇ بىر دۆلەتنى يەنە بىر دۆلەتتىن ياخشى، دەپ خاتا تونۇپ قالىدۇ.

**كۆچۈرۈش**

جانلىقلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئاددىي پرىنسىپى.

ئىنسانلار دەل ئۆزئارا كۆچۈرۈشتىن كەلگەن. كىم باشقىلارنىڭ كۆچۈرۈشىنى رەت قىلىدىكەن، شۇ كىشى ئالۋاستى. قولنىڭ ياكى پۇتنىڭ

**كوللېكتىپ**

كۆپچىلىك بىر خىل بەدەن تېمپېراتۇرىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بو- لۇش، كوللېكتىپنىڭ ياخشى تەرىپى ـ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇچرىغان مەسخىرە ـ كۈلكىلەرنى ئورتاق كۆتۈرۈشتە. بۇ يەردە ئۆزىڭىزنى يوشۇرۇپ قويسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ تاپالماي قالىسىز.

**كوللېكتىپ ئاشخانا**

ئورۇقلاش مەركىزىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

**كومپوزىتور**

بەش تال پولات سىم ئۈستىدە قوڭچاق ۋە پاقىلارنىڭ ئېچكى ئەزالىرى- نى قورۇتىدىغان ئادەم.

**كومېدىيە**

پەقەت باشقىلاردا يۈز بەرگەندىلا شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان ئويۇن.

**كونا ئەسكەر**

ئۇزاق مۇددەت ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن، ئەمما دەرىجىسى ئۆس- مىگەن ئادەم.

**كونسۇل**

ئامېرىكا سىياسىيسىدا، بۇ شۇنداق ئادەمنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ خەلق- نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ئۆز دۆلىتىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە ئامالسىز قالغان، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن ئايرىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا بۇ خىزمەتنى بەرگەن.

**كونسېرۋاتىپ**

ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىنايەتلەرگە مەپتۇن بولغان بىر خىل سىياسىئون بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەركىنلىك گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ پەرقى ئەركىنلىك گۇرۇھىدىكىلەر باشقا بىر مۇنچە جىنايەتلەرنى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىنايەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**كونۋېرت**

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ جەسەت ساندۇقى، پارىنىڭ ئاددىي ـ ساددە كىيە- مى، كەم تاپشۇرۇلمىغان باجنىڭ تالونى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ساياھەتتىكى

يۈزىگە سۆزگەن مېيىننىمۇ تەكشۈرىدىغان ئادەم.

**كۆز يېشى**

چاناقتىن سىيىلىۋاتقان تۇزلۇق پىكىر. كۆز يېشى بەزىدە قاتتىق قىرغىن قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە خىمىيىلىك قورال بولالايدۇ.

**كۆزەينەك**

1. كىشىلىك تۇرمۇشنى قىيپاش كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان كۆز.

2. غۇۋالىق ئىچىدە گۈزەل كۆرۈنۈۋاتقان كىشىلىك ھاياتنى بىمەززە رېئاللىق ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىدىغان رەھىمسىز ئەسۋاب.

*كۆزەينەك تاقاش*

بالا: بوۋا، سىز نېمىشقا كۆزەينەك تاقايسىز؟

بوۋاي: چۈنكى كۆزەينەك تاقىمىسام نەرسىلەرنى كۆرەلمەيمەن.

بالا: ئۇنداقتا قارىغۇلار نېمە ئۈچۈن كۆزەينەك تاقىمايدۇ؟

**كۆكرەك**

ئەرلەر باشقىلارغا ھەيۋە قىلغاندا ئۇرىدىغان، ئاياللار باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلغاندا دىڭگايتىدىغان ئەزا.

**كۆڭلىنى ياساش، تەسەللى بېرىش**

ياخشى ياساۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئۆزىڭىزدىن بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن كۆڭلىڭىزنىڭ تەسەللى تېپىشى.

**كۆڭۈل بۆلمەسلىك**

شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە قارىتا ئانچە سەزگۈر بولماسلىق.

**كۆڭۈل بۆلۈش**

خىراجەت كەتمەيدىغان خەير - ساخاۋەت.

**كۆڭۈل ئېچىش**

ھارغىنلىقنى يوقىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئۈمىدسىزلىك.

**كۆل**

ساھىبجامالنىڭ كۆز بېقىشى. ئۇنىڭ چوڭقۇرىغا قىستۇرۇلغان بېلىق قىلتىرىقى بىزنى ھامان خاتىرجەمسىزلىككە سېلىپ تۇرىدۇ.

بىر بارمىقىنى ئارتۇق ياكى كەم كۆچۈرۈپ قويۇش كەچۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىق. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا، بۇنداق كۆچۈرۈپ قويۇشتىن بار-لىققا كەلگەنلەر ئالۋاستى بىلەن بىر تۇر، دەپ قارىلاتتى.

*يېڭى ئۇقۇم ئىجاد قىلىش*

ئەدەبىيات دەرسىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا «بايقاش» بىلەن «ئىجاد قىلىش»نىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

- بايقاش ئەزەلدىن بار بولغان، كېيىن تېپىلغان، بىلمەسلىكتىن بىلىشكىچە بولغان بىر جەريان. ئىجاد قىلىش دېگىنىمىز، ئەسلىدە يوق بولغان، كېيىن ئىجاد قىلىش ئارقىلىق يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش جەريا-نىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى دەرسنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى بۇ ئىككى سۆزگە جۈملە تۈزۈشكە بۇيرۇدى.

بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

- دادام ئاپامنى بايقىدى، كېيىن دادام بىلەن ئاپام مېنى ئىجاد قىلدى.

كۆچۈش

ئەرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان سەۋەب.

كۆز

1. خاتا تۈيغۇنى قوبۇل قىلىش ئورنى.
2. گايى كىشىلەر ئۇچۇن ئۇ بىر دۇربۇن، گايى كىشىلەر ئۇچۇن ئۇ بىر كامار.

كۆز دورىسى

ساھىبجامالار، جاھاندىكى گۈزەل نەرسىلەر كۆزنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى.

كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرى

1. باشقىلارنىڭ كۆزىنى داۋاملىق چىمىلداتقۇزىدىغان، بىراق ھېچقان-داق يامان نىيەتتە بولمايدىغان ئادەم.
2. ئاغرىقنىڭ كۆز قىسمىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ

2. كۆن تەرتىپى بويىچە يېزىلىدىغان بىر خىل تۈرمۈش خاتىرىسى. لېكىن، ئۇنىڭغا خاتىرىلىنىدىغىنى تۇرمۇشنىڭ پەقەت كۆندىلىك خاتىرە يازغۇچى ئۆزىگە بايان قىلغاندا يۈزى قىزارمايدىغان قىسمىدىنلا ئىبارەت.

3. ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان خۇسۇسىي ئىشلارنى خاتىرىلەيدىغان، شۇ ئارقىلىق ئىچ پۇشۇقىنى تۆكىتىشتە پايدىلىنىدىغان ھېسابات دەپتىرى.

4. يالغان سۆزلەرنىڭ ئەۋرىشكىسى.

5. ئۆز - ئۆزىنى ئالدايدىغان خاتىرە.

**كېپىل بولغۇچى**

ئۆزىگە كېپىل بولۇشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، نائىلاج باشقىلارغا كېپىل بولىدىغان ئادەم.

**كېڭەش پالاتاسى**

ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈۋاتقان پارتىيە سېغىز كەمپۈتنى چايناپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ شۆلگىيىنىڭ تەمىنى ئۆكتىچى پارتىيىدىكىلەرگە تېتىتىپ باقىدۇ، شۇنداقلا ئۆكتىچى زاتلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ تارىخىدا، ھوقۇقسىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئامېرىكىدىكى نېگىرلاردەك ئۆتكەنكى قىرىق يىل ئىچىدە تېز سۈرئەت بىلەن سىياسىيغا قاتنىشىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

**كېڭىشىش**

باشقىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش، ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولۇش.

**كېسەل، ئاغرىق**

1. دوختۇرنىڭ پۇل قاپچۇقى.

2. ئاغرىق تۇتقاندا دوختۇرغا ئىشىنىدىغان ئادەم.

**كىتاب**

كىچىك باللار چوڭلار ئۈچۈن سانجىپ قويغان بىر تال خۇش پۇراقلىق يالغان گۈل. چوڭلار باللارنىڭ يىرتىپ ئوينىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئويۇنچۇق.

**كۆلەڭگە**

شەيئىنىڭ ھەقىقىيلىقى ـ ئۇنىڭ كۆلەڭگە ئىچىدە كۆپىنكى ھالەتتە كۆرۈنگەنلىكىدە. چۈشىمىزنىڭ كۆلەڭگىسى يوق، شۇڭا ئۇ باشقا دۇنيا بولۇپ قالغان. ئوخشاشلا جىننىڭمۇ مۇتلەق كۆلەڭگىسى يوق.

**كۆيۈپ قېلىش**

يىگىت كۆيۈپ قالغاندا تۇگىمەس ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولىدۇ؛ قىز كۆيۈپ قالغاندا دۆتلىشىپ كېتىدۇ.

**كۇتۇلمىگەن**

ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ رولى تۇپەيلىدىن تۇ- يۇقسىز چۈشكۈرۈۋېتىش ياكى ساقلانغىلى بولمىغان ھالدا يۈز بەرگەن ۋەقە.

**كۈچ**

ھارارەتتىن پەيدا بولغان بىر دەملىك قاراملىق.

**كۈچى يەتمەسلىك**

پەقەت تىلىلا بولسا ئاندىن يەتكىلى بولىدىغان جاي.

**كۈلدان**

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۇرۇش قورالى. لېكىن تەجرىبىلىكلەر ئەجەللىك نىشانغا ئاتمايدۇ.

**كۈلكە**

تىلى تۇتۇلغان ھالدا خورەك تارتىش.

كۈلكە يۈز قىسمىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى بولۇپ، تارتىشىش جەريانى- دا، ئادەم ئۆزىنى باشقۇرالماي قالىدۇ. يۈزنىڭ بارلىق ئىپادىلىرى ئارىسى- دا كۈلكە ئەڭ ئامىباب بولىدۇ.

**كۈندىلىك ئۇرمۇش**

روھىي كېسەللىك تارىخى.

**كۈندىلىك خاتىرە**

1. ساختىلىقتا تولغان رېئال دۇنياغا قارىتا راست گېپىنى ئۆزىگە ئېيتىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى.

2. كىشىلىك ھايات ئاپتوموبىلغا ئوخشايدۇ، توختاپ تۇرغاندا يەر ئىگىلەيدۇ. ماڭغاندا بولسا، قايسى ۋاقىتتا بىر ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

3. ئالدىنقى يېرىمىدا ئاتا - ئانىلارنى ئاۋارە قىلىدىغان، كېيىنكى يېرىمىدا پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئاۋارە بولىدىغان ۋاقىت.

*ئۆزگىرىش*

ياۋروپاغا قىلغان ساياھىتىدىن قايتىپ كەلگەن بىر بەگزادە غوجىدارىدىن سوراپتۇ:

- ئۆيدە بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟
- ھېچ ئىش يوق، ئىتىڭىز ئۆلۈپ كەتتى شۇ.
- نېمە سەۋەبتىن؟
- كۆيۈپ كەتكەن ئاتىنىڭ گۆشىنى يەۋاپتۇ.
- ئات گۆشىنى؟
- شۇنداق، ئۆيىڭىزگە ئوت كەتكەندە، ئېتىڭىز كۆيۈپ كەتكەنىدى.
- ئۆيگە ئوت كەتتى؟
- شۇنداق، شام دېرىزە پەردىسىگە تېگىپ كېتىپتۇ.
- نېمىشقا شام ياققان؟
- ئېگىڭىز ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن.
- نېمە، دادام تۈگەپ كەتتى؟
- شۇنداق. ئۇ ئۆزىنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋاپتۇ.

**كىشىلىك ھوقۇق**

ئالېكساندىر سوررېنىتكىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ساقال باسقان چىرايى، كويزا سېلىنغان ئۆزگىچە قىياپىتى ئىستىقبال ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان غەرب زىيالىيلىرىنى مەپتۇن قىلىۋالدى. مانا مۇشۇنداق بىر جاپاكەشنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەللىك يىل كېچىككەن بولسىمۇ، غەرب ئاخىر روسىيىدە ئىدىيە تۆپەيلىدىن بىر ئادەمنىڭ نەزەربەند قىلىنىشىنىڭ ئادىللىق ئەمەسلىكىنى، روسىيە كومپارتىيىسىنىڭ فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى تىكلەپ قويغان كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز

**كىتاب ئوقۇش**

ئۆز - ئۆزىنى ئۇخلىتىش چارىسى.

**كىرپىك**

كۆزنىڭ كانۋىيى.

**كىرىم**

1. بىر كىشىنىڭ ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان - ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئەقىلغا مۇۋاپىق تەبىئىي ئۆلچەم. مال - مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي پايدىسى ئۇنىڭ پۇلغا يارايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. مەيلى مال - مۈلۈك قايسى شەكىلدە، ئېيتايلۇق، پۇل، زېمىن، ئۆي - ئىمارەت، تاۋار ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ شەكلىدە ئىپادىلەنسۇن، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ماكانى يەنىلا پۇلدىن ئىبارەت. شان - شەرەپ، تاج، مۇھىم مەنسەپ ياكى ئېسىلزادىلەر بىلەن قىلىنىدىغان ئالاقىلەر بولسۇن، ئوخشاشلا پۇلنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەر قانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بار - يوقلۇقىنى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ پۇلغا يارايدىغان - يارىمايدىغانلىقى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمۇ شۇنىڭغا باغلىق بولىدۇ.

2. ئەسنەپ ئولتۇرۇش بەدىلىگە خىزمەت ئورنىدىن ئالىدىغان نەرسە.

*ئوخشاشلىق*

- دادا، جېك ماڭا توي قىلىش تەلىپى قويدى.

- ئۇنىڭ كىرىمى قانچىلىك ئىكەن؟

- قارىغاندا مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ ئوخشاش بولىدىكەن. ئۇمۇ مەندىن، دادىڭىزنىڭ كىرىمى قانچىلىك، دەپ سورىدى.

**كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ قاتتىق زەربە**

زەربىگە ئۇچراپ باقمىغان كىشىلەر ھەر كۈنى رەھىمسىز زەربە ئىچىدە ياشايدۇ. نادانلىق - ئۇلار مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان زەربە. ئۇلارنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقلىرى دەل ئۇلارنىڭ جاراھىتى.

**كىشىلىك ھايات**

1. ئەجەل كېلىشتىن بۇرۇن گىرىپتار بولغان ساقايماس كېسەل.

قىلارسىز» ، سول يانپىشىدا«تېتىپ بېقىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز» دېگەن خەتلەر بار ئىكەن.

**كىيىم مودېلى**

كىشىلەر دورايدىغان يالغان ئادەم. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى - بەدىنى بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ، بىزنى ئۇزۇقلۇق دۇنياسىدىن رەخت دۇنياسىغا باشلاپ بېرىش.

قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، غەربتە كىشىلەر جازا لاگېرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ياشمايدۇ، خالىغىنىنى دېيەلەيدۇ، خالىغىنىنى يازالاي-دۇ. شۇڭا، كىشىلىك ھوقۇق كۈرىشىنىڭ تەدرىجىي قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى تامامەن غايىب بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بارلىق كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىشلارغا بولغان پوزىتسىيىسى-گە ئايلىنىپ قالدى، بارلىق ئارزۇلارنى ھوقۇق - مەنپەئەتكە ئايلاندۇرىدى-غان بىر خىل كۈچ بولۇپ قالدى. دۇنيا بىر خىل كىشىلىك ھوقۇققا ئايلاندى. ھەممە نەرسە كىشىلىك ھوقۇق بولۇپ قالدى. زىنا قىلىش ئارزۇسى زىنا قىلىشتىكى كىشىلىك ھوقۇق، دەم ئېلىش ئارزۇسى دەم ئېلىشتىكى كىشىلىك ھوقۇق، ماشىنىنى تېز ھەيدەش ئارزۇسى ماشىنىنى تېز ھەيدەشتىكى كىشىلىك ھوقۇق، يېرىم كېچىدە كوچىدا ئالىتاغىل ۋارقىراش ئارزۇسى يېرىم كېچىدە كوچىدا ئالىتاغىل ۋارقىراشتىكى كى-شىلىك ھوقۇق، ھەتتا ئۇرۇقلانغان بىر دانە تۇخۇم ھۆجەيرىسىنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر ئەزا بولۇش ئارزۇسىمۇ كىشىلىك ھوقۇق بولۇپ قالدى.

كىنو

تېخىمۇ كۆپ ئەقىللىق ئادەملەرنى ساراڭ قىلمۇېتىدىغان ساراڭ.

كىيىم

يېتەرسىزلىكلىرىنى ياپىدىغان نەرسە.

*بىر ئايالنىڭ ئىچ كىيىمى*

كۈتۈۋېلىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دائىم زىياپەتكە داخىل بولۇپ تۇرىدىكەن ھەمدە ھەر قېتىملىق زىياپەتتە بېرىلگەن سالفېتكىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سالفېتكىلار كۆپىيىۋېرىپ ئۆيىدە قويغۇدەك يەر قالماپتۇ. ئۇلارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغان باشلىقنىڭ ئايالى سالفېت-كىلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ بىر نەچچە قۇر ئىچ كىيىم تىكىۋاپتۇ.

بىر كۈنى بۇ ئايال زۇكام بولۇپ قېلىپ ئوكۇل سالدۇرۇشقا توغرا كېلىپ قاپتۇ. سېستىرا ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ بولۇپلا قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوڭ يانپىشىدا «رەھمەت، يەنە قەدەم تەشرىپ

ئاددىيلەشتۈرۈۋېتىدىغان تالانت ئىگىسى.

**گۇناھىنى يۇماق، گۇناھىدىن ساقىت بولماق**

جىنايىتى بارلار ئارتىۋالغان قارا قازان، «قوتاننى قوي قاچقاندىن كېيىن تۈزەشتۈرسىمۇ كېچىككەن بولماسلىق» دېگەن بىلەن يولى باشقا، ئۈنۈمى بىر خىل بولغان ئامال. ئىرادىلىك گۇناھىنى يۇغۇچى كۆپىنچە ھاللاردا دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغۇچىلارغا چەك چاپلىشىۋېلىش ئارقىلىق كەڭچىلىككە ئېرىشىدۇ.

**گۇۋاھلىق سۆزى**

دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ بايانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممە گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئىشەنچلىك بولىدۇ. جاۋابكارنىڭكى بۇنىڭ سىرتىدا.

**گۇۋاھلىق يىغىنى**

ھەر دەرىجىلىك قانۇن تۈرغۇزۇش ئورگانلىرىنى پاتپاراق قىلىۋېتىدىغان بىر تۈرلۈك ئاساسىي پائالىيەت بولۇپ، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كۈلكىلىك مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار بەزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن يامان ئىللەتنى پەيدا قىلغان ئەھۋاللارنى چىقىرىپ، يېڭى چەكلەش تەدبىرلىرىنى ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتىش كويىدا بولىدۇ. بىراق بۇ تەدبىر ۋە تۈزۈملەرنىڭ تاقابىل تۇرىدىغىنى دەل ئەھۋال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

**گۆركار**

جاڭگالدا ئورا كولاپ، ئۆلۈككە ئىجارىگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم.

**گۆرۈگە ئېلىۋېلىش**

تۇتۇۋېلىنغان بىر پارچە خام گۆش. ھاۋارايى ياخشى بولسا، قاتىل بۇ گۆشنى بىر قانچە كۈن ساقلاپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر قۇياش جىلۋە قىلغۇدەك بولسا، ئۇ شۇ ھامان سېسىپ كېتىدۇ.

**گۆشخورلۇق**

قورقۇنچاق چۆپخور ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يالماپ يۇتۇشقا ماھىر بولۇش.

# گ

**گازارما**

ئەسكەرلەر تۇرىدىغان بىر خىل ئۆي. ئۇلار ئۆيىنىڭ بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆيىنىڭ باشقا قىسىملىرىنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت.

**گال**

ئىنسابنى سۇغۇرۇۋالسا، مەڭگۇ تولمايدىغان ئوڭكۇر.

**گالستۇكنىڭ رولى**

1. گالستۇك كىشىگە لاتاپەت ۋە سالاپەت ئاتا قىلىدۇ.
2. گالستۇكنىڭ ئارقا يۈزىنى قولياغلىق ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئېغىز-بۇرۇننى سۈرتۇشكە بولىدۇ.
3. ئۆلۈۋېلىشقا ياكى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئەپلىك.
4. ئاياللارنىڭ ئېرىنى ئىت ئورنىدا يېتىلىشىگە، بالىلارنىڭ دادىسىنى ئات ئورنىدا مىنىشىگە ئەپلىك.
5. شارپا، ئىشتانباغ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.
6. بالىلار بىلەن بازارغا چىققاندا، ئادىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇشقا بولىدۇ.

**گرامماتىكا**

بۇ كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەنگەن بىر قاتار تۇزاقلار بولۇپ، نام - ئاپرۇيغا ئېرىشىش يوللىرىغا تارقالغان. ئۇ مەخسۇس ئۆزى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە چۈشۈشىنى كۈتىدۇ.

**گومۇش**

مۇبادا ئۆزى قىزىقىپلا قالغۇدەك بولسا، ئەڭ مۇرەككەپ ئىشلارنىمۇ

- ھەي، سىز بەك چارچاپ كېتىدىغانسىز - ھە؟
- يوقسۇ، ئازراقمۇ چارچىمايمەن، چۈنكى مەن زادىلا گېزىت دېگەن نەرسىنى ئوقۇمايمەن.

گېنېرال

دەرىجىدىن تاشقىرى ھارارەتلىك بومبىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىدىيىگە ئىگە قەيسەر ئادەم.

ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى مارشالنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇمىغا تېگىشىدۇ. ئۇلار قاتىللىق ھاۋاسىغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. ئەزرائىلدىن باشقا ھېچكىم ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ.

گېنېرالنى رەپىتىس

رەسمىي ئويۇن قويۇلغاندا سەھنە سۆزىنى خاتا ئوقۇشنىڭ تەييارلىق ئويۇنى.

گېئولوگ

ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرى بىلەن كەسىپداش. لېكىن ئۇلار بىرلىكتە پىكىر ئالماشتۇرمايدۇ. سەۋەبى، ئۇلار تېخنىكىلىق ئاتالغۇلار ئۈستىدە قارشى تەرەپ بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى خالىمايدۇ.

گېئولوگىيە

بۇ يەر شارىنىڭ سىرتقى پوستى توغرىسىدىكى بىر پەن. مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن، بىر ئەر كىشى يەر ئاستىدىن چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ چوقۇم يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمى ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا ۋالاقلاپ، گېئولوگىيە ئىلمىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. كىشىلەر يەر شارىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۈچ قەۋەتكە بۆلىدۇ: بىرىنچى قەۋىتى، يەنى ئەڭ تېگىدىكى قەۋىتى تاغ جىنىسلىرى، چۆكۈپ كەتكەن ئېشەكلەرنىڭ سۆڭەكلىرى، گاز تۇرۇبىلىرى، كان ئىشچىلىرى تاشلىۋەتكەن ئەمگەك قوراللىرى، بۇرنى پۇچۇلۇپ كەتكەن قەدىمكى ھەيكەللەر، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ قەدىمكى تەڭگىلىرى ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان. ئىككىنچى قەۋىتى ئاساسەن سۆۋەرەك ۋە تۇلۇم چاشقانلاردىن تەركىب تاپقان. ئۈچىنچى قەۋىتى بولسا، رېلىس، پىيادىلەر

**گۆھەر**

«گۆھەرنى چوشقىغا تاشلاپ بەرمە.» — خرىستوس.

**گۈزەل ئەخلاق**

ھاراق تاشلاش، تاماكا تاشلاش ۋەھاكازا، ۋەھاكازالار.

*كىم سەن ئۇچۇن ھاراق ئىچىپتۇ*

ئايال: سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، جېنىم ئېرىم، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ھاراقنى تاشلىسىڭىزچۇ؟!

ئەر: ۋۇ ئەخمەق، كىم سەن ئۈچۈن ھاراق ئىچىپتۇ؟!

**گۈل**

ئەڭ تەسىرلىك ئاۋاز. بىردىنبىر خۇش پۇراقلىق ئاۋاز. ئادەمنى ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈرەلەيدىغان فاشىست.

ئەرلەر كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدىغان، ئۇتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئالىي دەرىجىلىك شەھۋانىي ئىنتىلىش. تۇپراقتىن قايناق ھېسسىيات تارتىپ تۇرىدىغان، ئادەم ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاجايىپ يارقىن شېئىر.

**گېتلىر**

بىر قىڭراقنى كۆتۈرۈۋالغان، تۇغما ئەقىلدىن ئازغان بىر جۈپ قول.

**گېزىت**

ئوقۇش قىيىن بولغان نۇرغۇنلىغان ھەرپلەر تەرىپىدىن مەينەت قىلىۋېتىلگەن قەغەز.

*سۈرەت*

بىر قېتىملىق تەبىئىي ئاپەتتىن كېيىن مۇخبىر گېزىتخانىغا «بۇ پاجىئەنى كۆرگەن تەڭرى كېچىچە كىرپىك قاقمىدى» دېگەن تونجى خەۋەرىنى ئەۋەتىپتۇ. ناھايىتى تېزلا گېزىتخانىدىن يوليورۇق كەپتۇ: «دەرھال تەڭرىنىڭ سۈرىتىنى ئەۋەتىڭ!»

*گېزىت يەتكۈزگۈچى*

بىر بوۋاي گېزىت يەتكۈزگۈچىنىڭ بىر قوچاق گېزىتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ قاپتۇ:

# ل

**لەۋ سۇرۇخ**

1. مەخسۇس ئەرلەرنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان شەھۋانىي خەۋەر.

2. مەخسۇس ئەرلەرنىڭ مەڭزىگە قوش كالپۇكىنىڭ تامغىسىنى ئۇرۇدىغان سۇرۇخ.

**لۇغەت**

1. بۇ مەڭگۈ تەمكىنلىكنى، سالاپەتنى ساقلايدىغان چىراي بولۇپ، بەئەينى بىر پوپقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىدارى دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇداتلارغا رەتلىك ئۆلچەم بېكىتىش، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى بىر قېلىپنىڭ ئىچىگە سېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى بىر قەپەسكە ئوخشايدۇ.

2. تاق سۆزلەر ھەرپ تەرتىپى بويىچە تىزىپ قويۇلغان بىر كىتاب بولۇپ، تاق سۆزلەرنىڭ كەينىگە پايدىلانغىلى بولىدىغان، ئەمما قىلچە يۇمۇرلۇقى بولمىغان ئېنىقلىمىلار بېرىلگەن. ئۇنى قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ پايدىسى تولىمۇ ئاز بولۇپلا قالماي، قىزىقارلىقلىقى جەھەتتىمۇ ناھايىتى يىراقتا تۇرىدۇ.

**لۇغەت تۈزگۈچىلەر**

ئىنسانىيەتنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ قۇللۇق تەبىئىتى ئۇلارغا تىلنىڭ توغرا ـ ناتوغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت چەكسىز ھوقۇقنى ئىنئام قىلغان بولۇپ، ئۇلار تىلنىڭ مۇرەككەپ ۋە سىرلىقلىقىنى چەكلەپ، ئۇنى نەپىس، تەسىر قىلمايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. تۇنجى لۇغەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇن، يازغۇچىلار ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى يازغانىدى. مۇبادا ھاياتىي كۈچكە ۋە ئېلاستىكلىقىقا ئىگە بۇ ئەسەرلەرنى لۇغەت تۈزگۈچىلەر چۈشەندۈرىدىغان بولسا، ئەۋلادلارنىڭ خاتالىشىپ

يولى، ئوت - چۆپ، يىلان، بىخسىپ كەتكەن ئاياغ، پىۋا بوتۇلكىلىرى، مەستانە بولغان شەھەر ئاھالىسى، ئەخلەت، ئانارخىست، غالجىر ئىت ۋە ساراڭلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**گىلەم**

يەردە دەسسىلىۋاتقان بىر پەلسەپە.

# م

**مائارىپ**

ئۇ ئەقىللىقلارغا ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنىنىڭ تايىنى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كالۋالارنىڭ بولسا نادانلىقىنى ياپىدۇ.

**مائاش**

ئىشلىمىسىمۇ ھەر ئايدا قولغا تېگىدىغان نەرسە.

**ماتېرىيالىزم**

تەڭرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتا ئوخشاشمايدىغان سىيا-سىي كۆز قاراشتا بولۇش. مەزكۇر نەزەرىيىنى ياقلىغۇچىلار جىمى مەۋجۇ-داتلارنىڭ كۆپ پارتىيە رىقابىتى بىلەن تولغان بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى بازار تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىيىتىدە بولىدۇ. بۇنىڭدا، ھەتتا قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ۋە قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، چېكەتكە ۋە لامپۇچكىلارمۇ بېلەت تاشلىيالايدۇ.

**ماتېماتىكا**

1. قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە تەرەققىي قىلغان بوي ئېگىزلىكى ۋە بەدەن ئېغىرلىقى. بۈگۈنكى كۈندە، بىز رەقەملەرنى كومپيۇتېرنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، پۈتكۈل دۇنيانى مۇھەببەت تېئورېمىسىغا كىرگۈزۈۋەت-تۇق.

2. مائاشنىڭ نېمە ئۇچۇن تۆگەپ كەتكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان پەن.

**ماختاش**

1. باشقىلارنىڭ مۆۋەپپەقىيىتىگە بولغان مەدھىيە. بۇ مۆۋەپپەقىيەت-لەر كۆپ بولغاندا بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن بىزنىڭكى بىلەن

قېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش بولمايدۇ.

**لۆڭگە**

1. كىشىلەرگە مەينەتچىلىك ئېلىپ كېلىدىغان، شۇنداقلا ئۇلارغا ۋاكالىتەن مەينەتنى سۈرتىدىغان قۇربانلىق بۇيۇم.

2. ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەنلا تۇنجى قېتىم ئۇستىگە ئورايدىغان تالالىق بۇيۇم.

3. بوكسچىنىڭ ئاق بايرىقى.

4. رەختتىن ئىشلەنگەن ساياھەت خاتىرە بۇيۇمى.

5. ئۆزى بىر پارچىلا بولسىمۇ، ئۇياتنى يوشۇرۇشقا يېتىدۇ.

**لوكچەك**

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل ئەخمەقتىن ئىبارەت.

**لوكچەكلىك**

ئورۇشقاقلىققا ئامراق بىر خىل ھاماقەتلەرچە قىلمىش بولۇپ، كاللىسى ئېلىشىپ قالغان كىشىلا بۇنداق ئىشنى قىلىدۇ.

**لېدىر**

ھەمىشە تەييار رەختلەرنى پىچىپ كىيىم تىكىدىغان ئادەم.

**لېپتىك**

1. مەشۇقىنىڭ سەگەنچۇكى.

2. ئاياللارنىڭ جەلپكارلىقىنى سۈنئىي زورايتىش ئەسۋابى.

**لىفت**

دەرىجىدىن تاشقىرى كىچىك تىپتىكى رومانتىك ھۇجرا.

**ماگزىن**

بىر خىل قورۇتۇش ماشىنىسى. ئادەم بۇ ئىشكتىن كىرسە، قورۇتۇپ ئۇ ئىشكتىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارغا ئۈنۈمى ياخشىراق.

**مال باھاسى**

1. بۈيۈمنىڭ بېشىدىكى پاخال بەلگە. مال باھاسى ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كۆزلەرنىڭ دۇمبالىشىغا مەردانىلىك بىلەن چىداپ تۇرىدۇ.

2. بۈيۈمنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ۋە سودىگەرلەرنىڭ نومۇسسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سان.

**مال ساتقۇچى**

قانۇن ئىجازەت بەرگەن دائىرە ئىچىدە تالان - تاراج قىلىدىغان ئادەم.

**مالاي**

1. كىشىلەرگە دېموكراتىيىنىڭ قانداق مال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ئوقۇتقۇچى.

2. مەخسۇس قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىش بىلەن داڭق چىقارغان ئادەم.

3. ئېشىپ قالغان تاماق، كونىرىغان كىيىم - كېچەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم.

4. ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشقا، خوجايىنغا مۇھەببەت مۇلازىمىتى قىلىدىغان ئايال.

**مال - مۈلۈك، بايلىق**

1. بۇ كىشىلەر ئىنتىلىدىغان ئەمەلىي نەرسە بولۇپ، روھ بىلەن قارشىلىشىش جەريانىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ھېچكىم روھىي كەمبەغەللىك تۈپەيلىدىن بىرەرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئەكسىچە بەزى كىشىلەر بىر نەچچە تەڭگىنىڭ دەردىدە ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالىدۇ.

2. ئانچە زور قىممىتى بولمىغان، بىراق باشقىلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە

تەك بولالمايدۇ.

2. يالغان سۆزلەر ئورالغان بوغجۇما.

*ئاجايىپ ماختاش*

ئىككى بالا دادىلىرىنى ماختىشىپتۇ.

- مېنىڭ دادام ئىنژېنېر، - دەپتۇ بىرىنچىسى، - ئۇ ھەر قانداق نەرسىنى ياسىيالايدۇ. سەن ئالپ تېغىنى بىلەمسەن؟

- بىلىمەن.

- ئاشۇ تاغنى دادام ياسىغان.

ئىككىنچى بالىمۇ بوش كەلمەپتۇ:

- سەن ئۆلۈك دېڭىزنى بىلەمسەن؟

- بىلىمەن.

- ئاشۇ دېڭىزنى دادام ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

**ماددىچىلىق**

ماددا ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان، مەنىۋى ئاقسۆڭەكلىك-نى يوقىتالايدىغان قورال، دەپ قارايدىغان خىيالپەرەسلەرنىڭ زېمىنى.

**مارافون**

دەسلەپىدە ناھايىتى تېز يۈگۈرۈش، بارا - بارا ماغدۇرسىزلىنىپ، پۈتۈن بەدىنىدىكى دېتاللار شالاقشىپ كېتىش.

**مارشال بىلەن جەڭچى**

ھەقىقىي مارشال زادىلا ئەسكەر بولۇپ باقمىغان بولىدۇ. ئەك ياخشى ئەسكەرمۇ مەڭگۈ مارشال بولالمايدۇ. ئىككىسىنىڭ پەرقى قايسىسىنىڭ تەگرى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئالدامچىلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئىلاجسىز قالغانلىقىغا باغلىق.

**ماسلىشىش**

ئات ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئىگەر - جابدۇق توقۇش، يۈگەن سېلىشىغا يول قويغىنىدەك خاتىرجەملىك بىلەن بىلەن تەقدىرگە تەن بېرىش. ئېپى-تىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن مەقسەت كۆز ئالدىدىكى بۇ دۇنيانى خۇشال قىلىش ئىكەن، مانا بۇ ماسلىشىش، دەپ ئاتىلىدۇ.

بولۇپ، ئۇ بارلىق ئۇسۇللار بىلەن بۇ ئەرنى چىداپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. كۆپ ساندىكى ئاياللار بۇنداق قىلىشقا ئۇستا.

**مەخپىيەتلىك**

1. ئاشكارا قىلىنىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، پەقەت پاش بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇنلا قىممىتى بولىدىغان نەرسە.

2. ئاياللارنى گۈزەللەشتۈرىدىغان قەلب پەرداز بۇيۇمى.

*مۇتلەق مەخپىيەتلىك*

A قىز: مەن ساڭا ھەرگىز باشقا كىشىگە ئېيتما دېگەن ھېلىقى ئىشنى نېمىشقا ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدۇڭ؟

B قىز: توۋا، مەن ئۇنىڭغىمۇ ھېچكىمگە ئېيتما دېگەنتىمغۇ!

A قىز: بوپتۇ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇگۈن ئېيتماقچى بولغىنىمنى ھەرگىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويما. . .

**مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى**

كاسىسىنى مۇقىم ئىستونغا چاپلىۋېلىپ، مەخسۇس ئوقۇرمەنلەرنى چۈشكۈرتىدىغان ئادەم.

**مەدەنىيەت**

1. بىر جەمئىيەت بېيىپ كەتسە، كىشىلەرنىڭ ئىككى قولىنى ئىشقا سېلىپ ئەمگەك قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ - دە، مەنىۋى پائالىيەتلەرگە چۆكۈپ كېتىشكە بولىدۇ. بىزنىڭ پروفېسسور، ئالىم، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلىرىمىز بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. . . خەتلەر بىلەن توشقۇزۇۋېتىلگەن ئورگىناللار ھەددى - ھېسابسىز بولۇپ كەتتى. قەبرىستاندىنمۇ بىچارە بولۇپ قالغان ئارخىپ ئامبارلىرىمىزغا، كۇتۇپخانىلىرىمىزغا كىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق. مەدەنىيەت ئۆلمەكتە، ئۇ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش ئىچىدە، يېزىق دۆۋىلىرى ئارىسىدا، مىقدارنىڭ غالجىرلىق بىلەن كۆپىيىشى ئىچىدە ئۆلمەكتە.

2. ئىنسانلارنىڭ ئالتۇن چاچ، بوغداي ئۆڭ ئايال، قىزىل توكتىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى.

3. ئاتوم، يادرو ئېنېرگىيىسىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان نەرسە.

تاقابىل تۇرۇشتا پايدىلانغىلى بولىدىغان ھەر قانداق ئەمەلىي نەرسە. مەلۇم كىشىنىڭ ئىگىلىۋېلىش ئىستىكىنى قانائەتلەندۇرەلەيدىغان، بىراق باشقىلارنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قويىدىغان ھەر قانداق شەيئى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ قىسقا مەزگىللىك ئاچ كۆزلۈكى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك سوغۇق مۇئامىلىسىنىڭ ئوبيېكتى.

**مالىيە**

باشقۇرغۇچىلارغا ئەڭ زور پايدا ئېلىپ كېلىدىغان بايلىق مەنبەسى ۋە كىرىمنى باشقۇرۇش سەنئىتى.

**ماي بوياق رەسىم**

ماي تەپچىرەپ تۇرغان بىر قەۋەت تېرە. ئۇنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى ئارىيەتكە ئېلىپ كېلىنگەن.

**مايمۇن**

1. ئادەمنىڭ ئەينىكى.
2. تۇكلۇك ئادەم.

**مەبلەغ سېلىش**

بۇ قىمارخانىدا دو تىكىشكە ئوخشايدۇ. پەرقى شۇكى، مەبلەغ سالغۇچى ئەڭ ئاخىرىدا ھېچبولمىسا ۋەيران بولغۇچى دېگەن پەخرىي ئۇنۋانغا ئىگە بولالايدۇ.

**مەجبۇرلاش**

قۇدرەتلىك ھوقۇقنىڭ سۆزمەنلىكى.

**مەجبۇرىي پېنسىيىگە چىقىرىش**

بۇ جىنايەتچىلەر ئېرىشەلەيدىغان بىر تۈرلۈك خىزمەت، ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر جىنايەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەندىن كېيىن تېگىشلىك بولغان ھالدا قولغا ئېلىنىشى.

**مەجبۇرىيەت**

باشقىلاردا ھازىرلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاق.

**مەخپىي قورال**

بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنى ئۆزگەرتىدىغان ۋە بويسۇندۇرىدىغان قورالى

بۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھېسسىيات تىزگىنى. ئۇ ئارزۇ - ئىستەك-لىرىمىزنىڭ ئالدىدا پۈت - قولىمىزنى چۈشەپ، خۇددى تىكەنلىك قامچىدەك بىزنى ساۋىداپ، مەنپەئەت بىر بولغان نىشانغا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەشكە مەجبۇرلايدۇ. بىزگە باشقىلار قىلمىغان ئىشلارنى قىلغۇزىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ ئىشتىنىڭىزنىڭ ئىككى تال ئاسما بېغى بولۇپ، بىرى ئۈزۈلۈپ كەتسە، بارلىق مەسئۇلىيەت يەنە بىر باغنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

2. شەكلى ئۆزگىرىشچان كىشەن.

3. يۇكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆپچىلىككە كۆرسەتكەندىن كېيىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ: «ماڭا قاراڭلار!» دەپ توۋلاش، ئادەم يوق يەرگە بارغاندا: «ئەجەپ نەس باستى!» دەپ ئۇھ تارتىش.

4. بۇ ئاسانلا تەگرىنىڭ، تەقدىرنىڭ، تەلەينىڭ ياكى قوشنىنىڭ زىممىسىگە يۈتكەپ قويغىلى بولىدىغان بىر خىل يۈك.

مەسئۇلىيەتچانلىق

1. ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇنلا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا تەييارلىنىش پىسخىكىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەزكۇر مەسئۇلىيەتكە قارىتا ھەر قانداق تەلەيدىن كۈرۈش پىسخىكىسى بويىچە مۇئامىلە قىلماسلىق.

2. تەمكىنلىكنىڭ ئانىسى.

مەسئۇلىيىتى بار

باشقىلار سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىزنى ئەيىبلىگەندە، سىز باشقا بىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، دېسىڭىز بولىدۇ.

مەشھۇر

1. يامان نامىنىڭ تېخىمۇ يىراقلارغا تارقىلىشى، ھەتتا كۈرۈپ باقمىغان ئادەملەرنىڭمۇ ئۇنى تونۇۋالايدىغان بولۇشى.

2. كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان پاجىئە.

مەشھۇر كىشى

دائىمىي تۇرۇشلۇق چاڭ - توزان. سەن ئۇرمىساڭ، ئۇ تەۋرىمەيدۇ.

**مەرتىۋە**

1. سىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىڭىز بىلەن سىزنىڭ بوي ئېگىزلىكىڭىز ۋە بېلىڭىزنىڭ ئايلانمىسىنى ئۆلچەش.

بۇ نەرسە ئۆزىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا ھېچنېمە ئەمەس، بىراق قولۇمقوشنىلىرىمىز مۇشۇ تۇپەيلىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ قىممەت دەرىجىسى جەدۋىلىدىكى نىسپىي ئېگىزلىك.

**مەردلىك**

ئىنتايىن باي بىر كىشىنىڭ ھېچنېمىسى يوق بىر كىشىنىڭ ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ھەممە نەرسىگە ئىگە بولۇشىغا ئىجازەت بېرىشتىن ئىبارەت مەردانە ھەرىكىتى.

**مەست**

پادىشاھقا يارلىق چۇشۇرەلەيدىغان پادىشاھ. رومكىنى قويماق ھامان سىياسىي ئۆزگىرىش قىلسام دەيدىغان ئاددىي پۇقرا. مەيدانغا چۇشمەيلا يەرگە يىقىلغان بوكسچى. بىر تال خېتىمۇ يوق ناتىقلىق كىتابى.

*ئامالىنى ئۆزۈم قىلاي*

سەھەردە بىر مەست ئىشىكنىڭ تۇۋىدە بىر مۇنچە ھەپىلىشىپمۇ ئاچقۇچنى قۇلۇپقا كىرگۈزەلمەپتۇ. بىر ساقچى بۇنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

– ئەپەندى، ياردىمىم كېرەكمۇ؟

– ئۇنداقتا بەك ياخشى، بۇرادەر، – دەپتۇ مەست، – تام بەك مىدىرلاپ كېتىۋاتىدۇ، سىز تامنى تۇتۇپ تۇرسىڭىزلا بولدى، ئامالىنى ئۆزۈم قىلاي.

**مەسلىھەتچى**

باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ھايىنىغا ساتىدىغان ھايانكەش.

**مەسئۇلىيەت**

1. مۇسكۇل بىرلا جىددىيلەشسە، ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكىدۇ، پۇتۇن بەدىنىڭىزنى بىرلا قويۇۋەتسىڭىز، مەسئۇلىيەت تۇكۇرگەن تۇكۇرۈككە ئوخشاپ قالىدۇ.

غۇچە بولغان ئارىلىقتا قانۇننى يۇرگۇزۇش، قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش-تىن ئىبارەت.

مەن

ئادەملەر توپىغا ئارىلاشقان ھەر بىر ئادەم، ھەممە ئادەملەر. بۇگۇنكى دۇنيادا، ھەر كۇنى بارغانسېرى قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتكەن چىرايلار پەيدا بولماقتا. بۇ چىرايلارمۇ بارغانسېرى ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇبادا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ «مەن»لىكىنىڭ ئۆزگىچە تەرەپلىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، شۇنداقلا تەقلىد قىلغىلى بولمايدىغان ئۆزگىچە جايلىرىنىڭ بارلىقى-غا ئۆزىنى ئىشەندۇرمەكچى بولسا، بۇ ھەرگىز يەڭگىل ۋە ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ پەقەت قوشۇش ۋە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بەزى كىشلەر «مەن»نىڭ بارلىق يۇزەكى ۋە سىرتقى نەرسىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يېقىنلىشىدۇ (ئۇزلۇكسىز ئېلىۋېتىش تۇپەيلىدىن ئۇ «نۆل»گە چۇشۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالىدۇ)؛ يەنە بەزىلەر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىدىكى «مەن»نىڭ ئۇستى-گە ئۇزلۇكسىز يېڭى - يېڭى خۇسۇسىيەتلەرنى قوشۇپ، ئۆزىدىكى «مەن» نى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرماقچى بولىدۇ (ئۇزلۇكسىز قوشۇش تۇپەيلىدىن ئۇ «مەن»نىڭ ماھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇشتىن ئىبارەت خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ). قوشۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قارىماققا يەنىلا نىسپىي ھالدا بولىدىغاندەك قىلىدۇ. بىر ئادەم ئۆزىدىكى «مەن»گە بىرەر قانجۇقنى، بىرەر ئەركەك مۇشۇكنى، بىرەر زىغ كاۋابنى، قىممەتلىك بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى ياكى ئۆزىنىڭ يىگۇرگەندىن كېيىنكى سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇشنى قوشۇۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئۆزىدىكى «مەن»گە ۋەتەنگە، گېزىتلىر-گە، بۇددا دىنىغا، پۇتبولغا ياكى فاشىزمغا قارشى ھېسسىياتنى قوشۇۋالسا، ئىش ئانچە قاملاشماي قالىدۇ. جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرى-شىش ئۇچۇن، ئۇلار يېڭىدىن قوشۇۋالغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ تەشۋىقاتچى-سى بولۇشتىن خالىي بولمىقى قىيىن. شۇڭلاشقا، موسسۇلىنىغا بولغان ھېسسىياتنى ئۆزىدىكى «مەن»نىڭ بىر خۇسۇسىيىتى قىلىۋالغانلىكى كى-شىلەر سىياسىي جەڭچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ مۇشۇكنى، خەلقئارا شاھمات-

بۇمۇ يەر سۈپۈرگەنگە ئوخشاش بولۇپ، سۈپۈرگە تەگمىگۈچە ئەخلەت ئور-
نىدىن قوزغالمايدۇ.

**مەكتەپ**

1. خاتالىقلارنىڭ بىۋاستە ئەقىلغا مۇۋاپىقلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارى-
تىپ بېرىدىغان جاي. بۇ جايدا تۇغما خۇسۇسىيىتى ئوخشاشمايدىغان كىشى-
لەر كېيىنچە ئۆزئارا كۆچۈرۈش جەريانىدا بىر پارچە ئىمتىھان قەغىزىگە
جاۋاب بېرىدۇ.

2. ھېرىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ئۇگدەشكە ئەپلىك
ياخشى جاي.

3. پەۋقۇلئاددە ھوقۇق قاتلىمىنى يېتىشتۈرىدىغان پارنىك.

**مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمى**

1. جەمئىيەت ئىلمىنىڭ تۇنجى دەرسى.

2. ئۆگىنىشنى سۆيمەسلىكنىڭ ئاخىرلىشىشى.

**مەكتەپكە كىرىش**

«مەكتەپ پۈتتۈرۈش» ناملىق تراگېدىيىنىڭ مۇقەددىمىسى.

**مەڭگۈ**

1. مۇھەببەتنى قورقۇنچقا سالىدىغان بىر ئۇقۇم.

2. مۇھەببەت لۇغىتىدىكى تۇنجى سۆزلۈك.

3. چىن مەنىسى: «بۈگۈن كاپالەت بېرەلەيمەن» دېگەندىن ئىبارەت.

4. سىزنى كۆتكەن ئون مىنۇت ۋاقىت.

*مەڭگۈ كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ. . .*

بىر قىزنىڭ بولغۇسى ئېرى سالپايغان ھالدا ئۆيگە كىرىپتۇ.
يىگىت: مەن ۋەيران بولدۇم، ھازىر بىر تىيىنمۇ پۇلۇم قالمىدى.
قىز: شۇنچىلىك ئىشمىدى! ھېچقىسى يوق، مەن سىزنى مەڭگۈ
سۆيىمەن. . . مەسىلەن، سىزنى قايتا كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ. . .

**مەمۇرىي ئەمەلدار**

بۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئەمەلدارى. ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىس-
تىرلىقىنىڭ قانلىرى جۇش ئۇرۇپ، قانۇن - نىزاملارنى ئىناۋەتسىز قىل-

رىدىن ھەم چىنلىقتا سادىق بولۇشنى، ھەم ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. خوجايىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەم يېڭى، ھەم غىدىقلىغۇچى، شۇنداقلا قىلچە ئۆز كۆز قارىشى بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ بىر ئادەمنى ئىت چىشلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەنى كۆپتۈرگەندىن كېيىن كىچىكلىتىپ، ئاندىن يەنە كۆپتۈرۈپ، مۇشتەرىلەر چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ يالغان خۇشتار بولىدىغان ھېكايىگە ئايلاندۇرىدۇ.

2. بىكار بولۇپ قالسا ئۆزىدىنمۇ سوئال سوراپ باققۇسى كېلىدىغان ئادەم.

*يالغان سۆزلەش*

- مۇخبىر دېگەننىڭ ھەممىسى يالغانچىكەن!

- قانداق دەيسەن؟

- ئايالىمنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مۇخبىر: «يازغۇدەك ھېچبىر يېرى يوقكەن» دەپ يېزىپتۇ.

**مۇددەتكە بولۇپ تۆلەش**

چۈنتىكىڭىزدىكى پۇلىڭىزنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىنى بېقىۋېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، بانكىرلار قويۇپ بەرگەن بىر تال ئۆزۈن يىپ.

**مۇرەسسە**

پايدا - زىيان توقۇنۇشىغا بولغان بىر خىل تەرتىپكە سېلىش. ئۇ تىركىشىۋاتقان ھەر قايسى تەرەپلەرگە ئەسلىدە ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلىكىنى، بۆلۈشۈۋالغان نەرسىلەردىن ئۆزگە ھېچنېمىدىن مەھرۇم قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

*مۇرەسسە قىلىش*

بىر باي ھالىدىن كەتكەن نامراتقا دەپتۇ:

- سەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن مېنى تازا بىر دۇمبالىۋالغىن، شۇنداق قىلساڭ ساڭا مىڭ دوللار بېرىمەن.

نامرات ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ:

- غوجام، ئالدى بىلەن ماڭا بەش يۈز دوللار بېرىپ تۇرۇڭ، چۈنكى شۇ تاپتا سىزنى دۇمبالىغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىدى.

**مۇتەپەككۇر**

ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىپ پاشايدىغان، ھەر قانداق ئادەمگە مالال يەتكۈزمەيدىغان ئادەم. يالغۇز ئۆزى قارىغا ئېتىشنى ئەڭ راھەت، دەپ بىلىدۇ. ئۇ بەزى - بەزىدە ناتونۇش كىشىلەرگىمۇ بىرەر پاي ئېتىپ قويىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ناتونۇش كىشىلەر ۋە دوستلىرى تەرىپىدىن بىر ئۆمۈر ئالدانسىمۇ يەنىلا مەردانە ياشايدۇ.

**مۇتەخەسسىس**

1. ھەممە جاۋابلارنى بىلىدىغان، بىراق ھېچقانداق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان ئادەم.

2. ئاددىي ئىشلارنى چۈشىنىش قىيىن ئىشلار دەيدىغان ئادەم.

**مۇتتەھەم، مۇشتۇمزور، قۇلاقكەستى**

شەھەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا، بىر قانچە كوچا چىرىغىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىنچىكە قارارلىرىنى ۋە ئۇقىملى بولمايدىغان سەبىيلىكىنى كۆزىتىش - ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

**مۇتلەق**

ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش. ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈم ئاستىدا، مۇستەبىت خالىغىنىنى قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۈن ئېيتقاندا قاتىللار خۇش بولسىلا بولدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈم كۆپ قالمىدى. كۆپ ساندىكى ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىغا چەكلىك مۇستەبىتلىك تۈزۈم دەسسىدى. بۇ خىل چەكلىك مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئاستىدا، مۇستەبىت پادشاھنىڭ ياخشىلىق قىلىدىغان كۈچ - قۇدرىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋېتىلدى. بەزى ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈملەر جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە ئايلاندى. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى تەلەي سىناشقا تايىنىپ جان باقىدۇ.

**مۇخبىر**

1. پەۋقۇلئاددە بولغان ماقالە يازغۇچى، ئۇنىڭ مىزانى ئۆز ئەسەرلە-

كېرەك. ئەزالىرى سېستىق ئاغزىنى يېغىپ، يوغان گەپنى ئاز قىلىشى كېرەك.
ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنداق
غوتۇلداشلارنى مەنىستىمەي، جەڭگىۋار روھ بىلەن بىزنى ئىستىبداتلىقنىڭ
داغدام يولىغا باشلاپ ماڭسا، ئۇنداقتا بۇ خەلقنىڭ تەلىيىگە يارىشا يۈز
بەرگەن ئاپەت بولاتتى.

2. بۇ بىر دۆلەت باشلىقى. ئۇ دىكتاتورا ۋاباسى ئارقىلىق ھۆكۈمەت-
سىزلىك ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ياقتۇرىدۇ.

3. ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋالغان بىر ئادەم. بۇرۇن مۇستەبىتنىڭ ئۆلتۈرۈش ياكى ھايات قالدۇرۇشتىن ئىبارەت كاتتا ھوقۇقى بار بولۇپ، «مۇستەبىت» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى، شۇنداقلا ئىنتايىن نورغۇن پۇقرالار بۇنىڭ تەمىنى تېتىپ باققانىدى. روسىيە ۋە شەرقتە مۇستەبىتلىكنىڭ جامائەتچىلىك ئىش-لىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرى يەنىلا زور. لېكىن، غەرب دۆلەتلىرىدە بۇ خىلدىكى ئىشلارنىڭ ھەنىۋاسى مىنىستىرلارغا ھاۋالە قىلىنغان بولۇپ، مۇستەبىتلەرنىڭ بەزىدە ئويلىنىپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىشى ئۆزىنىڭ كاللىسىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت.

**مۇستەبىت ھوقۇق**

بۇ مۇستەبىتنىڭ قەبىھلىك قىلىش ھوقۇقى.

**مۇستەبىت ھۆكۈمەت**

«ھۆكۈمەت» دېگەن بىلەن مەنىداش سۆز.

**مۇستەملىكە**

خەلقنى ئېتىنىلىقا تېزىپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خالىغان يەرگە چوڭ - كىچىك ھاجەت قىلىشى ئۈچۈن قانۇن تورغۇزۇپ بېرىدىغان جاي.

**مۇشتەرى**

ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ياكى سىياسىي، سودا، دىن، تەنتەربىيە، ئىلىم - پەن، ساغلاملىق، غەيرىي جىنسلىقلار مۇھەببىتى ۋە ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى، دۈملەپ پىشۇرۇش، ھاراق، ئاپتوموبىل، موت-سىكلىت، ئايروپىلان، كىنو چولپىنى، تېلېۋىزىيە چولپىنى، ئۆي ئىچى-

**مۇرەككەپ**

قورقۇنچاقلىق چىرمىۋالغان بىر ئادەم نوقۇل باتۇرلۇق قىلىدىغان ئادەمگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك، قىزىقارلىقراق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز-گەرتىش خىيالىدا بولىدۇ. بۇنداق ئۆزگەرتىش ھەرگىز ئىلگىرىكى ئەمەل-يەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاخىرى ئۆززۈلمەس ئاقمۇەتلىرىنى بار كۈچى بىلەن يوقىتىش ئۈچۈندۇر.

**مۇزىي**

ئۆتمۈش قاچىلانغان چوڭ ساندۇق.

**مۇزىكا**

چىۋىننىڭ يىغا ئاۋازى بىلەن قوزغىتىلغان ئىللىق ھېسسىيات. ئىس-لاھ قىلىنغان شاۋقۇن.

**مۇساپە**

پاراللېل ياكى كېسىشكەن لىنىيە، يول، ۋاستە ۋە ئۇسۇل. مۇۋەپ-پەقىيەتكە تۇتىشىدىغان مۇساپە پەقەت بىرلا بولمايدۇ، ئوخشاشلا مەغلۇبى-يەتكە ئېلىپ بارىدىغان مۇساپىمۇ ھېچبولمىغاندا بىردىن كەم بولمايدۇ.

**مۇساپىر**

ئۇرۇش، ئاپەت، ۋابا ۋە سىياسىئونلارنىڭ قامچىسى تەرىپىدىن ئۆيلە-رىدىن قوغلىنىپ، يات يايلاقتا كېلىپ قالغان قوي پادىسى. تەڭرىنىڭ بۇ قوزىلىرى مەخسۇس كىيىم- كېچەك، يېمەك- ئىچمىكى تولۇق بولغان ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەسخىرە قىلىدۇ.

**مۇستەبىت**

ئىنسانلار پۈتۈن قېنىنى سەرپ قىلىپ ۋە جەبىر- جاپا تارتىپ ئەڭ مۇكەممەل بولغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈمنى ئىزدەپ كەلدى، ئەپسۇسكى ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا زادىلا يېقىنلىشالىغىنى يوق. ئىنسانلارنىڭ پالاكەتلىكىگە قارىتا ھەممىنى يارانقۇچى تەڭرىنىڭمۇ ئاللىقاچان تاقىتى تاق بولدى. ئەجەبا، دۆلەتنىڭ سىياسىي مەسىلىسىگە قارىتا پۈتۈنلەي ئۆز بېشىمچىلىق قىلالايدىغان بىرەر ئادەم راستتىنلا تېپىلماسمۇ؟ قورسىقىنى تويغۇزۇشنىلا بىلىپ، ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايدىغان ھېلىقى پارلامېنت

ئىتالىيىدە ئوپېرا، گېرمانىيىدە ئىدىيە تىياتىرى، ئامېرىكىدا رومانتىك تىياتىر، ياپونىيىدە مۇسىبەت تىياتىرى.

*ئالدىنىش*

- ئاپا، جېك مېنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن.
- قانداق بىلدىڭ؟
- ئۇ ھەر قېتىم مېنى قوچاقلىغاندا يۈرىكى بۆلەكچە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىدۇ.
- ئەخمەق بالا، پەخەس بول، ئەينى چاغدا داداڭ يېنىغا قويۇن سائىتىنى سېلىۋېلىپ مېنى شۇنداق ئالدىغانىدى.

**مۇھەببەت تورى**

قىزنىڭ چىرايلىق بولۇشى يىگىتنىڭ تېزلىكتە مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبچىسى؛ يىگىتنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى قىزنى ئاسانلا مۇھەببەت دەرياسىغا كىرگۈزۈپ قويۇشىنىڭ سەۋەبچىسى.

**مۇھەببەت خېتى**

ئەڭ ئىچىنىشلىق ئەدەبىي ئەسەر.

**مۇھەررىر**

بۇ بىر خىل سودىيە، ئۇ ئابرۇيلۇق، سورلۇك تەپتىش ئەمەلدارى. ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ، باشقىلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا ۋە ئۆزىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىغا تاقەت قىلىپ تۇرالايدۇ. ئۇ ھەر تەرەپكە ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەنبىھىنىڭ كۈچلۈك توك ئېقىمىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئەمما، ئارقىدىنلا يەنە پەس ئاۋازدا تەسىرلىك بىر كۈيگە غىڭشىپ، خۇددى ئېشەكنىڭ گۈگۈمدىكى يۈلتۈزلارغا بېقىپ ئىبادەت قىلغان چېغىدىكىدەك مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇ بىر ئاجايىپ سىرلىق ئۇستاز، قانۇننىڭ مۇستەبىت پادشاھى بولۇپ، ئىدىيە سوتىنىڭ ئېگىز تەختىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، خۇددى كرېستقا مىخلانغان ئىساغا ئوخشاش قارىغان كىشىنى قورقۇنچقا سالىدۇ. ئۇ ئىككى يۈتىنى كېرىپ تۇرۇپ، چەكسىز سورلۇك قىياپەتتە پالتا - كەكسىنى ئوينىتىپ، كۆڭلىگە ياقمىغان بابلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن چېپىۋېتىدۇ.

**مۇھاكىمە**

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى دەلىللەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

**مۇھەببەت**

1. خاتا تونۇش. ماشىنا ھادىسىسى. خاتا دىئاگنوز. ھادىسە.

2. يىگىت توي قىلىش ئۈچۈن مۇھەببەت باغلايدۇ؛ قىز بولسا مۇھەببەت باغلاش ئۈچۈن توي قىلىدۇ.

3. قارشى تەرەپنىڭ ھەممە كەمچىلىكى ئارتۇقچىلىق بولۇپ كۆرۈنىدىغان ۋاقىتتىكى ھالەت.

*مۇھەببەت دېگەن نېمە*

گىران بىلەن خەيرۇن قەھۋە ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

– ئېرىڭنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ – دەپ سوراپتۇ گىران.

– ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرۇپلا ئەخلەت تۆكىدۇ، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خەيرۇن.

– بۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش.

– پۇل لازىم بولسا دېگىنىمنى بېرىدۇ.

– بۇ دېگەن مۇھەببەت ئەمەس، مەردلىك.

– ئېرىم مېنىڭدىن ئۆزگە ھەر قانداق ئايالغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ.

– بۇمۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۇنىڭ نەزىرىنىڭ تارلىقى.

– ئۇ ھەمىشە دېرىزىلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ.

– بۇمۇ مۇھەببەت ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ ياخشى ئادىتى.

– ساماق يەۋالسام ياكى چېچىمغا قىسقۇچ قىستۇرۇۋالسىمىلا مېنى سۆيۈپ قويىدۇ.

– ھە، مانا بۇنى مۇھەببەت دەيمىز.

**مۇھەببەت باغلاش**

مۇھەببەت باغلاش – فرانسىيىدە كومېدىيە، ئەنگلىيىدە تراگېدىيە،

مۇ مېنىڭ ئىشتانىبېغىمنى ئۆزۈۋېتەلمىدى.

يەنە بىرى دىمىغىدا كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

- ئۇ قانچىلىك ئىشتى! تۇنۇگۈن مەن نيۇ - يوركتىكى بىر ۋوگزال-دىن پويىزغا چىققىنىمدا ئىشتانىبېغىم ۋوگزالدىكى تۆۋرۈككە ئىلىنىشىپ قالدى. مەن پويىز بىلەن كېتىۋەردىم، بىراق پويىز خادىمى فىلادېلفىيە ۋوگزالىدا ۋاگون ئىشىكىنى ئېچىۋىدى، ئىلىنىشىپ قالغان ئىشتانىبېغىم مېنى بىر سۆرەپلا يەنە نيۇ - يوركقا ئەكىلىپ قويدى.

**مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش**

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ پۇرستى ھەر بىر كىشىگە ئوخشاش كۆز بىلەن قارايدۇ. شۇڭا، مۇۋەپپەقىيەت سانسىز كىشىلەرنىڭ يەلكىسىدە تۇرۇشقا، تەلۋىلەرچە ئىش قىلىش، شۇن-داقلا خۇپىيانە جىنايەت ئۆتكۈزۈش بەدىلىگە بەرپا بولۇشقا موھتاج. مۇۋەپ-پەقىيەتنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچى ۋاقىتلىق، شۇنداقلا قۇرۇق بولۇپ، ئاران ئەتىسىگىچىلا داۋام قىلالايدۇ.

**مۆتىۋەر**

1. سىز ئۇنىڭ يۈزىگە شاققىدە بىرنى تۆكۈرۈۋەتكەن چاغلاردىمۇ، ئۇ بارمىقى بىلەن تۈكۈرۈككىڭىزنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئەدەپ بىلەن: «ئەپەندىم، ناھايىتى تەملىك ئىكەن» دەيدۇ. ئاندىن كېيىن سىزگە ئېگىل-ىپ تەزىم قىلىۋېتىپ: «سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا ئىنتايىن خۇشال-مەن» دەيدۇ.

2. زادىلا قۇيرۇق تۇتقۇزمايدىغان ئادەم.

3. باشقىلارنىڭ پۇتىنى دەسسىۋالسا: «كەچۈرۈڭ» دەيدىغان ياكى «كەچۈرۈڭ» دېيىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ پۇتىنى دەسسەيدىغان ئادەم.

*يېڭىلىنىش*

ياش ھەم گۈزەل بىر ئايال بىر بوۋاقنى باغرىغا باسقان ھالدا باغچىدى-كى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر مۆتىۋەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

- نېمىدېگەن ئوماق قىز - ھە، بۇ! - دېدى مۆتىۋەر بوۋاقنىڭ قولىنى

**مۇھەت**

ئادەملەرنىڭ قېنىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى بېكىتىدىغان ئاتا ـ ئانا.

**مۇۋەپپەقىيەت**

ئاللىقاچان چىقىپ بولغان ياكى مەڭگۈ چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز چوققا. ئالغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر تۆگە ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇستىدىكى ئېغىر يۈكنى تېزرەك چۈشۈرۈشنى ئويلاپ، ھەر قانچە جاپا ـ مۇشەققەت بولسىمۇ چىدايدۇ؛ ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇچۇن ئېيتقاندا، تۆگە ئالدىنقى قېتىم ئۆز ئىشىنى ھەم تېز، ھەم ياخشى ئورۇندىغان بولسىمۇ، خوجايىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ يۈكىنى يەنە كۆپەيتىسىمۇ پۈتاق چىقارغىلى بولمايدۇ.

**مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ سىرى**

«مۇبادا مەن پەسكەش ۋە نومۇسسىز لۈكچەك، ئىككى يۈزلىمىچى، يىرگىنچلىك ئاچ كۆز، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان بىر چاكىنا ئادەم بولمىغان بولسام، ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان بولاتتىم! ئاق كۆڭۈل، ئىنائەتمەن، بىلىملىك ئاۋۇ كىشىلەرگە قاراڭلار، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى، دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىر ـ بىرلەپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار مانا شۇنداق بىچارە كالۋالار!» (بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ئىقرارىدىن ئېلىندى).

*تىككۈچىنىڭ ماھارىتى*

بىر خېرىدار كىيىم تىكىش دۇكىنىغا كېلىپ تىككۈچىگە زەردە بىلەن ۋارقىراپتۇ:

ـ سىز تىككەن كىيىمنى كىيسەم باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ـ پاھ، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيىتىم ئىكەن! ـ دەپتۇ تىككۈچى خۇشال بولۇپ، ـ بۇرۇن مەن تىككەن كىيىمنى كىيگەنلەر يىغلاپ كېتەتتى.

*ئىككى سودىگەر*

ئاسما ئىشتانبېغى ساتىدىغان ئىككى سودىگەر ئۆز مېلىنى ماختاپ پو ئېتىشىپتۇ. بىرى دەپتۇ:

ـ بەش قېچىر بىر تەرەپكە، يەنە بەش قېچىر قارشى تەرەپكە تارتىشىپ-

**مېدال**

بۇ خاتىرە خاراكتېرلىك مېتال پۇل بولۇپ، ئېرىشكۈچىنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى بولمىغان بىر ئىشنى قالتىس ئورۇندىغانلىقىنى دەلىللەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**مېھمان**

دوستىنىڭ ئۆيىدە ۋاقتىنچە تورۇپ قالغان، بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا بولۇپ، پۇرسەت كەلگەن ھامان چۇشەندۇرۇش قىيىن بولغان مەخپىيەتلىكلەرگە ئۇسۇپ كىرىدۇ. بىز مېھمانلار بىلەن ساداقەت رومكىسى سوقۇشتۇرۇشتىن پەخەس بولۇشىمىز لازىم.

**مىجەز**

ئاق - قارىنى ئايرىمايدىغان ئادەت.

**مىكروب**

كۆزگە چېلىقمايدىغان دۈشمەن.

**مىلتىق**

ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسىم كىنولىرىدىكى شامپان.

**مىللەت**

خوددى ھايۋانلار ئۆزلىرىنى يولۋاس، بۆرە، تۆگە، قوي، كالا... دەپ پەرقلەندۇرۇۋالغاندەك ئۆزلىرىنى پالانى، پوكۇنى دەپ ئايرىۋېلىشقان كىشىلەر.

**مىللىي خاراكتېر**

ئەجدادلاردىن قالغان ئادەت.

*خوتۇنى باشقىلار بىلەن گويىناۋاتقاندا ئۇستىدىن چۈشۈپ قالغان ئەرنىڭ ئىنكاسى*

ئامېرىكىلىقلار: نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن بېقىش راسخوتى تۆلىمەيدىغان بولدۇم!

ئەنگلىيىلىكلەر: ۋاھا، بۇ قېتىم خوتۇننى سېتىۋېتىكلى بولىدىغان بولدى!

فرانسۇزلار: ھەي، ئالدىرىماڭ، ئالدىرىماي بىر تەرەپ قىلايلى.

تۇتۇپ، ـ قوللىرى ئاپئاق، يۇمشاق، بەئەينى ئاقسۆڭەك خېنىملارنىڭ قولىغىلا ئوخشايدىكەن.

ـ ئەپەندى، سىز ئىككى ئىشتا يېڭىلىشتىڭىز: بىرى، بۇ بالا ئوغۇل بالا؛ يەنە بىرى، سىزنىڭ تۇتۇۋالغان قولىڭىز مېنىڭ قولۇم.

## مۆجىزە

بېشىڭىزغا كۈن چۈشۈپ دوستىڭىزنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالسىڭىز، ئۈچىنچى كۈنى مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىش

*مۆجىزە*

ئوقۇتقۇچى «مۆجىزە» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئوقۇغۇچىغا مۇنداق سوئال قويدى:

ـ ئالايلۇق، بىرەيلەن ئېگىز بىنادىن سەكرەپ چۈشۈپ، پەقەت يارىلانمىسا، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

ـ بۇ مۆجىزە.

ـ مەقسىتىمنى چۈشەنمىدىڭىز، ئەگەر ئۇ بىنادىن يەنە بىر نۆۋەت چۈشۈپ كېتىپ يارىلانمىسىچۇ؟

ـ بۇ ئۇنىڭ تەلىيى.

ـ ياق، ئەگەر ئۇ بىنادىن ئۈچىنچى قېتىم چۈشۈپ كېتىپمۇ، يەنىلا يارىلانمىسىچۇ؟

ـ ھە، چۈشەندىم، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك.

## مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىش

كۆتۈلمىگەن بەخت باشنى قايدۇرۇۋېتىدىغان پەۋقۇلئاددە ۋاقىت؛ قەبىھ جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىنىڭ سوت ئۈستىدە قويۇپ بېرىلىشى؛ بىر يىرتقۇچ بۆرىنىڭ قوي پادىسىنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ قېلىشى؛ بۇ يەنە سىز ياخشى كۆرگەن ئايالنىڭ شىتىلە چىقىپ قېلىپ قېلىشى ياكى سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئەڭ قەبىھ ساداقەتمەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## مېتاللورگىيە

ئالتۇننى ھەزىم قىلىدىغان كەسىپ.

# ن

**ناتىق**

1. ئىچكى دۇنياسى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان قولىيازما.

2. تىلىنىڭ ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكتىن كىشىلەر ئارىسىدا سۆزلىيەلەيدىغان بولغان ئادەم.

3. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ قولى سىزنىڭ يانچۇقىڭىزدا، تىلى سىزنىڭ قۇلىقىڭىزدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى - سىزنىڭ سەۋرچانلىقىڭىز.

**ناتىقلىق سەنئىتى**

تىل بىلەن قىياپەتنى بىرلەشتۈرۈپ كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىنى ئالداش. بۇ تېز خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن بىر خىل زوراۋانلىق.

**ناخشا**

ئۇدارلىق چۈش.

**ناخشا چولپىنى**

ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى پۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇياق - بۇياقلارغا قاتراپ يۈرىدىغان ئادەم.

**ناخشىچى**

ئۆزىنىڭ ئاۋازى بىلەن باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى دورايدىغان ئادەم. ياشلىق مەزگىلىدىكى ئەر - ئاياللار ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىدىغان پەلەي.

**نادان**

1. سىز بىلىدىغانلارنى ئۇ ئازراقمۇ ئۇقمايدۇ، ئۇ بىلىدىغانلارنى سىزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان.

رۇسلار: ئەمدى غەربنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالدۇق - تە!
ئىتاليانلار: مەنمۇ سىنىڭ ئايالىڭدىن پايدىلىنىپ باقاي!
شوتلاندىيىلىكلەر: كارىۋات كىرلىكىنى مەينەت قىلىۋەتمەڭلار!

**مىنىستىر، ئەلچى**

بۇ سالاھىيىتى يۇقىرى، ھوقۇقى زور، لېكىن مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىنتايىن ناچار بولغان بىر ۋاكالەتچى. دىپلوماتىيە جەھەتتە چەت ئەلدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى - پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىك نىيىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىر ئادەم چىرايلىق گەپلەرنى قىلىش پەزىلىتىگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئەلچى بولالايدۇ. ئۇنىڭ سەمىمىيەتسىزلىك دەرىجىسىگە كەلسەك، ئۇ پەقەت باش ئەلچىنىڭ ئارقىدىلا تۇرىدۇ.

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار تۈرلۈك گۈزەل ئەخلاقلارنى ھازىرلىغان بولۇپ، بىر مۇنچە داھىي شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ياشناپ قۇدرەت تېپىش يولىغا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**نامزات**

ئەڭ يۇقىرى سىياسىي باھا بېرىلگەن چاغدا كۆرسىتىلگەن مەلۇم ئادەم. ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆكتىچىلەرنىڭ قاتتىق تىل - ھاقارىتىگە ئۇچرىتىش.

**نامزاتلىققا كۆرسىتىلگۈچى**

بۇ بىر كەمتەر مۇتەۋەر بولۇپ، پىنھان ياشاش جەريانىدا نام چىقىرىشنى خالىمايدۇ، بەلكى، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا شەرەپلىك ھالدا نام - نىشانسىز ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە مېھىر باغلايدۇ.

**نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش**

بېلىقچىنىڭ قايتا ھوقۇق تۇتۇشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى. ئۇ ئەينى يىللاردىكى ساۋاقنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى ئىشى سېھىرلىك خۇمرىنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىش بولىدۇ. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ بۇنى تەتۈرىگە بۇراپ قويىدۇ.

**نائىلاج**

بۇ بىر ئابستراكت ئۇقۇم بولۇپ، چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. ئەمما، مۇنداق بىر ئىش بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ: تۆگىقۇش بېشىنى قۇم دۆۋىسىگە تىقىۋالغىنى بىلەن قۇملۇقتىكى بورانىنى توسۇۋالالمايدۇ.

**نەتىجە**

مەڭگۈ ئوخشاش تەرتىپ بويىچە يۈز بېرىدىغان ئىككى خىل ھادىسىنىڭ ئىككىنچى خىلى. بىرىنچىسى، «سەۋەب» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «سەۋەب»، «نەتىجە»نى پەيدا قىلىدىكەن. لېكىن، توشقان قوغلاۋاتقان ئىتتىن باشقا ئىتنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەمنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى تولىمۇ قىيىن. ئۇ توشقان بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادا ئىت پەيدا بولغان، دېيىشى مۇمكىن.

2. ئەۋلىياغا ئايلىنىشنىڭ مۇھىم ئامىلى.

**نازارەت قىلىش**

قوشما شتات ھۆكۈمىتى بەزى جايلاردا بىر پىلاننى يولغا قويغاندا، ساقچىلارنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان فورما ۋە سەگەك ساقچى ماشىنىلىرى بۇ جايلاردىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى.

**نامايىش**

دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا رۇخسەت قىلىنغان پۇقرالارنىڭ بەزى ـ بەزىدە تالادا ئوينىسا بولىدىغان ئويۇنى.

ئۇلاردىن باشقا بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى پۇقرالار ئىشلەشكە رازىكى، بۇنداق ئويۇننى ئويناشنى خالىمايدۇ. چۈنكى، ئىشلىگەندە پەقەت تەر ئاقىدۇ، لېكىن بۇنداق ئويۇننى ئوينىغاندا قاملاشماي قالسا قان ئاقىدىغان گەپ.

**نامرات**

نامراتلارنىڭ ھەقىقىي پاجىئەسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشتىن باشقا تۆلىگۈدەك ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ. گۈزەل جىنايەتلەر خۇددى گۈزەل نەرسىلەرگە ئوخشاش پەقەت بايلارنىڭلا پاتېنتى بولالايدۇ.

**نامراتلىق**

1. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى؛ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنبەسى؛ ئىنسابلىق كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن ئالغان مائاشى. نامراتلىق كىشىلەرنىڭ كۆزىگە خىرىس قىلىۋاتقان بۆرىنىڭ نەزەر تاشلىشىنى بېغىشلايدۇ.

2. بۇ ئىسلاھات چاشقانلىرىنىڭ چىشلىرىنى بىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان بىر ئىكەك. نامراتلىقنى يوقىتىش پىلانلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى تەسۋىرلەش قىيىن بولۇپ، نامراتلىقنىڭ قىيىنىشىغا ئۇچراۋاتقان ئىسلاھاتچىلار بىلەن نامراتلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغان پەيلاسوپلارنىڭ ئومۇمىي سانىغا باراۋەر كېلىدۇ. نامراتلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقانلارنىڭ

**نۇتۇق**

بۇ ئامىنىڭ ئارىسىدا كۆز - كۆز قىلىنىدىغان پىشۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ، تەمسىز نۇتۇق تېكىستىگە قىزىلمۇچ تالقىنى ۋە قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ مايدا قورۇپ، مەززىلىك پۇراق چىقىرىشتىن ئىبارەت.

**نىشان**

بۇ ئارزۇيىمىزدىن پايدىلىنىپ ئورۇندىماقچى بولغان نەرسە.

**نەسەبنامە**

ئىھتىمال بۇ تارىخنىڭ چىنلىقى ئەڭ كۈچلۈك بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشمايدىغان ئىھتىياجلىرىمىزغا ۋە ئوخشاشمايدىغان مەقسەت-لىرىمىزگە ئاساسەن، بىز ئۇنىڭ ئىچىدىن ئوخشاشمايدىغان ئەجدادلىرى-مىزنى تاپالايمىز.

**نەشر قىلىش**

بۇ ئەدەبىيات ئىشلىرىدا ئوبزورچىلاردىن ئىبارەت ۋولقاننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**نەشرىيات**

ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى. ئۇ ئاقارتىش، رەڭ بېرىش ئارقىلىق يېزىق ئەخلەتلىرىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ماي سۈرۈپ قايتىدىن ياتلىق قىلىدۇ.

**نەق پۇل**

1. بازاردىكى ئۇششاق سېتىقچىلارمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان بىردىنبىر ھەقىقىي پۇل.

2. ھەقىقىي پۇل.

**نەقىل كەلتۈرۈش**

باشقا بىرەيلەننىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتمەي تەكرارلاش قىلمىشى.

**نوپۇزلۇق ئەرباب**

مۇخبىرلارنىڭ ھەق - ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن خەۋەرلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئەسۋاب. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

«ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان بەزى نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشىچە، شۋېيتسارىيە بانكىسى ئەزەلدىن زالىڭ پۇللارنى ساق-لاپ باقماپتۇ. بۇ بانكا تەرەققىي قىلىۋاتقان مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ بىر يۈز بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ زور مىقداردىكى ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئۆزلىرىنىڭ ھېسابات نومۇرىغا كىرگۈزۈۋالغان - كىرگۈزۈۋالمى-غانلىقىنى ئاشكارىلاشقا قەتئىي ئۇنىمىدى.»

كىنىچە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئايالى ئۇنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى تارتىۋېلىپ:

- هاراق دېگەن شۇنداق ياخشى نەرسىمۇ؟ - دەپتۇ ۋە بىر يۇتۇم ئىچىپ، دەرھال تۈكۈرۈۋېتىپتۇ، - تۇۋا، شۇنچە ئاچچىق نەرسىنى ئەجەپ ھوزۇرلىنىپ ئىچىدىكەنسەن!

- كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئاچچىق تۇرسا، بۇنى ئىچىپ ئۆزۈمنى كۆندۈرمىسەم قانداق قىلىمەن؟ ئەپكەل ھاراقنى!

**هارامزادە**

بىرلەشمە تىجارەتنىڭ مەھسۇلى.

**هازىر**

ئۇ ئەبەدىيلىكنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇمىدسىزلىك ماكانى بىلەن ئۇمىد پادىشاھلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ.

**هاقارەتلىنىش**

بۇ كىشىلەر بايلىق ياكى هوقۇق ئالدىدا ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن بىر تۈرلۈك هالەت. بولۇپمۇ ياللانما خادىم خوجايىنىغا گەپ قىلغاندا بۇ هالەتنى ئاسان ئىپادىلەپ قويىدۇ.

**هاكاۋۇرلۇق**

1. غورۇر بىلەن ئۆزىنى قەدىرلەشنىڭ يۈزىگە سۈركەلگەن پارقىرىتىش مېيى.

2. كاتتا ئەربابلارنىڭ نام چىقىرىشتىن بۇرۇنقى ئادەتلەنگەن ئەيىبى.

3. كۆچلۈك شەخسىيەتچىلىك، باشقىلارنىڭ قىممىتىنى كۆرمەيدىغان، بەلكى ئۆز - ئۆزىنى مۇبالىغە قىلىدىغان غورۇر.

**هامىلىدار ئايال**

ئەر كىشىنىڭ شېرىن سۆزلىرىنىڭ ئايالنىڭ قورسىقىدا كۆنسېرى يوغىنىشى.

*تىنىرگىنىلەش ۋە كۆنلۈك*

بىر ئايال ئۆيىنىچى بالىسىنى يەڭگىگەندىن كېيىن تۇغۇت دوختۇرى ئۇنىڭ ئېرىگە تېلېفون بېرىپتۇ:

# ھ

**ھادىسە**

1. بىر تۈرلۈك باھانە.

2. مەززىسىز كىشىلىك تۇرمۇشتا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئۆزگىرىش.

**ھاراق**

1. بۇغداي ياكى قوناقنىڭ جەۋھىرى. ئۇ ئاشقازاندىن ئۆتمەيلا ئۇدۇل نېرۋىغا بېسىپ كىرىدۇ. بىر قېتىمدا بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى تاماملىيالايدۇ. ھاراق ئىسلزادە - پەسلىكنى ئايرىمايدۇ. چۈنكى ھاراقتا سىنىپىي كۆرەش مەۋجۇت ئەمەس. ھاراق بىلەن ئادەمنىڭ بويى ئوخشاش بولىدۇ. ھاراق بىلەن ئالاقە قىلىپ باقمىغان ئادەم بىر ئۆمۈر ھەقىقىي ياشاپ باقمىغان ئادەم.

2. تەڭرىنىڭ ئەر كىشىلەرگە قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغىتى، ئۇنىڭدىن قالسا ئايالدۇر.

3. ئۇرۇش - جاڭجالنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

*ئۇمىدسىزلىنىش*

بىر ئايال ھەر قېتىم ئېرى بىلەن پەيزى قىلىدىغان چاغدا ئېرىگە ھاراق ئىچكۈزىدىكەن. بىر كۈنى ئېرى ئىشىكتىن كىرىپلا:

- چاپسان ھاراقنى ئەپكەل! - دەپ ۋارقىراپتۇ. يۈرىكى ئويناپ كەتكەن ئايال ئالمان - تالمان ھاراق كەلتۈرۈشىگە، ئېرى دەپتۇ:

- بۈگۈن ئاخشام مەن پەقەت ھاراقلا ئىچىمەن!

*ئاچچىق تەم*

بىر كىشى قاتتىق كەيپ بولغان ھالدا يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى كۆتۈر-

*ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى*

دورىخانىنىڭ خوجايىنى بىر خېرىدارغا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقىنى يۇقىرى باھادا سېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپتۇ:

- بۇنى يۇيۇۋېتىپ يەنە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى خېرىدار دورىخانىغا كېلىپ، خاپا بولغان ھالدا سۆزلەپ كېتىپتۇ:

- يۇغىلى بولغۇدەكمىش، پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق قىلىپسىز! كىرخانىغا ئاپارسام ئالغىلى ئۇنىمىدى.

**ھاۋا**

1. ئىنسانلارنىڭ ئۆپكە ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرىدىغان سورۇنى.

بۇ شەخسىيەتسىز تەڭرى زىياپەتكە كەلگەن ھەر بىر كىشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئىچى قۇرۇق مېۋە تەخسىسى، نامراتلار ئۇنى يەۋېرىپ كېكىرىپ كېتىدۇ، ئەمما بىر سىنتىمۇ تۆلىمەيدۇ.

2. ئۆپكىگە سۈمۈرۈش ئارقىلىق پاتقاق گازى ھاسىل قىلىدىغان زەھەرلىك گاز.

**ھاۋا ئانا**

ئەر كىشىنىڭ تەنھالىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۈچۈن تەڭرى ياراتقان بەختسىزلىك ئامىلى.

**ھاۋارايى**

كىشىلەرنىڭ پارڭنىڭ مۇقەددىمىسى.

**ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات**

«ئەتە ئەتىنىڭ شامىلى چىقىدۇ.»

**ھاياجان**

ئىچكى دۇنيادا يۈز بەرگەن قار گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسى ياكى قاتتىق بوران.

ئۆزىچە ئىشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ بولدۇم، دەپ قالغان چاغلاردا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ۋاقىتلىق خۇشال بولۇش ۋە جىددىيلىشىش كەيپىياتى.

- ئەپەندى، ئەمدى تۇغۇتنى تىزگىنلەشنى ئويلانسىڭىز بولاتتى.
- بۇ بالىنى خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان، - دەپتۇ ئەر خاپا بولۇپ.
- دەرھەقىقەت، - دەپتۇ دوختۇر، - خۇدا بىزگە يامغۇرنىمۇ ئاتا قىلغان، شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا كۇنلۇك كۆتۈرۈۋالىمىزغۇ.

*دەل شۇنداق*

ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك خوتۇن ئالغان توقسان ئۈچ ياشلىق بىر بوۋاي دوختۇرغا ئايالىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

- سىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، - دەپتۇ دوختۇر، - بىر يىگىت ئوۋغا چىقىپتۇ، لېكىن ئۇ كۇنلۇكىنى مىلتىققا ئوخشىتىپ قېلىپ كۇنلۇكنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. تۇيۇقسىز بىر شىر ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەپتۇ، يىگىت كۇنلۇك بىلەن شىرنى قارىغا ئېلىپ تەپكىنى باسقانىكەن، شىر شۇ زاماتلا بىر ھۆركىرەپ يەرگە پوكلا يىقىلىپتۇ.
- بۇ مۇمكىن ئەمەس! - دەپتۇ بوۋاي، - چوقۇم يېقىن ئەتراپتا پايلاپ يۈرگەن بىرەرى ئېتىۋەتكەن گەپ.
- دەل شۇنداق، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دوختۇر.

**ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش**

ھەم ئۆزىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى بېسىشنى، ھەم ھارامزادىلەر قوشۇنىنى زورايتىشنى خالىمىغانلىقتىن، زامانىمىزدىكى ئاشىق - مەشۇقلار مانا مۇشۇنداق كونكرېت مۇھەببەتنى تاللىۋالغان.

**ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسى**

ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىنى چەكلەيدىغان رەھىمسىز قاتىل. ھەر قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ شەپقەتسىزلىك دەرىجىسى ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قايتا - قايتا ھۇجۇم قىلىدۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ئامان قالمايدۇ.

2. ھاياتلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كاپالىتى.

**ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى (گاندون)**

ئۆزى بىر سويام بولسىمۇ، يىگىتلىكنىڭ كارامىتىنى سۇغا چىلاشتۇرالايدىغان نەرسە.

**ھەربىي نىزام**

ئەسكەرلەرنىڭ مېڭە پوستىغا سىم تور تارتىش.

**ھەربىي ياردەم**

ئادەملەر ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش مەيدانىنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىت-تا ئادەملەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش.

**ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ**

بىر ئادەم مۇبادا كۈرەشنى باشلىسا، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھەر-گىزمۇ بىرىنچى نىشان ئۈستىدە توختاپ قالمايدۇ.

**ھەسەت**

1. مەلۇم بىر كىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قارشى قىرغاقتا ئاپى-رىدىغان قېيىق، شۇنداقلا مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنسانلار تەرەققىياتى بىر پەشۋا بىلەن ئىرغىتىۋېتىشكە تېگىشلىك توسالغۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ھەۋىسى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ئۆزىنى ئازابلاشتىن ئىبا-رەت.

3. ئەڭ ئىقتىدارسىز رىقابەت.

**ھەسرەتلىنىش**

زەھەرسىز، ئەمما سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان كەيپىيات.

**ھەقسىز سوۋغا قىلىش**

ياخشى ئائىلىنىڭ يەڭگىلتەك قىزلىرىنىڭ جۆرئەتلىك ھەرىكىتى، بىراق بۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

**ھەقىقەت**

1. كۆرۈنمەس قول. تاسادىپەن كۆرۈپ قالغانلارمۇ ھەر ئامال قىلىپ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

2. بۇ يۈزەكى ھادىسىلەر بىلەن مەنپەئەت تېگىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاجايىپ ئارىلاشمىسى. ھەقىقەتنى بايقاش پەلسەپىنىڭ بىردىنبىر نىشانى، شۇنداقلا ئىنسان ئەقىل - پاراستىنىڭ ئەڭ قەدىمكى كەسپى.

3. تاماشىبىن ئورنىدا تۇرغاندا ھەر خىل رەڭلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**ھاياجانلىنىش**

ھاياجانلىنىشنىڭ قەدىمكى مىسالى جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى يۇقىرى پەللە بارلىققا كەلگەن ۋاقىت. ئاياللار ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ باقمىغان دەۋرلەردە، ئاشنا ئوينىغانلار راھەتلەنگەن چاغدا، ئۆزىنى ئاشىنىسىنىڭ بەدىنىدىن ۋاقتىدا تارتىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالاتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنى بىر ئانىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. شۇڭا بىز ھاياجانلانغان ئاشۇ قىسقا ۋاقىتتا باشقا بىر ئادەمنىڭ ھاياتى يېزىلىدۇ، دەيمىز.

**ھايۋانات باغچىسى**

ئادەملەرنى يىغىپ ھايۋانلارغا كۆرگەزمە قىلىدىغان جاي.

**ھەجۋىي ئەسەر**

بۇ ھەممىلا ئادەمگە يېقىپ كەتمەيدىغان بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، مۇكەممەل بولمىغان بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن يازغۇچىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى ۋە ئەخمىقانە ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەجۋىي ئەسەر يازغۇچىلار مىجەزى ئوسال مۇتتەھەملەر، دەپ قارىلىدۇ. بىر ھەجۋىي قىلىنغۇچى نارازىلىق بىلدۈرگەن ھامان، پەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى داۋالغۇپ، ھەجۋىي ئەسەر يازغان كىشىگە قارىتا ھۇجۇم باشلىنىپ كېتىدۇ.

**ھەجۋىي رەسىم**

ساقال باسقان چوڭلارنىڭ بىردىنبىر تەربىيىلىنىش كىتابى.

*ئۇمىد*

ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالا دادىسىغا دەپتۇ:

ـ مەن چاققانراق چوڭ بولسام بولاتتى.

ـ نېمىشقا؟

ـ ئۇنداق بولسا مەن دەرسلىك كىتابلارنى تاشلىۋېتىپ، كۈن بويى ھەجۋىي رەسىم كۆرەلىگەن بولاتتىم.

**ھەربىي مەشىق**

يېڭى ئەسكەرلەر ئۇچرايدىغان تۇنجى جىسمانىي زەربە.

*مۇھەببەت*

بىر ئايالنىڭ ئېرى ھەر شەنبە كۈنى گولف توپ ئويناشنى باھانە قىلىپ سىرتتا قونۇپ قالىدىكەن. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئايالنىڭ گۇمانى كۈچىيىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى تاقەت قىلالماي ئېرىدىن سوراپتۇ:

- سەن يالغان ئېيتىپ مېنى ئالداۋاتىسەن. سېنى كۆزىتىۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى، ئىككىيلەن ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىپ باقمىغىلى خېلى كۈنلەر بولدى، راستىنگنى ئېيت، شەنبە كۈنلىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

- مېنىڭ سېنى تېخىمۇ بەختسىز قىلىپ قويغۇم يوق.

**ھەل قىلغۇچ تەدبىر**

بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قالقىنى بولۇپ، زوڭتوڭ ياكى زوڭلىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ غۇرۇرى يوق بىر غەلىتە مەخلۇق بولۇپ، ھەر قانداق تىل - ھاقارەتلەرنى كۆتۈرۈۋېرىدۇ.

**ھەيز توختاش مەزگىلى**

ئاياللار بايراقنى يېرىم چۈشۈرگەن ۋاقىت.

بۇ مەزگىلگە يەتكەندە، ئاياللار يەنە ياش ھەم چىرايلىق بولالمايدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە ئەر كىشىگە قارىتا پايدىلىنىش قىممىتى قالمايدۇ.

**ھەيز كېسىلىش**

بىر ئايالنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمايدىغان ھالەتكە يېتىپ بارغانلىقى.

**ھەيكەلتىراشلىق**

لاي ياكى تاشلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل چىراي ئىپادىلىرىنى ئىجاد قىلىش.

**ھوقۇق**

ھەممىگە قادىر تەڭرى بىزگە بەرگەن قابىلىيەت ياكى سالاھىيەت بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ ئۇ تەڭرىنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىش ھوقۇقى ۋە ئۇنى ھاقارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

غان نۇر قايتۇرغۇچ ئەينەك.

4. ھەقىقەت خاتالىقنىڭ قوشنىسى، كىشىلەر ھەقىقەتنى خاتالىقنىڭ ئىشكىنى نۇرغۇن قېتىم ئۇرغاندىن كېيىنلا تاپالايدۇ.

*ھەقىقەت ۋە خاتالىق*

ئالدىراش كېتىۋاتقان بىر يولۇچى سىرلىق بىر ئىشكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئىشكنى قېقىپتۇ. ھايال بولمايلا ئۆينىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىپتۇ:

ـ كىمنى ئىزدەيسىز؟

ـ ھەقىقەتنى.

ـ سىز خاتا كېلىپ قاپسىز، مەن دېگەن خاتالىق، ـ ھېلىقى كىشى شۇنداق دەپلا ئىشكنى «گۇپپىدە» يېپىۋاپتۇ.

يولۇچى يەنە ئۇزۇن يوللار يۈرۈپ، تاغ ـ دەريالارنى كېزىپتۇ، لېكىن ھەقىقەتنى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇ: «ھەقىقەت بىلەن خاتالىق ئۆزئارا رەقىبلەر، خاتالىق ھەقىقەتنىڭ نەدىلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرھال ئارقىغا يېنىپ، يەنە خاتالىقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

ـ مەنمۇ ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتاتتىم، ـ خاتالىق شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئىشكنى يەنە يېپىۋاپتۇ.

يولۇچى نېمىتىدىن زادى ياناماپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ يەنىلا خاتالىقنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. لېكىن، خاتالىق ئوچۇق چىراي ئاچماپتۇ.

ئىشكنىڭ توختىماي قېقىلىشىدىن خاتالىقنىڭ قوشنىسى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. يولۇچى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا خاتالىقنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە، ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. يولۇچى قايرىلىپ شۇنداق قارىسا، ھەقىقەت تۇرغۇدەك!

**ھەقىقىي، چىن**

1. يۈزەكى.

2. كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بۇزىدىغان ۋاتىلداق.

3. ياخشىچاق ئادەم.

قالسا، ئۇلار دوستانىلىك بىلەن بۇ ئىندىئانلارنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئۇلارغا ئۆز ماكانىدىن يىراق جايدا ئۆلۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ تەڭداشسىز زوراۋانلىقلىرى ئىندىئان مىللىتىنى ھەرگىز يوقىتالمىغان، ئەكسىچە ئۆزلىرىنى يوپيوپ بولغىلى بولمايدىغان ھاقارەتكە قالدۇرغانىدى. قوشما شتات ھۆكۈمىتى بولسا بۇ ئىشنى قان ئاققۇزماي، يوشۇرۇن، ناھايىتى ئاسان، شۇنداقلا ئەخلاق مىزانلىرىغا خىلاپلىق قىلمىغان ھالدا تاماملىدى. بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچەملىرىگە ئۇلاردەك ھۆرمەت قىلىدىغان، بىر مىللەتنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلالايدىغان ئۇلاردەك ئادەم چىقمىسا كېرەك.

**ھۆرمەتسىزلىك**

ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى ئەخلاقسىزلىق.

**ھۆسن تۈزەش**

ئۆزى پۇل چىقىرىدىغان، لېكىن باشقىلار زوقلىنىدىغان سەنئەت.—

**ھۆسن تۈزەش ئۆرنى**

1. ئەرزان چاچ مېيى ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان جاي.
2. كونا ژۇرناللارنى ۋاراقلاشقا ئەپلىك جاي.

**ھۆكۈمەت دائىرىلىرى**

جىنايەتكار ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھەرگىز جىنايەتچىلەردىن ئەمەس، بەلكى قىزغىنلىققا ئىگە ئۇنسۇرلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى جەننەتكە تۇتىشىدىغان بىردىنبىر يولنى تېپىۋالدۇق دەپ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن بۇ يولنى قوغداش مەقسىتىدە، ئامالسىز ھالدا يات ئۇنسۇرلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

**ھۆكۈمەت ياردىمى**

ھۆكۈمەت خەلقنىڭ مال - دۇنياسىنى ئېلىپ، سوۋغات سۈپىتىدە خەلققە قايتۇرۇپ بېرىدىغان نەرسە.

**ھېسداشلىق**

1. باشقىلارنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىنى چۈشەنمەسلىك.
2. ئۆزىنىڭ ئازابىنى چۈشىنىش.

**ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش**

ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە ئەڭ تالانتلىق ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرى ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ساھەسىدە ئىزدەنمەكتە. ئۇلار ئاساسەن بۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلدى: ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ھەرگىز قورقۇنچلۇق ئەمەس. چۈنكى ئۇ راۋاجلانغانسېرى مەسىلىلەر شۇنچە گەۋدىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش خىيالى تېخىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا چەكلەشكە ئۇچرايدۇ. ئۇنى مەغلۇپ قىلىدىغان بىردىنبىر نەرسە - ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى.

**ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش**

بىر كىشىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش، ئاقىۋەتتە ھەممە كىشىنى رەنجىتىش.

**ھۆرۈنلۈق**

1. بۇ شەيتاننىڭ يېڭى - يېڭى جىنايەت ئۇرۇقلىرىنى سىناق قىلىپ تېرىش ئارقىلىق قەبىھلىكنى زور مىقداردا ئىشلەپ چىقىرىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى.

2. تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ھەرگىز بەھرىمەن بولالمايدىغان بىر خىل ھەكارچىلىق.

**ھۆججەت**

ھۆكۈمەتنىڭ كېسەل تارىخى.

**ھۆججەت سومكىسى**

سىياسەت ۋە ئىستراتېگىيىلەر لىق قاچىلانغان تاماق قاچىسى.

**ھۆرمەت قىلىش**

پەقەت ئىندىئانلار بۇرۇنقىدەك ياۋايى ھالەتتە تۇرىۋەرسە، ئامېرىكىلىقلار ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇتلەق ئارىلاشمايدۇ. شۇنداقلا ئۇلارغا مۇستەقىل مىللەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ؛ ئۇلار كېلىشىمنامە ئارقىلىق يوللۇق ھالدا ئىندىئانلارنىڭ يېرىنى ئىگىلەشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ يېرىنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. مۇبادا بىر ئىندىئان قەبىلىسى ئاسادىيمي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆز زېمىنىدا ياشىيالمايدىغان بولۇپ

# ئو

**ئوبراز**

قۇياش نۇرى ئاستىدا خاتالىقىنى باشقىلارغا ئەڭ توغرا كۆرسىتىپ بېرىش. ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان قورۇق شەھەر ھېيلىسى. مۇمىدىن قىلىنغان بىر تەخسە بەتتەم قورۇما. ئوبراز - كىشىلىك ھاياتنىڭ كەشتىلىك خەۋىرى، سىزنىڭ پۇت - قولىڭىزنىڭ ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئاغزىدا ئېسىلىپ تۇرۇشى.

**ئوبزورچى**

1. ئوبزورچىلار ھېكايە يازغۇچىلارنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇلار ھېكايە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىن ئۆزلىرى تاپالايدىغان نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

2. ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئەسەرلەرنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچى.

**ئوبوروت**

يول ئۈستىدە ھەر قايسى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتىنى ئالماشتۇرۇپ، مەخپىي تەپسىلاتلىرى بىلەن مەدەنىي ھالدا دىققەتنى چاچىدىغان شورىغۇچ ئالۋاستى.

**ئوپېرا**

بۇ درامىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، باشقا بىر دۇنيادىكى تۇرمۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ دۇنيادا، كىشىلەر گەپ قىلىشنىڭ ئورنىدا ناخشا ئېيتىدۇ، ھەرىكەت قىلماي قول ئىشارىسى قىلىدۇ، قىياپىتىنىڭ ئورنىدا پەقەت پوزىتسىيىسىلا بولىدۇ. ئوپېرادىكى ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسى دوراشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئارتىسلارنىڭ دورىغانلىرى ئورانگوتاننىڭ چىرقىرىشىدىن

3. پۇل كەتمەيدىغان ئاق كۆڭۈللۈك.

**ھېكايە**

ۋاقتى ئۆتكەن يېڭى ئىشلار.

**ھىمايە قىلغۇچى**

ئېرىشمەكچى بولغان جىمى نەرسىلىرىگە تېخى ئېرىشىپ بولالمىغان ئەگەشكۈچى.

**ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم**

1. ھاياتىي كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان، قورساق قىسمى بارغانسېرى يوغىناۋاتقان ئادەم.

2. «قېرى» دېگەن سۆزنىڭ چىرايلىق ئاتىلىشى.

3. ئۇ بۇ يىل قىرىق بەش ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بۇ قىرىق بەش يىل جەريانىدا مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ قەيەردە راھەتلەنگىلى بولىدىغانلىقىنى، راھەتكە ئېرىشكىلى بولمايدىغان جايغا بارماسلىقنى ئۆگىنىۋالغان.

**ئوتتۇز ياش**

ئەرلەرنىڭ ئوتتۇز يېشى ـ قىزلارنىڭ يىگىرمە يېشى.

*گىككى خىل تاللاش*

سىڭلىسى: مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسە بەرسۇن، مەن ئوتتۇزغا كىرىشتىن بۇرۇن توي قىلمايمەن.

ئاچىسى: مەنچۇ، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئوتتۇزغا كىرگۈچە توي قىلالمىسام بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن.

**ئوچۇقچىلىق**

ھەر بىر ئادەمنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھەر قانداق ھۆكۈمەت ئۇنىڭدىن باج ئېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. ئوچۇقچىلىقنىڭ ئاساسىي رولى شائىرلارنىڭ ئىلھامىنى ئۇرغۇتۇشتىن ئىبارەت.

تاغ ئۈستىگە چىقتىم بىر كۈنى،
پېتىۋاتقان زەر قۇياشنى كۆرمەككە.
پەسلەۋاتقان ئوت شارىغا ئەگىشىپ،
بىر ھېكايە ئۇرغۇپ چىقتى يۈرەكتە.

ھېكايىدە ئېشەك، بوۋاي سۆزلىنەر،
ئېشەك مىنىپ بوۋاي چىققان سەپەرگە.
ئاخىر چارچاپ يىقىلىپتۇ ئېشەكۇاي،
بوۋاي ئۇنى يۈدۈپ ماڭغان مەنزىلگە.

ئىبارەت.

**ئوپېراتسىيە**

دوختۇرغا پۇل تۆلەپ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئازابلىرىنى يەنە بىر ئاز ئۇزارتقۇزۇش.

*كىچىككىمەيمىز*

بىمار: دوختۇر، مېنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولۇپمۇ يارا ئىغىزىنى نېمىشقا ۋاقتىدا تىكىپ قويمايسىز؟

دوختۇر: خاتىرجەم بولۇڭ، زىياپىتىڭىزنى يەپ بولۇپ تىكسەكمۇ كىچىكمەيمىز.

**ئوت ئاپىتى**

ئوت ئاپىتى ۋە ئۇرۇش ـ تالاش قىلىش ـ كىشىلىك دۇنيادا ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلار.

*دوراپ باقايلى دەيمەن*

بىر دىۋانە ئورنىدىن ئۈمىلەپ قوپۇپ توۋلاپ كېتىپتۇ:

ـ تېز بولۇڭلار، ئاۋۇ يەرگە ئوت كەتتى!

قالغان دىۋانىلەر دەپتۇ:

ـ تازا گەپ بولدى ـ دە! بىزنىڭ كۆيۈپ كەتكۈدەك نەرسىمىز بولمىسا، نېمىدىن قورقاتتۇق؟

ـ ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مەن ئاشۇ پۇلدارلارنى دوراپ باقايلىمىكىن دېگەنىدىم.

**ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى**

ھەقسىز تاكسا ھەيدەشكە تەييارلىق قىلىدىغان جاي.

*گوت سىگنالى*

بىر ئايال ئالدىراپ تېلېفون بېرىپتۇ:

ـ ۋەي، سىز 119 مۇ؟!

ـ ياق، مەن 118.

ـ ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قوشنىڭىزغا دەپ قويغان بولسىڭىز، تېز كېلىپ ئۆيۈمدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغان بولسا.

**ئورگان**

1. ھۇرۇنلار ۋە بىگىسى يوقلارغا مائاش تارقىتىدىغان خەير - ساخاۋەت ئورنى.

2. تۆمۈر تاۋاقنى ساقلاپ قېلىشنى ئويلايدىغانلار ئورۇنلىشىدىغان جاي.

3. كۈيئوغۇل بازىرى.

*مۇختەساسلىقلاردىن پايدىلىنىش*

خوجايىن: سەن مېنىڭ يالغان سۆزلەيدىغانلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟

ئىشچى: بىلىمەن، ئۇلارنى مال ساتقۇچى قىلىپ قويىسىز.

*مېكىيان بىلەن ئوغۇم*

خوجايىن: بىلەمسەن، سىلەر زاۋۇتقا تايانمىساڭلار ياشاشقا ئامالسىز قالىسىلەر.

ئىشچى: ئوغۇ شۇنداق، بىراق ئىشچىلار بولمىسا، زاۋۇتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

**ئورنىغا دەسسىتىش، ئورنىغا قويماق**

بىر قورۇقتا، غېرىبسىنغان، تەنھا ئۆتۈۋاتقان بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۆز كۆڭۈللىرىدە بىرلەشىشنى ئۈمىد قىلىشىپتۇ. ئۇلارغا كېرەك بولغىنى، پەقەت بۇنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئايرىم پۇرسەتنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت ئىكەن. بىر كۈنى، ئىككىسى موگۇ تەرگىلى ئورمانلىققا بارغاندا بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار پۇرسەت كەلگەنلىكىنى، بۇنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنى ئويلاپتۇ-يۇ، بىراق سۈكۈت ئىچىدە قاپتۇ. سۈكۈت خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. بۇ چاغدا ئايال ئۆز مۇددىئاسىغا خىلاپ ھالدا موگۇ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قويۇپ، يەنە جىم بولۇپ قاپتۇ. ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئىزھار قىلىش ئۇسۇلىنى ئىزدەۋېتىپ، كۈتۈلمىگەندە ئۇمۇ موگۇ توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۆيگە قايتىش يولىدا، ئۇلار روھسىز، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا موگۇ ھەققىدىكى پارىڭىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەمدى مۇھەب-

قۇياش پېتىپ، تاغ كەينىدىن چىقتى ئاي،
ھەيۋەت بىلەن شەرقتە تۇرار ئېسىلىپ.
كۈمۈش تاۋاق شۇنچە يورۇق نۇر چاچار،
تەڭرى يېڭى قويغان كەبى يارىتىپ.

بولدى پەيدا بىر لەتىپە كاللامدا،
ھۆرۈن بىر قىز تۇرار چىرَكاۋ ئالدىدا.
كۆرمەكچىكەن توي قىلغان بىر قىزچاقنى،
ئۆزى ئىكەن ئەسلى بۇ قىز، ۋاي توۋا!

چەكسىز گۈزەل شائىر ئۆچۈن تەبىئەت،
قۇچاقلىغان تۇرلۇك تۇيغۇ، پىكىرنى.
ھېسسىياتسىز ئەخمەقلەرگە مىڭ ئەپسۇس،
چۈشەنمەيدۇ زېمىن، ئاسمان، دېڭىزنى.
– ستروم شىمىس

ئوردا
1. قانۇنلۇق جىنايەت ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان ھەم ئۇنى باشقىلار بىلەلمەيدىغان جاي.
2. بۇ بىر خىل ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجە-لىك ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى مۇشۇ تۇرگە كىرىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ باش روھانىيلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىمۇ مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك بو-لۇپ، ھالبۇكى بۇ دىننى يارىتقۇچىنىڭ ياتار جايى قاقاس دالا ياكى يول بويىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدىن قارىغاندا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغاندەك تۇرىدۇ.

ئوردىن، مېدال
سەل - پەل گۇمانلىق بولغان، كۆپ ياكى ئازراق مۇۋەپپەقىيىتى ياكى تۆھپىسىنى تەقدىرلەشتە ئىشلىتىلىدىغان دۇگىلەك مېتال بۇيۇم. بۇنىڭ بىلەن بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي ياكى روھىي ئازابى تۆلەمگە ئېرىشىدۇ.

لىق، گۆلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا ئۆزىنى: ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بىر دېموكراتىك دۆلەت، دەپ ماختايدۇ.

2. ئەرزان باهالىق تورالغۇ بىناسىنىڭ بىردىنبىر قىزىقتۇرىدىغان تەرىپى.

**ئوقۇتقۇچىلىق**

بالا بىلەن ئائىلە باشلىقلىرى ئارىسىدىكى قىسىش تاختىسىنىڭ ئازابىنى تارتىدىغان مۇقەددەس كەسىپ.

**ئوقۇش**

ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدا مەردانىلىك بىلەن تۈزۈلگەن بىر كېلىشىمنامە. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا مۇنداق بىر خىل ئۆزئارا ئالاقە قىلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان: مەن ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، تەلىپىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئەگەر تەلىپىم قانائەت تاپسا، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىمەن، بۇ ئاپتورغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇشۇمغا سەۋەب بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندىمۇ يەنىلا شۇنداق بولىدۇ.

**ئوقۇغۇچى**

1. تاڭ سەهەردىكى پېتىۋاتقان قۇياش.

2. يېرىم بېلەت ئىشلىتىدىغان ئادەم.

3. سومكىسىنى ئېسىۋېلىپ ئاپتوبۇستا قىستىلىشىدىغان ئادەم.

4. دانىخورەك يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى.

5. هەجۋىي رەسىملەر كىتابىنى دەرسلىك قىلىۋالىدىغان شاكىچىك.

**ئوكيان**

بۇ سۇدىن تەركىب تاپقان بىر پارچە كەڭرى دائىرە بولۇپ، ئىنسانلارنى ياشاش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن يەر شارىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بىراق، ئىنسانلارنىڭ ساقىقى يوق.

**ئومۇمىي پۇقرالارنىڭ بېلەت تاشلىشى**

بىر خىل قانۇن بولۇپ، ئۇ مۇهاكىمە ئۈستىدىكى قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئومۇمىي پۇقرالارنىڭ بېلەت تاشلاپ قارار قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ بىمەنىلىكتە قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىگە-

بەت ھەقىدە قايتا ئېغىز ئاچالمايدىغان، مەڭگۈ ئېغىز ئاچالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**ئورۇق**

سەمرىشنى خالايدىغان ئادەم.

*ساقلاش*

بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق خورلايدىغانلىقى توغرۇلۇق سوتقا ئەرز قىلىپ، بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ ئوتتۇز كىلوگرامغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سودىيە:

- دەرھال ئاجرىشىپ كېتىشىڭىزگە قوشۇلىمەن، - دەپتۇ. لېكىن ئايال دەرھال ئاجرىشىشقا قوشۇلماي مۇنداق دەپتۇ:

- ياق، يەنە ئون كىلوگرام ئورۇقلىغاندىن كېيىن ئاجرىشاي.

**ئوسۇرۇش**

1. ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى دەپ ھاۋانى بۇلغاش.

2. كىشىلەرنىڭ كۆلكىسىنى قوزغايدىغان گاز.

**ئوغرى**

يول يۈرگەندە ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىدىغان، ئەمما ئۆيگە دائىم خاتا كىرىپ قالىدىغان ئادەم.

**ئوغرىدىن ساقلىنىش ئىشكى**

ھەر قانداق ھەقىقەتنىڭ سەۋەبسىز تاجاۋۇز قىلىشى مەنئى قىلىنغان باللار كىتابى.

**ئوغرىلىق**

1. يا جىق پۇل تېپىش، يا تۈرمىدە يېتىش.

2. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق كەسىپ، پەقەت ئوغرىلايدىغان ئوبيېكتىلا ئوخشاشمايدۇ.

**ئوغرىلىقچە ئاڭلاش**

1. باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان ھەقىقىي باھاسىغا ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تۈرلۈك ناملار بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان «قۇلاق» لىرىنىڭ دوكلاتى ئارقى-

6. كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان جىنايەت تۈيغۇسى.

ئۇچىرىشىش

يىگىت: ۋەي، بۈگۈن كەچ سائەت ئالتىدە بۇرۇنقى جايدا چوقۇم ئۇچرىشايلى!

قىز: نېمە؟ تۈنجى قېتىم ئۇچراشماقچى بولۇۋاتساق، «بۇرۇنقى جاي-دا» دېگىنىڭىز نېمىسى؟

يىگىت: ھە، سىز مارلىما؟ كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى جېنىنىمكىن دەپ قاپتىمەن.

ئۇرۇش

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋايى ھايۋانلاردىنمۇ ياۋايى ئىكەنلىكىنى ئىس-پاتلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق ئۇسۇل

«تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر مەيدان ئۇرۇش» دېگەن سۆز تۇنجى قېتىم ئىيتىلغان چاغدا، ھەسرەتلەنگەن، تەقدىرگە تەن بەرگەن ھالدا قىلىنغان خورسىنىشقا ئوخشاپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى بىزنىڭ ئۈمىدۋار ۋە چوڭ قىرغىنچىلىققا تولغان بۇ ئەسىرىمىزدە، ئاغرىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بۇ ئادەت سۆزى بىر شوخ كۈيگە ئايلىنىپ، ھەممە يەردە چېلىنىدىغان بولدى؛ بىز مۇشتۇمىمىزنى كۆتۈرۈپ، قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ئادالەتلىك ياكى ئادالەتسىز ئىشلارنى بىرلىكتە قوغدايدىغان بولدۇق. ئۇرۇش كاربونلۇق يېقىلغۇ، بۇ يېقىلغۇ بولمىغان بولسا، تارىخنىڭ دۆڭگىلەكلىرى چاقپەلەكنى ئايلاندۇرالمىغان، ياۋروپا كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا قارىغىنىد-چە، راھەتلەنگەن ھالدا چىملىقتا سوزۇلۇپ ياتقان بولاتتى.

ئۇرۇش - سىياسىئونلارنىڭ ئەۋرىتىنى يېپىشتا ئىشلىتىدىغان ئىشتى-نى، ئەسكەرلەرنى سەمرىتىدىغان تاماق.

ئۇرۇش - قەدىمكى مۇھەببەتنىڭ قارىمۇقارشى سۆزى. ئۇ نادانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشى يوق. لېكىن، بەزىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بىر خىل سىناق، غالىبلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىشسىزلىق. ئۇرۇشنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يېرى شۇكى، بۇ جەرياندا مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، غالىبلار ھامان ئۆزىنىڭ

# ئۇ

**ئۇ**

يىگىتنىڭ مەخپىي ئىسمى.

*«ئۇ»غا ئاللاقىدار مۇنەدرىجە*

ئۇ ـ تېخنىك، شۈبھىسىزكى، ئۇ مۇتەخەسسىس بولالايدۇ.

ئۇ ـ قەدىمكى بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ خوجايىنى، پەقەت تۇل خوتۇنلارنىلا ئىنىدەككە كەلتۈرىدۇ.

ئۇ ـ دوختۇر، ئۇچرىشىشقا بېرىشتىن بۇرۇن كالپۇكىنى ئىسپىرت بىلەن تازىلايدۇ.

ئۇ ـ ساتىراش، پەقەت چاچ، تۇكلەرگىلا قىزىقىدۇ.

ئۇ ـ قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ھەرگىز قۇرامىغا يەتمىگەن قىزلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايدۇ.

ئۇ ـ تىككۇچى، يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ئۆلچەپ كۆرۈش خۇمارى بار.

**ئۇچرىشىش**

1. بىر ئەر كىشى بىلەن بىر ئايالنىڭ ئىجتىمائىي يىغىلىشى. بۇنداق يىغىلىشتا، ئەر كىشى يىغىلىشنى بىر قېتىملىق جىنسىي ئالاقىگە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ؛ ئايالمۇ جىنسىي ئالاقە بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان بەزى ئىشلارنى قىلماقچى بولغاندەك بولۇۋالىدۇ.

2. تەقدىر ئىلاھىنىڭ بىمەنە چاقچىقى.

3. قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان خىراجەت.

4. ئەرلەرنىڭ پۇل قاپچۇقى بىلەن كېچىكىشىدىغان ۋاقتى.

5. ھاياجان بىلەن بېرىپ، ھەسرەت بىلەن قايتىپ كېلىش.

داقلا سىزنىڭ كارىۋىتىڭىزدا ئۇخلىسا، مانا بۇ سىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنىڭىز بولىدۇ.

**ئۇزاق مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا**

ئۇ بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، قاتىللىقنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى سۆز ئەتتىن ئىبارەت.

**ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى**

تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قايتىش ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ، زېمىندا ئۇزاق تۇرۇۋالغان ئادەم. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلىرىمۇ ئۆمۈر چولپانلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يار - بۇرادەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي قابىلىيىتىگە ئەمەس، بۇ ئۆمۈر چولپانلىرى بىلەن بولغان يېقىنچىلىقىغا تايىنىپ ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئورۇنلىرىغا يامىشىپ چىقىۋالىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىرنى ياشانغان بىر ئۆمۈر چولپىنى يازغان:

گۈزەل ئىدى ياش چېغىمدا بۇ دۇنيا،
كۆن كۆلەتتى، ئىدى ئەتراپ بەك گۈزەل.
ساپ ھاۋادىن خۇشبۇي پۇراق چاچقىيتتى،
دەريالاردا ئاقار ئىدى بال - ھەسەل.

خالىغانچە ئويناپ - كۈلۈپ يۈرەتتۇق،
كۆلكە - چاقچاق قۇچار ئىدى ئاسماننى.
تۇرار ئىدى سىياسىئون گېپىدە،
بىرەر قېتىم ئاڭلىمايتتۇق يالغاننى.

ئەرلەر ئەسلا ئۇرۇش - تالاش قىلمايتتى،
يىراق ئىدى بىزدىن پىتنە، ھاقارەت.
يىراق ئىدى غوتۇلداشتىن ئايالالار،
يولىمايتتى زادى غەيۋەت - شىكايەت.

هاياتىغا رەڭ بېرىشنى ئويلايدۇ. ئۇرۇش ـ بىز ھەر كۈنى ئاشكارىلاۋاتقان مەخپىيەتلىك.

ئامېرىكىلىقلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇرۇش سەنئەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل تىجارەت. ئۇلار ئەخلاقىي جەھەتتە غەلىبە قىلىشقا ھەرگىز قىزىقمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى پەقەت ئەمەلىي غەلىبىدىنلا ئىبارەت. . . ئامېرىكا ئىنتايىن كاتتا بىر شىركەت، پايچىكلارنىڭ ھېچقايسىسى زىيان تارتىشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تارىخىمۇ بۇنداق ئۇمىدىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**ئۇرۇش توختىتىش**

«دوستلۇق» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش.

**ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش**

ئۇرۇشقا ئەڭ كەسكىن قارشى تۇرىدىغان ئوقۇغۇچى ۋە ياشلار ئالدى بىلەن ئارمىيىگە قاتنىشىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئىددىيىسىنى ھەربىي قىسىمغا تارقىتالايدۇ. ئەگەر ئۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچىلار ناتىسىت ئېسىپېچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ يېرىم يولىغىمۇ يېتىپ بارالمىغان چاغدا، قوراللىق قىسىمدا ئۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇرغۇچىلار بولمىغان بولسا، قىسىم ناھايىتى ئاسانلا ئەقلى كەمتوك ئۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئېسىل ماكانىغا ئايلىنىپ قالاتتى ـ دە، ئۇ يەردە پۈت ـ قوللىرىنى تازا ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلەتتى.

**ئورۇق**

ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا بىكارىدىن ـ بىكار ئىسراپ قىلىۋېتىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ساقلايدىغان ئۆسۈملۈك.

**ئورۇق ـ تۇغقان**

ئەگەر بىر كىشى سىزنىڭ براندى ھارىقىڭىزنى ئىچسە، سىزنىڭ سىگارېتىڭىزنى چەكسە، سىزگە تاماق پۇلىنى تۆلەتسە، يەنە تېخى سىزنىڭ ئايالىڭىزغا پوخورلۇق قىلسا، ئۇ پەقەت دوستىڭىزدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى كىيسە، ماشىنىڭىزنى ئارىيەتكە ئالسا، شۇن ـ

ئاشكارىدۇر پەرىشتىگە بەرىسى.
تەڭرىم، ئەگەر بىر دوست بولسا قىرىلىق،
جەزمەنكى ئۇ سېھىرگەرنىڭ بىر قولى!
- ۋىناپول سترېگ

**ئۇستىرا**

ئەڭ نىپىز، ئەڭ ئۆتكۈر پىچاق بولۇپ، بەدەندىكى تۈكلەرنى قىرقىش ياكى قان تومۇرنى كېسىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇسسۇل، تانسا**

مۇزىكىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۇياق - بۇياققا مېڭىش. تانسىنىڭ ھەر قانداق خىلى پاك، بىراق ئۇنىڭغا يامان نىيەتلىك ئەرلەر بەكرەك ئامراق.

**ئۇقتۇرۇش**

ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تامغا چاپلاقلىق تۇرغان قايىتى يامان پەرمانى. ئۇ پۇقرالارنىڭ قەدىمىنى پۇشتەككە كەلتۈرۈپ ماڭىدىغان قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك ۋاستە.

**ئۇلتىماتۇم**

مۇشت ئېتىش ئالدىدا سوزۇلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تال تىل.

**ئۇلۇغ**

ھەم ئېگىز، ھەم سېمىز بىر سۆز. ئەقىل - پاراسەت بىلەن سۆيە- قەستىنى سەپلەشتىن پۈتكەن يېرىم پىششىقلانغان بۇيۇم. ئۇلۇغ شۇنداق مەخلۇقكى، ئۇنىڭ ئىچىدىغىنى ئاۋامنىڭ چوقۇنۇش يېشى، چىقىرىدىغىنى بولسا كۆپىنچە ھاللاردا ئاپەتتىن ئىبارەت.

**ئۇلۇغ ئەرباب**

تارىخنىڭ مالىيى.

دائىم كىچىك كىشىلەرنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ يول ماڭىدىغان چوڭ ئادەم. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى شۇكى، ئۇ زادىلا ھېچقان- داق ئەھمىيەتلىك ئىش قىلمايدۇ، بىراق مەنىسىز يىللاردىن ئوت چىقىرى- ۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ زور ئارتۇقچىلىقى يالغان سۆزلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش. ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى خەلقنىڭ كاللىسى-

ئۇ چاغلاردا ئۇزۇن ئىدى ياز پەسلى،
ھەمراھ ئىدى بىزگە قۇياش جىلۋىسى.
ئۇ چاغلاردا قىشمۇ ئىدى يېقىملىق،
جاراڭلايتتى تەبىئەتنىڭ كۈلكىسى.

مۇشۇ كۈندە نېمە بولدى، نە بولدى؟
يىل باشلىنىپ، ئاخىرلىشار بىر دەمدە.
قۇرۇپ كەتكۈر بۇ يىللارغا باققاندا،
گۈزەل ياشلىق كېلەر شۇئان ئېسىمگە.

ئۆزگەرگەندۇ نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيا،
شۇنچە زۇلمەت، پىغان باسقان ئەتراپنى.
چىرمىۋالدى ھارغىنلىق ھەم ۋەھىمە،
نېمە چاتاق باسقان ئىكىن ھاياتنى.

قىينالماقتا ھاۋارايى خادىمى،
چۈنكى بۇندا ھاۋا تامام ئۆزگەردى.
ھاسىرايسەن دېرىزەڭنى چىڭ ياپساڭ،
ئۇنى ئاچساڭ تىترەك باسار بەدەننى.

بېسىپ كەتتى ھەممە يەرنى چۈشكۈنلۈك،
بۇ نېمە ئىش، ھايات دەمسەن شۇنىمۇ.
مېنىڭدىنمۇ ئۆتكۈر كۆزلۈك كىشىلەر
كۆرەر چوقۇم قەبىھلىكنى تېخىمۇ.

قايسى بەخت، قايسى ئاپەت بىلمىدىم،
قېلىن تونغا ئورىنىپتۇ ھەممىسى.
سىر بولسىمۇ بىزدەكلەرنىڭ ئالدىدا،

6. ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن ئۆلۈش.
7. كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەيش - ئىشرىتى.

*گەپ قىلىش پۇرسىتى*

ئايال: سىز ھەمىشە كېچىچە جۆيلۈپ چىقىسىز، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

ئەر: بولىدىلا، ناۋادا دوختۇر ساقايتىپ قويسا، گەپ قىلىش پۇرسىتىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن ئەمەسمۇ!

*ئاخشام چۈشۈمدە*

غەزەپلەنگەن ئايال ئېرىدىن سورىدى:

- راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سىز ئاخشام جۆيلۈپ ئىسمىنى چاقىرغان قىز كىم؟

- سىزنى ماشىنا ئۆرۈۋەتكەندە داۋالىغان دوختۇر قىز.

- يالغان، مېنى قاچان ماشىنا ئۆرۈۋەتكەن؟

- ئاخشام چۈشۈمدە!

نى قايدۇرۇشتىن ئىبارەت.

**ئۆنتۈغاقلىق**

1. بۇ تەڭرىنىڭ باشلىقلارغا بەرگەن ئىنئامى. ئۇلارنىڭ ۋىجدانى يېتەرلىك بولماي قالغان هامان، تەڭرى ئۇلارغا ۋىجدانىنىڭ كەم يېرىنى ئۆنتۈغاقلىق بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ.

2. دوستىغا پۇل قەرز بېرىشنىڭ ئاقىۋىتى.

*كىمنىڭ ئۆيى*

ناهايىتى ئۆنتۈغاق بىر ئادەم بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ بېرىپتۇ، يېرىم كېچىمۇ بوپتۇ، ئۇ ئادەم هېچ قايتىدىغاندەك قىلماپتۇ. دوستى ئاخىر چىدىيالماي:

- سۆيۈملۈك دوستۇم، سىنى قوغلىغىنىم ئەمەس، راست گەپنى ئېيتسام، ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە دەرسىم بار ئىدى. . . ، - دەپتۇ.

- ئاھ خۇدا! - دەپتۇ ئۆنتۈغاق قىزىرىپ - تاتىرىپ، - مەن تېخى ئۆزۈمنى ئۆز ئۆيۈمدە ئولتۇرۇۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

**ئۆنىۋېرسىتېت**

1. بويىنى قاتتىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە هوقۇق بېرىدىغان، مېڭىسى گال، بەدىنى قاۋۇل ئوقۇغۇچىلارغا مەيداننى ئىشلىتىش هوقۇقىنى بېرىدىغان جاي.

2. ياشلىقنىڭ تۈرمىسى.

**ئۆيقۇ**

1. سېتىۋېلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان تاۋار.

2. هەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل دۇنيا بولۇپ، ئۇ يەردە هەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.

3. كەچكە قارىغاندا ئەتىگەندە تېخىمۇ ئېھتىياج چۈشىدىغان نەرسە.

4. ئەر - خوتۇننىڭ چارچىغان ۋاقتى.

5. تېتىقسىز يىغىن، نۇتۇق ۋە تايىنى يوق سەنئەت نومۇرلىرىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى.

**ئۆچۈرگۈچ**

ھەر قانچە قىلىپمۇ خاتالىقنى تۈگىتىپ بولالماي، ئاخىر ئۆزى تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە.

**ئۆزئارا باش ئەلچى ئەۋەتىش**

ئۇرۇش تىنجىغان مەزگىلدە دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش جەھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر سودا قىلىشى.

**ئۆز ئۆيى**

ناتېپى ئەرلەرنى يىغىۋېلىش ئورنى.

**ئۆزگىچە**

باشقىلار ئويلاپ يېتەلمىگەن ساھەگە مەبلەغ سېلىپ ئېرىشكەن ئۈنۈم.

**ئۆزى**

1. سىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم.

2. باشقىلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلغان چاغدا پەيدا بولغان ئۆزگە ئىشىنىش.

**ئۆزى بولالماسلىق**

تۇرمۇشتا چىدىغىلى بولمايدىغان نەرسە مەۋجۇتلۇق بولماستىن، بەلكى ئۆزى بولالماسلىقتۇر.

**ئۆزى تورغا چۈشۈش**

A ئەپەندى كاماندىروپكىغا چىقىپ، ئەسلى پىلانىدىكىدىن بىر كۈن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ، خۇددى ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاش، ئايالىنىڭ B نىڭ قوينىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا B غا كايىپ كەتتى:

- بەللى، دوستۇم، مەنغۇ بۇ ئايال بىلەن توي قىلىپ قالغاچقا ئامالىم يوق، بىراق سەن قانداقلارچە بۇ تورغا چۈشۈپ قالدىڭ؟!

**ئۆزىنى ئەيىبلەش**

باشقىلارغا ۋەز ئېيتىش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەز ئېيتىش ئىقتىدارى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش.



**ئۆزىنى باشقا بىراۋ قىلىپ كۆرسەتكۈچى**

نام - ئابرۇي ۋە پايدا - مەنپەئەت قوغلىشىش جەريانىدا يولۇقۇپ قالىدىغان رەقىب.

**ئۆزىنى پەس كۆرۈش**

بۇ روھىنى كالتە ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت بىر خىل ياشاش ئۇسۇلى. ئۆزىنى پەس كۆرۈشنىڭ ئوخشىمايدىغان دەرىجىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بار. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى پەس كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى، ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىلچە ئىزا تارتمىغان ھالدا ئۆزىنى ھەر جەھەتتە تالانت ئىگىسى، دەپ پو ئېتىشتىن ئىبارەت.

**ئۆزىنى قوغداش**

«ئايالىم چاڭگال سېلىۋاتسا، ئۇنى ئۇرمىسام بولامتى ئەمىسە!»

**ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش**

كۆڭلىدە تەن بەرمىگۈچىنىڭ كەمتەرلىكى.

*ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلمەك*

مارك تۋېن سان فرانسىسكودا چىقىدىغان «سادا» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك قىلغانىكەن. ئۇ ئالتە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن بىر كۈنى باش مۇھەررىر ئۇنى چاقىرىپ:

- بۈنۈگەندىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلىمەڭ، - دەپتۇ.

- نېمىشقا مېنى ئىشلەتمەس بولۇپ قالدىڭىز؟ - دەپ سوراپتۇ مارك تۋېن.

- سىز بەك ھورۇن ئىكەنسىز ھەم قىلچە كارغا كەلمەيدىكەنسىز.

- بەكلا دۆت ئىكەنسىز، - دەپتۇ مارك تۋېن كۈلۈمسىرەپ، - سىز مېنىڭ ھورۇن ھەم كارغا كەلمەس ئىكەنلىكىمنى ئالتە ئايدىن كېيىن بىلىپسىز، لېكىن مەن بۇنى ئىشقا چۈشكەن كۈنىلا بىلىپ بولغان.

**ئۆزىنى ئۇلتۇرۇۋېلىش**

1. ئەڭ نەپىس پەلسەپىۋى ھەرىكەت.

2. ئەڭ ئاخىرقى ھۈنەر.

3. ئەستايىدىل ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى.

**ئۆچۈرگۈچ**

ھەر قانچە قىلىپمۇ خاتالىقنى تۈگىتىپ بولالماي، ئاخىر ئۆزى تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە.

**ئۆزئارا باش ئەلچى ئەۋەتىش**

ئۇرۇش تىنجىغان مەزگىلدە دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش جەھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر سودا قىلىشى.

**ئۆز ئۆيى**

نائەھلى ئەرلەرنى يىغىۋېلىش ئورنى.

**ئۆزگىچە**

باشقىلار ئويلاپ يېتەلمىگەن ساھەگە مەبلەغ سېلىپ ئېرىشكەن ئۇتۇم.

**ئۆزى**

1. سىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم.
2. باشقىلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلغان چاغدا پەيدا بولغان ئۆزگە ئىشىنىش.

**ئۆزى بولالماسلىق**

تۇرمۇشتا چىدىغىلى بولمايدىغان نەرسە مەۋجۇتلۇق بولماستىن، بەلكى ئۆزى بولالماسلىقتۇر.

**ئۆزى تورغا چۈشۈش**

A ئەپەندى كاماندىروپكىغا چىقىپ، ئەسلى پىلانىدىكىدىن بىر كۈن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ، خۇددى ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاش، ئايالىنىڭ B نىڭ قوينىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا B غا كايىپ كەتتى:

- بەللى، دوستۇم، مەنغۇ بۇ ئايال بىلەن توي قىلىپ قالغاچقا ئامالىم يوق، بىراق سەن قانداقلارچە بۇ تورغا چۈشۈپ قالدىڭ؟!

**ئۆزىنى ئەيىبلەش**

باشقىلارغا ۋەز ئېيتىش ئۇتۇم بەرمىگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەز ئېيتىش ئىقتىدارى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش.



**ئۆزىنى باشقا بىراۋ قىلىپ كۆرسەتكۈچى**

نام - ئابروي ۋە پايدا - مەنپەئەت قوغلىشىش جەريانىدا يولۇقۇپ قالىدىغان رەقىب.

**ئۆزىنى پەس كۆرۈش**

بۇ روھىنى كالتە ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت بىر خىل ياشاش ئۇسۇلى. ئۆزىنى پەس كۆرۈشنىڭ ئوخشىمايدىغان دەرىجىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بار. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى پەس كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى، ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىلچە ئىزا تارتمىغان ھالدا ئۆزىنى ھەر جەھەتتە تالانت ئىگىسى، دەپ پو ئېتىشتىن ئىبارەت.

**ئۆزىنى قوغداش**

«ئايالىم چاڭگال سېلىۋاتسا، ئۇنى ئۇرمىسام بولامتى ئەمىسە!»

**ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش**

كۆڭلىدە تەن بەرمىگۈچىنىڭ كەمتەرلىكى.

*ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلمەك*

مارك تۋېن سان فرانسىسكودا چىقىدىغان «سادا» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك قىلغانىكەن. ئۇ ئالتە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن بىر كۈنى باش مۇھەررىر ئۇنى چاقىرىپ:

- بۈگۈندىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلىمەڭ، - دەپتۇ.

- نېمىشقا مېنى ئىشلەتمەس بولۇپ قالدىڭىز؟ - دەپ سوراپتۇ مارك تۋېن.

- سىز بەك ھورۇن ئىكەنسىز ھەم قىلچە كارغا كەلمەيدىكەنسىز.

- بەكلا دۆت ئىكەنسىز، - دەپتۇ مارك تۋېن كۈلۈمسىرەپ، - سىز مېنىڭ ھورۇن ھەم كارغا كەلمەس ئىكەنلىكىمنى ئالتە ئايدىن كېيىن بىلىپسىز، لېكىن مەن بۇنى ئىشقا چۈشكەن كۈنىلا بىلىپ بولغان.

**ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش**

1. ئەڭ نەپىس پەلسەپىۋى ھەرىكەت.
2. ئەڭ ئاخىرقى ھۈنەر.
3. ئەستايىدىل ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى.

**ئۆزىنى باشقا بىراۋ قىلىپ كۆرسەتكۈچى**

نام - ئابرۇي ۋە پايدا - مەنپەئەت قوغلىشىش جەريانىدا يولۇقۇپ قالىدىغان رەقىب.

**ئۆزىنى پەس كۆرۈش**

بۇ روھىي كالتە ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىشنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت بىر خىل ياشاش ئۇسۇلى. ئۆزىنى پەس كۆرۈشنىڭ ئوخشاشمايدىغان دەرىجىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بار. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى پەس كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى، ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىلچە ئىزا تارتمىغان هالدا ئۆزىنى ھەر جەھەتتە تالانت ئىگىسى، دەپ ئېتىشتىن ئىبارەت.

**ئۆزىنى قوغداش**

«ئايالىم چاڭگال سېلىۋاتسا، ئۇنى ئۇرمىسام بولامتى ئەمسە!»

**ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش**

كۆڭلىدە تەن بەرمىگۈچىنىڭ كەمتەرلىكى.

*ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلمەك*

مارك تۋېن سان فرانسىسكودا چىقىدىغان «سادا» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك قىلغانىكەن. ئۇ ئالتە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن بىر كۈنى باش مۇھەررىر ئۇنى چاقىرىپ:

- بۈگۈندىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلىمەڭ، - دەپتۇ.

- نېمىشقا مېنى ئىشلەتمەس بولۇپ قالدىڭىز؟ - دەپ سوراپتۇ مارك تۋېن.

- سىز بەك ھورۇن ئىكەنسىز ھەم قىلچە كارغا كەلمەيدىكەنسىز.

- بەكلا دۆت ئىكەنسىز، - دەپتۇ مارك تۋېن كۈلۈمسىرەپ، - سىز مېنىڭ ھورۇن ھەم كارغا كەلمەس ئىكەنلىكىمنى ئالتە ئايدىن كېيىن بىلىپسىز، لېكىن مەن بۇنى ئىشقا چۈشكەن كۈنلا بىلىپ بولغان.

**ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش**

1. ئەڭ نەپىس پەلسەپىۋى ھەرىكەت.
2. ئەڭ ئاخىرقى ھۈنەر.
3. ئەستايىدىل ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى.

**ئۆچۈرگۈچ**

ھەر قانچە قىلىپمۇ خاتالىقنى تۈگىتىپ بولالماي، ئاخىر ئۆزى تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە.

**ئۆزئارا باش ئەلچى ئەۋەتىش**

ئۇرۇش تىنجىغان مەزگىلدە دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش جەھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەر سودا قىلىشى.

**ئۆز ئۆيى**

ناتېپى ئەرلەرنى يىغىۋېلىش ئورنى.

**ئۆزگىچە**

باشقىلار ئويلاپ يېتەلمىگەن ساھەگە مەبلەغ سېلىپ ئېرىشكەن ئۈنۈم.

**ئۆزى**

1. سىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم.

2. باشقىلار بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلغان چاغدا پەيدا بولغان ئۆزىگە ئىشىنىش.

**ئۆزى بولالماسلىق**

تۇرمۇشتا چىدىغىلى بولمايدىغان نەرسە مەۋجۇتلۇق بولماستىن، بەلكى ئۆزى بولالماسلىقتۇر.

**ئۆزى تورغا چۈشۈش**

A ئەپەندى كاماندىروپكىغا چىقىپ، ئەسلى پىلانىدىكىدىن بىر كۈن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ، خۇددى ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاش، ئايالىنىڭ B نىڭ قوينىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا B غا كايىپ كەتتى:

ـ بەللى، دوستۇم، مەنغۇ بۇ ئايال بىلەن توي قىلىپ قالغاچقا ئامالىم يوق، بىراق سەن قانداقلارچە بۇ تورغا چۈشۈپ قالدىڭ؟!

**ئۆزىنى ئەيىبلەش**

باشقىلارغا ۋەز ئېيتىش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەز ئېيتىش ئىقتىدارى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش.

يەنە سىياسىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە شەخسىي تۆھپىلەر تەقدىرلىنىدىغان، شۇنىداقلا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە ئۇمۇمنىڭ مۈلكىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغۇچىلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان جاي.

2. كىشىلەر ئۆزىنى قاماش ئۇچۇن ياسىغان ئەسلىھە.

**ئۆي - ماكانسىز**

ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش ئۇچۇن بارلىق باجلارنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆي - ماكانسىز قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

**ئۈسۈپ يېتىلىش**

ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۈسۈپ قالغان دەرەخ.

**ئۈسۈم**

پەرزەنتلىرى ئۈچۈن پۇل قەرز ئېلىشنىڭ كويىدا ئۆزۈن يىللار جاپا-
لىق ئىشلەشنىڭ توپ سەۋەبى.

**ئۈكتىچى پارتىيە**

ھەر ۋاقىت تەسلىم بولۇشقا تەييار تۇرغان قاراقچى، يوشۇرۇن ئوق
ئاتىدىغان مەرگەن.

**ئۈگەي دادا**

مومىسىدىنمۇ مۇلايىم ئادەم.

**ئۈلچەش**

ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ باشقىلار بىلەن ھېسابلىشىش.

*شائىرنىڭ ئۈلچىمى*

بىر نامرات شائىر ئالتۇن زەنجىر تاقىۋالغان، قاۋۇل ئاتقا مىنىۋالغان
بىر پارلامېنت ئەزاسىنى كۆرۈپ، ھەمراھىغا دەپتۇ:

– ئاۋۇ ئەبلەخنى كۆردۈڭمۇ؟ نېمىدېگەن سالاپەتلىك، نېمىدېگەن
قالتىس. بىراق ئۇ بىرەر مىسرامۇ شېئىر يازالمايدۇ!

**ئۈلۈش**

ئادەمنىڭ ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن ۋاقتى.

**ئۈلۈم جازاسى**

قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاستە.

**ئۈمۈر سۇغۇرتىسى**

ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئەمەس، بەلكى
ئۆلۈش ئۇسۇلىڭىز. بۇمۇ پۇل ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋال-
غانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

**ئۈي**

1. بۇ كامارلىق قورۇلۇش بولۇپ، ئادەم، چاشقان، سۇۋەرەك،
چىۋىن، بۈركە ۋە تاياقچە مىكروبلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارالغان. ئۇ

**ئۈمىد**

چارە ـ ئامال ئىزدەپ بىر شەيئىگە بولغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بىلەن بۇ شەيئىدىكى مۇمكىنچىلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش. نەتىجىدە، تالانتلىقلار بولسۇن، ھاماقەتلەر بولسۇن، ھەممىسى زوق ـ شوخ بىلەن، غەم ـ غۇسسىسىز ياشاش.

**ئۈمىدسىزلىنىش**

رېئاللىققا نەزەر تاشلاپ باقمىغان كىشىنىڭ تۇيۇقسىز رېئاللىقنى كۆرۈپ قېلىشى.

**ئۈمىدۋار ئادەم**

1. ئەجەل يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن كىشىلىك ھاياتنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئادەم.

2. «قارا دەل ئاقىنىڭ ئۆزى شۇ» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئادەم.

3. رېئاللىق بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان بىر ئاكتىپ مۇتەپەككۇر.

**ئۈمىدۋارلىق**

1. ئۇزاق مۇساپىگە قارىتا كۆز باغلاش ئۇسۇلى. ئۈمىدۋارلىقنىڭ پايدىسى شۇكى، ئۇ ئىنسانلارنى ئىككى قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلارنى نەسىرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

2. زىيالىيلارچە زىننەت بۇيۇمى.

3. بۇ بىر خىل نەزەرىيە. ئۇ دۇنيادىكى ھەر بىر شەيئى گۈزەل، بۇ ھېلىقى بەتبەشىرە نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر بىر شەيئى ياخشى، ھېلىقى ئەسكى نەرسىلەر تېخىمۇ شۇنداق، ھەر بىر شەيئى توغرا، ھېلىقى خاتا نەرسىلەر تېخىمۇ شۇنداق، دېگەن گەپكە ئىشىنىدۇ. ئاپەت ئىچىدە تورۇشقا ئادەتلەنگەن ئاشۇ كىشىلەر بۇ نەزەرىيىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھەمىشە كۆلۈمسىرەشكە تەقلىد قىلىنغان ھىجىيىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەتئىي ئېتىقادىنى شەرھلەيدۇ. مۇشۇنداق بىر خىل قارىغۇلارچە ئېتىقاد بولغانلىقى ئۈچۈن، رەددىيىنىڭ نۇرى ئۇنى يورۇتۇشقا ئامالسىز. بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بىر خىل قالايمىقانلىشىشى بولۇپ، ئۇنى

# ئۇ

**ئۇچ بۇلۇڭلۇق مۇناسىۋەت**

ئەرلەر ئايالىدىن قورقىدۇ، ئاياللار ئوغلىدىن قورقىدۇ، ئوغۇللار دادىسىدىن قورقىدۇ.

**ئۇچىنچى شەخس**

هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ توپلاڭدا توقاچ ئوغرىلاشقا ماهىر بولۇشتەك بۇ خىل ئىستىلى گېزىت ۋە تېلېۋىزورلاردا ئەتراپلىق ئومۇملاشتۇرۇلماقتا. ئۇلار داڭقان شەكىللىك ئائىلىلەرنىڭ ئىناقلىقىغا قارىتا هەر خىل نائىبلىق رولىنى ئوينىماقتا. بۇ هەممە كىشى قىلىشنى ئويلايدىغان، بىراق هەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغان قايغۇلۇق ئىش. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە هامان قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ كەلگەن ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ هېسداشلىقىغا ئېرىشەلمەي كەلگەن. بۇ تارىخقا قارىتا مەسئۇلىيەتچان بولمىغانلىقنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز هېچبولمىغاندا پۈت - قولىمىزنى ئىشقا سېلىپ تامدىن ئارتىلىش، يوشۇرۇن بەلگىلەر، ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن دېرىزىلەردىن شۇڭغۇپ كىرىشتىن ئىبارەت. ئىشقىلىپ ئېتىقادىمىز مۇستەهكەملا بولسا ۋاستە تاللىمايمىز. لېكىن، شۇنىڭغىمۇ ئاگاه بولۇشىمىز كېرەككى، باشقا كىشىلەرمۇ ئىشىكنى خاتا تونۇپ قېلىپ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كىرىپ سالمىسۇن!

**ئۇزۇل - كېسىللىك**

هەددىدىن زىيادە هاياتىي قىلمىش. تەرەت قاچىسىغا ئولتۇرۇۋالغىنىچە قايتا بېشىنى كۆتۈرمەيدىغان ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىنى تامامەن چىقىرىۋەتكىنىگە قانائەت قىلماي يەنە مېڭىسىنىڭ قېتىقىنىمۇ چىقىرىۋەتمەكچى بولىدۇ.

# ۋ

**ۋاپاغا جاپا قىلىش**

1. پايدىغا ئېرىشكەندىن كېيىن دەرھال ئۇنتۇپ قېلىش. بۇ خىل پەزىلەت بارغانسېرى مودا بولماقتا.

2. باشقىلاردىن پايدا ـ مەنپەئەت ئالىدىغان ئادەم ياكى خەير ـ ساخاۋەت ئوبيېكتى.

**ۋارىسلىق قىلىش**

ۋارىسلىق قىلىشتىن كەلگەن بايلىق ئائىلىنى زەھەرلەشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال.

**ۋارىسلىق ھوقۇقى**

دادىڭىزنىڭ سىزگە بولغان مېھرـ مۇھەببىتىنى يانچۇقىڭىزغا قاچىلاش ھوقۇقى.

**ۋاستىلىك باج**

مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە رېستورانغا تۆلەيدىغان پۇل.

*تونۇرا جاۋاب*

ئىقتىساد دەرسى ئۆتۈلۈۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچى سوراپتۇ:

ـ كىم ۋاستىلىك باجغا مىسال كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟

ـ ئائىلە ئىتلىرى ئۈچۈن باج تۆلەش، ـ دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى.

ـ سەۋەب؟

ـ چۈنكى ئىتلارنىڭ ئۆزى باج تۆلىمەيدۇ.

**ۋاستىلىك مەسئۇلىيەت ئىگىسى**

ھادىسە تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن كۆلەمگە يەتكەندىن كېيىنكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى. ئۇ بەئەينى پاھىشىگە ئوخشايدۇ.

پەقەت ئۆلۈملا داۋالىيالايدۇ. بۇ كېسەل ئىرسىيەت خاراكتېرلىك بولسىمۇ، ياخشى يېرى يۇقۇملۇق ئەمەس.

**ئۇنۇمدارلىق**

1. خادىملارنى ئىشتىن بوشىتىشتىكى باھانە.
2. باشقىلارنىڭ ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

**ۋەھىمىلىك كىنو**

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رېژىسسورلىرى قانغا بويالغان، شەپقەتسىزلىككە تولغان كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي قىلىۋېلىپ، قەستەن ئىنساننىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە راھەتلىنىش تۇيغۇسى بىلەن قارشىلىشىدۇ، قەستەن سىزنىڭ ئۈچەي - باغرىڭىزنى ئۆرۈك - تەتۈر قىلىدۇ، قەستەن قۇيقا چاچلىرىڭىزنى تۈرغۈزۈۋېتىدۇ. مانا بۇ دەل ۋەھىمىلىك كىنودۇر.

**ۋىجدان**

1. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقىدىغان ئالىيجاناب روھ.
2. بەدىنىنىڭ باشقا قىسىملىرى راھەت ھېس قىلىدىغان، پەقەت ۋىجدان تۇرىدىغان يېرىلا ئازابلىق ھېس قىلىدىغان بىر خىل ئالامەت.
3. پاشىلارنىڭ قېنى بىلەن بۇلغانغان تام. ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن نىشان. سېتىۋېتىلگەن دوستلۇق. ھېچكىممۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان قەلبتىكى تۇمان.
4. «مۇشۇنداق قىلماي بولمىدى» دېگەن بىلەن قوشكېزەك.
5. كۆزگە چېلىقمايدىغان، قولغا چىقمايدىغان، ھەممە ئادەم يوق دېمەيدىغان بىردىنبىر نەرسە.

*قورقۇپ كەتكەندە*

ساياھەتكە چىقىپ قايتىپ كەلگەن ئەر ئاخشىمى ئايالى بىلەن بىر كارىۋاتتا يېتىپتۇ. ئۇلار قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا ئىشىك قاتتىق تاقىلداپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ ئويغانغان ئايال قورققىنىدىن توۋلىۋېتىپتۇ:

- چاتاق بولدى، ئېرىم قايتىپ كەپتۇ!

ئەرمۇ توك سوققاندەك قاتتىق ئەندىكىپ كېتىپ، كارىۋاتتىن ئىرغىپ قوپۇپتۇ - دە، ئۆزىنى دېرىزىدىن سىرتقا ئېتىپتۇ.

*ۋىجدان بويىچە ئىش قىلىش*

تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئىككى خوجايىن ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان بوكس مۇسابىقىسىنى قانداق كونترول قىلىش توغرىسىدا مەخپىي پىلان تۈزۈشتى.

**ۋاقىت**

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەكسىيەتچى. مەخسۇس ئىنسانلارنى كەمسىتىدىغان جاللات.

**ۋاقتى ئۆتكەن**

قايتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان كونا ھېسسىيات.

**ۋاقىت چېكى**

ئەڭ قىسقا بالىلىق چۈشى.

**ۋاكالەتچى**

بۇ ئادەم بىز بەرگەن ھوقۇق بويىچە بىزنىڭ ھوقۇقىمىزدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇرچى بىز ئۈچۈن ئېخىمۇ كۆپ مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشتىن ئىبارەت.

**ۋالىي**

پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەلچى. ئۇ ئەقىللىق ۋە ھىيلە - مىكىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم پادىشاھنىڭ تارتۇقلىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ پادىشاھنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئاپئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىشقا، شۇنداقلا يوشۇرۇن ئوغرىلىقلىرىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ھەقىقىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇشقا ماھىر.

**ۋەزىپە**

سىز قىلىشنى خالىغانلىقىڭىزدىن ئەمەس، بەلكى قىلىشقا قوشۇلغانلىقىڭىزدىن ئىشلەۋاتقان ئىش. چۈنكى سىز پۇلغا موھتاج بولغانلىقىڭىزدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر.

**ۋەكىل**

1. مېنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىم پەقەت شەخسىي ھەرىكەت، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق يامان ئاقىۋەتنى مۇناسىۋەتلىك ئامما زىممىسىگە ئالىدۇ.

2. بۇ سىياسىيغا ئارىلاشقان بىر خىل ئادەم. ئۇ بۇ دۇنيادا ئاۋام پالاتانىڭ بىر ئەزاسى، يىراق باشقا بىر دۇنيادا ئۇنىڭ ئۆسۈشىدىن ئانچە ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

# ئې

**ئېتىراپ قىلىش**

1. بىر يالغانچىلىقى ئېچىپ تاشلانغاندىن كېيىن خوتۇنىنى ئالداش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان ئىككىنچى يالغانچىلىق.

2. ئىقرار قىلىش. ئۇزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئۆز ئارا سەمىمىي-لىك بىلەن ئېتىراپ قىلىش ھەقىقەتكە بولغان مۇھەببەت بىزگە ئاتا قىلغان ئالىي بۇرچتۇر.

**ئېتىقاد**

سىزنى ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ سىزگە تىك قارىيالىشى كېرەك. بەدىنىڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆڭەكنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلغان ۋاقتىڭىزدا سىز ئۇلارنىڭ شۆلگەيلىرى ئېچىگە كىرىپ قېلىپ چىقالماي قالىسىز.

**ئېزىقتۇرۇش**

ئېزىقتۇرۇشنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا بەختنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؛ ئېزىقتۇرۇشتىن قۇتۇلالمىسا، تېخىمۇ بەختلىك بولغىلى بولىدۇ.

• *جاھاندارچىلىق پىرىنسىپى*

بىر خانىم سىرچى تەكلىپ قىلىپ ئۆيىنى بىر قۇر سىرلىتىپتۇ. ئېرى كەچتە قايتىپ كېلىپ، سىرنىڭ تېخى قۇرۇمىغانلىقىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، چىراغ ياندۇرغۇچە قولى تامغا تېگىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سىرچى ئاۋۋالقىدەكلا خىزمەتكە كەپتۇ. خانىم سىرچىغا:

- قېنى ئەپەندى، ھوجرىغا كىرىڭ، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئېرىمنىڭ قەيەرلەرنى تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي، - دەپتۇ.

- ياق، خانىم، - دەپتۇ سىرچى گاڭگىراپ، - مېنىڭ جاھاندارچىلىق

- ئىككىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىن، - دېدى ئۇلاردىن بىرى، - سېنىڭ يىگىتىڭ مېنىڭ يىگىتىمنى ئۇرسۇن، مېنىڭ يىگىتىم يالغاندىن ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ يىقىلسۇن.

- ياق، ياق، - دېدى يەنە بىرى، - ئىككىنچى قېتىملىقتا ئەمەس، يەتتىنچى ياكى سەككىزىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتا شۇنداق بولسۇن، بىز تاماشىبىنلارنى ئالدىماسلىقىمىز كېرەك.

- قۇلاق بىلەن ئىغىز.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

- ئەرلەر بىرەر گەپنى ئاڭلىسا، ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

- ئاياللارچۇ؟

- پارالڭ ئاياللارنىڭ قۇلىقىدىن كىرىدۇ، بىراق ئاغزىدىن چىقىدۇ.

**ئىغىزچە تەرجىمان**

بۇ ئاغزىنى ماشىنكا قىلىپ ھەق ئالىدىغان گەرباب.

**ئېكسپېدىتسىيىچى**

تاقىر يەردىن تاقىر يەرگە قاراپ ئۆمىلەيدىغان، ئاخىرىدا يەنە تاقىر يەردە ئۆلۈپ كېتىدىغان يوغان پىت.

**ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق**

تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى مەۋجۇداتلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا چەك-لەش، بىر - بىرىنى بېقىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەت-كە ئاساسەن، چاشقانلارنىڭ خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىشى مۈشۈكلەرنىڭ ھەيۋىسىگە كۈچلۈك زەربە بېرىدۇ. بۇ ئىش كۆزىگە سىغمىغان ئىتلار ئادەملەرنىڭ كۆلكىسىگە قېلىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

**ئېگىلمەي - سۇنماي**

نادانلىق، ھاماقەتلىك تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان تەنھا ھەرىكەت قى-لىشتىن ئىبارەت بىر خىل گۈزەل ئەخلاق.

**ئېلاستىكلىق ئىشتان**

ئاياللارنىڭ يوتىسى ۋە كاسىسىنى ئېلاستىكلىق باشقۇرىدىغان يىپەك توقۇلما بۇيۇم.

**ئېلان**

1. ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان سودىسىنىڭ ھارامزا-دىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتىكى بەدىنى بېقىلىغانلىقتىن تېخىمۇ تولۇپ، تېخى-مۇ پارقىراپ كېتىدۇ. ئېلان كىشىلەرگە نىقاب ۋە سەھنە جابدۇقلىرىنى قانداق تاللاشنى، شۇنىڭدەك نىقاب ۋە سەھنە جابدۇقلىرىنى قانداق ئىشلە-

پرىنسىپىم - «ئۆزۈڭ پاك، قولىقىڭ ساق.»

**ئېشەك**

ئاۋازى لەرزان، ئەمما ئاۋاز ئېقتىدارىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئاممىباب ناخشىچى. بۇ هايۋان هەر قانداق دەۋردە، هەر قانداق دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە دىنىدا ئومۇميۈزلۈك مەدھىيىلەشكە سازاۋەر بولغان. هېچقانداق هايۋان ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى بۇ ئېسىلزادە مەخلۇقتەك ئىگىلەپ باققان، تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ باققان ئەمەس، هەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى بىر روھىي كىشى دەپمۇ قالىدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئىنسانلارنىڭ روهى بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنىنىڭ جەننىتىگە كىرىدىغان ئىككى خىل هايۋاننىڭ بىرى ئېشەك ئىكەن. مۇبادا ئېشەككە ئالاقىدار تۈرلۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جۇغلايدىغان بولساق، ئاجايىپ كاتتا، ئاجايىپ هەيۋەتلىك ئەدەبىيات خەزىنىسى بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، بارلىق ئەدەبىياتنى ئېشەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئېشەككە ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ.

**ئېشىپ كېتىش**

باشقا ئادەمدىن ئېشىپ كېتىش بىر دۈشمەننىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى**

تەۋەككۈل قىلىش نىيىتى هەددىدىن زىيادە، ئەمما تەمكىنلىكى يېتەرلىك بولمىغان ئادەم. ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇشقا ئالدىراپ كېتىدۇ. ئاقىۋەتتە نىشاننى خاتا تاللاپ، هېسسىياتنى خاتا ئىپادىلەپ قويىدۇ.

**ئېغىز**

1. ئائىلە كىرىمىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.
2. چىش دوختۇرىنىڭ شاپائەتچىسى.
3. ۋاتىلداق خوتۇنلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىدىكى سەۋەب.
4. ئۇرۇش قىلماي غەلىبە قىلىش قورالى.

*ئەر بىلەن ئايال*

- ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەڭ ئوخشاشمايدىغان يېرى قايسى؟

# ئى

**ئىئانە قىلغۇچى**

1. ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قىلمىشلارنى زور مىقداردا سېتىۋالىدىغان ئادەم.
2. ئۆزىنى بەتبەشىرە ئايالنىڭ ئېرى، دەپ ئاتىۋالغان ئادەم.
3. ئارتىسلارنىڭ ناچار ئويۇنلىرىنى تاۋار ئورنىدا ساتىدىغان ئادەم.

**ئىپادە**

ب د ت نىڭ ئارخىپ ئامبارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك يىغىنلارنىڭ دوكلاتلىرى.

**ئىپپىتىنى ساقلاش**

ئۆز - ئۆزىنى قىيناشنى ۋەزىپە بىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بەدەل قىلىپ، ئاخىرىدا شۆھرەتپەرەسلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىش.

**ئىپتىدائىي مۇھەببەت**

يىگىتنىڭ قىزنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۇسۇلى تېز ھۇجۇم قىلىش، مۇھەببەت ئوتىنى قىزغىنلىق بىلەن قوچاقلاش؛ قىزنىڭ يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشتىكى ئۇسۇلى ئاستا - ئاستا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاندىن كېيىن جىمجىتلىق ئىچىدە مۇھەببەتنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىش.

**ئىتائەتمەنلىك**

قىساس ئېلىش ئۈچۈن پەيتنى كۈتۈش ۋە ئىنچىكە تەييارلىق قىلىۋېلىش جەريانىدا ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدىغان بىرخىل بىنورمال سەۋرچانلىق.

**ئىتتىپاقداش**

خەلقئارا بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى جەريانىدىكى ئوغرىلارنىڭ ھەمكارلە-

تتشنى ئۆگىتىدىغان بىر خىل ماھارەت. ھازىرقى زامان ئېلان كەسپىنىڭ كۆنسېرى تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارنىڭ ئويۇن قويۇش ئىستىكىنىڭ بارغانسېرى كۆچىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

2. راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش سەنئىتى.

*بىر ئاشخانىنىڭ ئېلانى*

«بۇ يەرگە كېلىپ غىزالىنىڭ، بولمىسا، سىزمۇ، بىزمۇ ئاچ قالىمىز.»

*بىر تورلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئېلانى*

«مەزكۇر شىركىتىمىزنىڭ خىزمەتچىلىرى سىزگە خۇددى قىزىنى ياتلىق قىلىۋەتكەن ئانىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ.»

*فرانسىيە ئەتىر ئىشلەش شىركىتىنىڭ ئېلانى*

«بىز ئىشلەپ چىقارغان ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتلار يات جىنسلىقلارنى ئەڭ جەلپ قىلىدۇ، شۇڭا سىزگە ئەتىر بىلەن بىللە بىر نۇسخىدىن ‹ئۆزىنى قوغداشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى› تەقدىم قىلىمىز.»

*بىر سائەت شىركىتىنىڭ ئېلانى*

«شىركىتىمىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى رېمونتچىلىرى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كەتتى.»

**ئېلان ئىلمى**

ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى يوشۇرۇنغۇدەك ئىمكانىنى قويماسلىقنىڭ قالتىس چارىسى.

**ئېلېكترون مېخە**

1. بۇ مەخلۇق كاللىسىغا توكنى تولۇق قاچىلىۋالغاندىن كېيىن دۇنياغا: «ھېچكىم مېنىڭ كاللامغا تەقلىد قىلمىسۇن، بولمىسا توك ئۇنى ئەۋلىياغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ» دەپ جاكارلايدۇ.

2. توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان چوت.

3. «ساۋاتسىز»لار ئىشلىتىدىغان توكلۇق ئەما يېزىقى.

نىڭ تۆۋەن قىسمىنى يېپىشىپلىشتى، بىرى بولسا كىيىمى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىزنىڭ ئالاقە چەمبىرىكىمىزدە، كىشى-لەر بىر - بىرىنى چىرايىدىن پەرق ئېتىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

**ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنى**

ئورغۇن قوللار بۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ، بىر - بىرىنى چىڭ سىقىشىدۇ، بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە تاشلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇشىغا ئوخ-شاش بولۇپ، بىر - بىرىگە ئىللىقلىق بېرەلمەيدۇ.

بۇ يەردىكىلەر خۇددى نېرۋىسىدىن ئاداشقانلارغا ئوخشاش يالغان سۆز-لەيدۇ.

**ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىك ھادىسىسى**

پۈتۈن يەر شارى بىر كەڭ ئېكرانلىق كىنو. بۇ كىنونىڭ رېژىسسور مۇكاپاتىنىڭ ئورنى مەڭگۇ بوش تۇرىدۇ. چۈنكى، ھەممەيلەن كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىنى بۇ كىنونىڭ رېژىسسورى مەن ئەمەس، دېيىشىدۇ.

**ئىجتىمائىي مەسىلە**

كىشىلەر ھەل قىلىش قىيىن بولغان بەزى مەسىلىلەرنى ئەخلەت ساندۇقىغا سېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويۇشقا كۈچەيدىغان بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك ھادىسىسى.

**ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ئىلمى**

بۇ ئېكولوگىيە جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ھازىرقى ئېكولوگىيىلىك ھالەت شۇكى، پۇلى بارلارنىڭ پۇلى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، پۇلى يوقلارنىڭ پۇلى بارغانسېرى تېخىمۇ يوق بولۇپ كەتمەكتە، ئەركىنلىكى بارلارنىڭ بارغانسېرى ئەركىن-لىكى يوق بولۇپ كەتمەكتە، ئەركىنلىكى يوقلارنىڭمۇ بارغانسېرى ئەركىن-لىكى تېخىمۇ يوق بولۇپ كەتمەكتە.

**ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش**

مەيۈسلىنىشنى كۆچەيتىشكە ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ۋاستە.

**ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى**

ئاغرىغان چېغىمىزدا بىز بارلىق ئۈمىدىمىزنى بۇ ئادەمگە باغلايمىز،

قى. بۇ ئىككى ئوغرى قوللىرىنى قارشى تەرەپنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا چوڭقۇر تىقىپ، كۆزلىرىنى قارشى تەرەپنىڭ ئالتۇن زاپىسىغا تىكىپ تۇرغانلىقتىن، ئۈچىنچى تەرەپنى يالغۇز تالان - تاراج قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

**ئىتتىپاقلىق**

بۇ بىر رېزىنكە قېپىققا ئوخشايدۇ. قۇياش كۆلۈپ تۇرغان، بۇلۇتسىز كۈنلەردە ئۇ ئىككى ئادەمنى ئېلىپ، ئۆزىنى دېڭىزنىڭ قوينىغا ئاتالايدۇ. ئايسىز كېچە كېلىپ، بوران كۈچەيگەن ھامان، ئۇنىڭدىكى بىرەيلەن كۆك-كە ئېتىلغان دولقۇنلارنىڭ يالماپ كېتىشىدىن، يەنە بىرى بولسا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بىلەن پايپېتەك بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

**ئىتتىرىش**

بۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى ئىككى ئامىلنىڭ بىرى، سىياسىي ساھەدە ئېخىمۇ شۇنداق. يەنە بىر ئامىل «تارتىش» تىن ئىبارەت.

**ئىتنىڭ قەبرە سۆزى**

«مەن ئادەملەرنى كۆزەتكەنسېرى ئۆزۈمنى ئېخىمۇ سۆيىدىغان بولۇپ قالماقتىمەن.»

**ئىجاد قىلىش**

كىشىنى ھەيران قالدۇرماق.

**ئىجتىمائىي ئالاقە**

ھازىر ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسى پۈتۈنلەي چىرايلىق ئەخمەقلەر ۋە يارقىن ساراڭلاردىن تەركىب تاپىدىغان بولدى. يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتى دەل مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ نامى بۇنچە چىقالمىغان بولاتتى.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا تونۇشىدىغان، شۇنداقلا ئۆز ئارا خۇشامەت قىلىشىدىغان سورۇنى بولۇپ، ئوخشاشمايدىغان ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبە-رىكىنىڭ ئوخشاشمايدىغان ئەدەپ - قائىدىسى ياكى ئادىتى بولىدۇ. بىر كۈنى، بىر توپ ئەرلەر دەريا بويىدا يالىڭاچلىنىپ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقاندا، بىر توپ ئايال لار كېلىپ قالدى. ئەرلەر دەرھال كىيىملىرى بىلەن بەدىنىد-

مەسلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىنتىلىشنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىش مەسىلە-
سى. بۇنداقتا، ئەر كىشى ھەر قانداق ئايالغا ئىنتىلەلەيدۇ ـ دە، ئاياللارغا
ئىنتىلىش بىر تۈرلۈك ساپ بولغان ئىنتىلىشنىڭ ئۆزىگە ئىنتىلىشقا ئايلى-
نىپ قالىدۇ.

**ئىسپات**

1. كاستۇمغا يۇقۇپ قالغان لەۋسۇرۇخ.
2. قان تىپى توغرا كەلمىگەن بالا.

**ئىسپاتلاش**

ئۆزىمىز ئۇنۇملۇك ئۇسۇل ئارقىلىق سىناپ باقمىغۇچە، كۆپىنچە
ھاللاردا باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە گۇمانىي قارايمىز. بىر دوختۇر
بىر ھاراقكەشكە پۈتىگىز پالەچ بوپتۇ، دەپ دىئاگنوز قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇ
بىر رومكا ھاراقنى كارىۋاتتىن ئىككى مېتىر يىراق جايغا قويغانىكەن،
ھاراقكەش دەپتۇ: «ئەگەر ئاشۇ رومكىنى ئېلىشقا راستىنلا ئامالسىز
قالغان بولسام، ئۇنداقتا جەزمەن پۇتۇمدىن ئۈمىد قالماپتۇ.»

**ئىستراتېگىيە**

غالجىرلاشقان ئەقلىي مەشىق. مۇبادا ئوبدان پايدىلىنىلسا، ئىستراتې-
گىيە بىر دېھقاننى بىر ئىستىبداتنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزالايدۇ. لېكىن
ئىستراتېگىيە سول، ئوتتۇرا، ئوڭدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. سەللا
ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، كىتلىرنىڭ قويىنىغا كىرىپ قالىدىغان ئىش يۈز
بېرىدۇ.

ھەقىقىي ئىستراتېگىيە مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش قىلىش، قايسى ئۇ-
رۇشلاردا مەغلۇپ بولسا بولىدىغانلىقىنى بىلىشتە. نەچچە ئەسىردىن بۇيان،
ئىتالىيە داۋاملىق مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش قىلىپ كەلدى. ھالبۇكى سىز
ئۇنىڭ يەنىلا پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى بايقىۋالالايسىز.
فرانسىيە بىر قانچە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. بىراق داۋاملىق خەتەرلىك
ھالەتتە تۇرماقتا. ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە تېخىمۇ تىپىك ئىستراتېگىيە-
چى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇلار تېزلىك بىلەن گۈللىنىپ،
قوشنىلىرىنى يەنە ئەنسىرىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەھۋالى

ساغلام ۋاقتىمىزدا بولسا ئۇنى ئىت قاتارىدا كۆرىمىز.

**ئىختىساسلىق**

يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن مەلۇم ساھەدىكى تەتقىقاتتا يارقىن رول ئوينىغان ئادەم. پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قارا خىزمەتچىلىرى مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئات - كالىنىڭ ئورنىدا ئىشلىشى مەزكۇر ئاكادېمىيەنىڭ تەتقىقاتچى خادىملىرىغا تەتقىقات ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

**ئىرسىيەت**

1. روزۋېلت خانىم قولىنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ تىرومىننىڭ مۇرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن زۇڭتۇڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تىرومىن بىر ھازاغىچە تېڭىرقاپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن: «ياردىمىم كېرەكمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. روزۋېلت خانىم: «ياق، بىز سىزگە قانداق ياردەم بەرسەك بولىدۇ؟ شۇ تاپتا قىيىنچىلىقى بار ئادەم - سىز» دەپتۇ.

2. بۇ ئاجايىپ يۇكلىمە سۆز بولۇپ، سىزدە قانداق يېتەرسىزلىك بولسا، سىز «بۇ ئىرسىيەت» دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

**ئىرق ئىلمى**

بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىرقىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئىنسانلارنى قاراقچى، ئوغرى، ئالدامچى، كالامپاي، ساراڭ، گومۇش ۋە ئىرقشۇناس قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىيدۇ.

**ئىرقچىلىق سىياستى**

بۇ مېنىڭ نەرسەم مېنىڭكى، سېنىڭ نەرسەڭمۇ مېنىڭكى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**ئىرقىي كەمستىش**

باشقا مىللەتلەرگە ئالىيپ قاراش بولۇپ، بۆرە بىلەن قوي ئوتتۇرىسىدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت تىپىغا كىرىدۇ.

**ئىزدىنىش**

بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىغان ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ھەرىكىتى.

ئاياللارغا بولغان ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىش نوقۇل ئاياللارغا ئىنتىلىش

سېلىپ تۇرىدۇ. بۇ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا كىرىش مەنئى قىلىنغان رايون بولۇپ قالىدۇ.

ئىسراپچىلىق

1. نورمىدىن تاشقىرى چىقىم.
2. تولۇق ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچى بارلىقىنىڭ ئىسپاتى.
3. ئىنسانلارنىڭ 3 ـ چوڭ ھەۋەسى.

*ئورۇنسىز پۇل خەجلەش*

ئايال: سەن دائىم مېنى ئورۇنسىز پۇل خەجلەيسەن، دەپ ئەيىبلەيـ-سەن، مەن زادى قانداق كېرەكسىز نەرسىنى ئاپتىمەن؟

ئەر: بۇلتۇر ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى ئالغانـ-نىڭ، قېنى ئېيتقىنا، ھازىرغىچە ئۇنى بىرەر قېتىم ئىشلىتىپ باققان يېرىمىز بارمۇ؟!

ئىسمىنى قوشۇپ ئىشلەش

1. بىر سائەتتە تۈگەيدىغان ئىشنى ئۈچ سائەت ئىشلەش.
2. ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغاندا يەنە توي قىلىش.

ئىسىم

شەيئىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىلەن تاشقى قىياپىتىنىڭ پەرقى. پەلسەـ-پىۋى تەسەۋۋۇرنىڭ باشلىنىش ھەم ئاخىرلىشىش نۇقتىسى. مۇنداق ئاددىي ساۋاتنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەككى: ئاتنىڭ تېزلىكى پارقىراق بولغىنى بىلەن يەنىلا سېسىق بولىدۇ.

ئىسىم فامىلە

شەخسنىڭ قىياپىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان، ئەجدادلارـ-دىن قالغان لازىم نۇرى. ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇقىم مۈلكى، ھەتتا ساراڭلارـ-مۇ بۇنىڭدىن مەھرۇم بولمايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قۇلاقنىڭ تۈۋىدە يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىسىم كارتوچكىسى

دۇنيادا راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىش ئەڭ قىيىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ئىسپاتى.

چاتاق دۆلەتلەر غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان ئۇرۇشتىن بىرنى قىلسا، يېڭىچە بۇرۇلۇش ياساش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدىغان ئوخ-شايدۇ.

**ئىستراخوۋانىيە**

1. نەقلەشمەيدىغان كاپالەت. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پىژغىرىم ئاپتاپقا قاقلىغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئاقىۋەت. دۇنيادا ئەڭ بىخەتەر نەرسە-لەر قۇلۇپ ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئىستراخوۋانىيە بىلەن خاتىرجەملىك ھەرگىز چىقىشالمايدۇ.

2. بۇ تەلەيگە بېقىپ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر خىل زامانى-ۋى پۇرسەت ئويۇنى. ئۇ ئويۇن ئوينىغان كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ قىمارغا چوقۇم ئۇتتىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرىدۇ.

3. ئاپەت ۋە ئۆلۈمنى كۈتۈش.

*دەل ۋاقتى*

ئىستراخوۋانىيە خادىمى: شۇ تاپتا سىز يارىلىنىش ئىستراخوۋانىيە-سىگە قاتناشسىڭىز بولغۇدەك؟

خەۋەردار: نېمە ئۈچۈن؟

ئىستراخوۋانىيە خادىمى: سىز ئېغىر دەرىجىلىك بوكسچىنىڭ شىلەپە-سىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاپسىز.

**ئىستېپا بېرىش**

مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەلۇم شەرەپتىن ۋاز كېچىش؛ تېخىمۇ زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كىچىكرەك مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش.

**ئىستېمال**

بۇ ئىللىق سۆزدە كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان ياڭراق سادا بار بولۇپ، تاۋارغا چوقۇنۇش دىنىنىڭ تەرىقەتلىرى جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنى بىخۇد قىلىپ يالماپ كېتەلەيدۇ.

**ئىستىقبال**

بۇ كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈش بولۇپ، دائىم بىزنى ئەندىشىگە

**ئىشخانا**

پاراڭ سېلىش، چاي ئىچىش ۋە گېزىت - ژۇرنال كۆرۈشكە يارىتىلـ-
غان ئەڭ ياخشى جاي.

**ئىشرەتخانا**

ئاچ كۆز ھەرىلەر يىغىلىدىغان جاي.

**ئىشسىزلىق**

1. ئەخلاق ئۆلچىمى يوقالغان ئارام ئېلىش ئۇسۇلى.

2. ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن خەلق ئارىسىدىكى چۈشەندۈرۈش بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى پاراۋانلىق پۇرىقىغا تولغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ كەسپى ئۇنىڭغا مۇددەتسىز دەم ئېلىش بېرىپ، ھەر ياقلارغا ساياھەت قىلىش، ھەممىلا يەردە نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرى بىلەن پەشتاختىلارغا تەلمۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى.

**ئىشقا ئورۇنلىشىش**

1. ئۆزۈن چېچىنى كېسىۋېتىش.

2. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مەھبۇسى.

*غايە*

دىرېكتور: سېنىڭ غايەڭ نېمە؟

ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى: سىزنىڭ ئورۇندۇقىڭىز بولۇش.

**ئىشىك**

قولنىڭ قولى. ئەگەر ئۇ قولنى ھۆرمەت قىلمىسا، پۇتقا سېتىپ بېرىلىدۇ. ئىشىك ـ ئاچقۇچنىڭ مەڭگۈلۈك ئاشنىسى. ئاچقۇچ كاردىن چىققان ھامان، قول بىلەن پۇت بىرلەشسىمۇ بەزىدە كارغا كەلمەي قالىدۇ. بۇ باشقا نەرسىگە موھتاج بولغانلىق، بىراق پەقەت ۋاقىتلىق خۇماردىن چىقىشتىنلا ئىبارەت. ئىشىك پرولېتارنى توسۇۋالالىغىنى بىلەن پرولېتارـ-يات ئىنقىلابىنى توسۇۋالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچمىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇ مەڭگۈ باشقىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مەيلى دۆلەت دەرۋازىسى، مەيلى ئۆينىڭ ئىشىكى بولسۇن، ھامان ئەكسىيەتچى بولىدۇ. «بارلىق ئەكسىيەتـ-

**ئىش تاشلاش**

قانۇنغا ئۇيغۇن باھانە بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش پائالىيىتى.

**ئىشەنچلىك**

ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان نەزەرىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز.

**ئىشتان**

ئادەمگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان تاغار.

**ئىشتىن بوشىتىش**

كاپىتالىستنىڭ بىلدۈرمەكچى بولغىنى: «سەن ئەمدى ئىشقا كەلمە» دېگەندىن، خىزمەتچىنىڭ چۈشەنگىنى: «مەن ئەمدى ئىشقا بارمىسام بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

**ئىشتىھا**

ئەمگەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەڭرى قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن ئاتا قىلغان بىر خىل ئىقتىدار. ئۇ ھۇرۇنلۇقتا ياتقان ئىنسانلارنى ئەمگەك قىلىشقا ھەيدەيدۇ.

**ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى**

ئامېرىكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھازىر ماركسىزمغا ئەمەس، قارا قولچىلارغا يۆلىنىدىغان بولدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داھىيلىرى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئىشەنچ باغلاپ، ئۇنى ئاجايىپ قۇدرەتلىك تۈزۈك بولۇپ، بۇ دۆلەتنى قاتماللىقتىن پارلاق يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ، تىنچلىق ۋە ئادالەتنى، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى گۈللەندۈرەلەيدۇ، دەپ قارىماقتا. لېكىن، ھەر شەنبە كۈنى تېلېۋىزوردا كەسپىي زەيتۇن توپ مۇسابىقىسى كۆرسىتىلگەندە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزور ئالدىدا تىنچ ئولتۇرۇپ مۇسابىقىنى كۆرۈشىنىڭ ئۆزى تولۇق تىنچلىقتىن دېرەك بېرەلەيدۇ. ئۇلار بىر تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىشىنى قوللىغان چاغدا، ئادالەتنى ھېس قىلالايدۇ؛ ھەر بىر ئادەم تېلېۋىزوردىن بۇنىڭ باراۋەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكىدىنمۇ، ئۇلارنىڭ تولۇق ئەركىنلىكى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

- ئايالىم بىلەن بىللە بولۇش، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەسكەر قىلچە ئىككىلىنىپ تۇرماي.

- ئىككىنچىسىچۇ؟

- پۇتۇمدىكى ماۋۇ لەنىتى ئۆتۈكنى ئىرغىتىپ تاشلاش.

**ئىقتىدارسىز ئادەم**

بېشىنى كۆتۈرگەن قوشنى ئېتىپ چۈشۈرىدىغان ئادەم.

**ئىقتىساد**

سىز چىقىش قىلالمايدىغان بىر سېپىرنىڭ يۇقىرى باھاسىدا سىز ھېچقانداق ئېھتىياجلىق بولمىغان بىر تۈك ۋىسكىنى سېتىۋېلىش.

**ئىقرار قىلىش**

1. ئۆز ۋىجدانىنى چوتكىلاپ يۇيۇش.

2. بىرنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇننى يوشۇرۇپ قېلىش.

**ئىككى خىل جىنس**

ئون بەش ياشتىن كېيىنكى ئەر، ئەللىك ياشتىن بۇرۇنقى ئايال.

**ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى**

ئەشيالار بۇزۇلۇش، ماتاش ئىشلىتىلىپ بولۇشتىن ئىلگىرىكى قىسقا مەزگىللىك ھوقۇق.

**ئىلھام**

ھاراقنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنى ياكى يېڭى توينىڭ پەلەككە يەتكەن غوۋغاسى.

**ئىلىم**

1. بۇ بىزنىڭ قوپقۇرۇق كاللىمىزنى تولدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەم - بوغۇز. ئالىم دەپ ئاتالغانلار دەل بىزگە ئوخشاش ئادەملەردۇر. بىراق، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى ياخشى بولغان بىر ھەزىم قىلىش سىستېمىسى بار بولۇپ، پەقەت شۇنىڭغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن بۇ يەم - بوغۇزلار ئارىسىدىن ئەقىل - پاراسەتنىڭ تەملىك ھارىقىنى ۋە يېڭى سۇيىقەستلەرنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ.

2. قوپقۇرۇق باش سۆڭەكنى ئىچىگە كىتابتىن توزۇپ تۇرىدىغان چاڭ.

چىلەر قەغەز يولۋاس.» ماۋزېدۇڭنىڭ گراممائىكا جەھەتتىكى ئىجادىيىتى ئىشككە قارىتا مەڭگۈلۈك تەھدىتنى ياراتتى.

ئىشىنىش

ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز ئالاقە قىلىش، پايدىلە- نىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شەكىللىنىدىغان ھېسسىيات جەھەتتىكى بىقىندىلىق مۇناسىۋەت.

ئىقتىدار

1. توك ئېقىمىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ھاياجانلىنىشى.

2. ئىككى خىل ئەھۋالدا كىشىلەر ناھايىتى ئوڭايلا ئۆز ئىقتىدارىنى يوقىرى چاغلايدۇ: بىرىنچى، مۇھەببەتلىشىۋاتقان يىگىتلەر ئۆز سۆيگىنى ئۇچۇن ئۆز ئىقتىدارىدىنمۇ ئارتۇق ئىشلارنى قىلىشقا قەسەم قىلىدۇ. ئىككىنچى، بۆلۈم باشلىقى بولغاندا باشقارما باشلىقى بولۇشنى ئويلايدۇ، باشقارما باشلىقى بولغاندىن كېيىن ئىدارە باشلىقى بولۇشنى ئويلايدۇ.

*ئالاھىدە ئىقتىدار*

بىر ئايال ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بىر بالا تۇغۇپتۇ. بالىنىڭ تۇغۇلۇپلا تىلى چىقىپتۇ. شۇنىسى، بالا كىمنى چاقىرسا شۇ ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئۇ دەسلەپ مومىسىنى چاقىرغانىكەن، مومىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. ئارقىدىن بوۋى- سىنى چاقىرغانىكەن، بوۋىسى قازا قىپتۇ. دەل شۇ چاغدا دادىسى بالىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى پلاستىر بىلەن چاپلاپ قويۇپتۇ. لېكىن، بالا پلاستىرنى سويۇپ ئېلىۋېتىپ «دادا» دەپ چاقىرىپتىكەن، دادىسى ئەمدى ئۆلدۇم، دەپ ئار- قىسىغا تىرىڭگىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، خېلى ئۇتسىمۇ ئۆلمەپتۇ. ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، قوشنىسىنىڭ بالىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ، دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

*ئىككى ئىش*

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رېيتىر ئاگېنتلىقە- نىڭ بىر مۇخبىرى بىر ئەنگلىيە ئەسكىرىدىن سوراپتۇ:

— ئۇرۇشتىن كېيىن سىزنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشىڭىز نېمە؟

لىشتىن يانمايدۇ.

**ئىنسان تەبىئىتى**

بۆرە بىلەن ئىت ئوينىغان بىر تاختا شاھمات.

**ئىنسانپەرۋەرلىك**

«كىشىلىك ھايات زادىلا ئۆز مەنىسىنى يوقاتقىنى يوق» دېگەندىن ئىبارەت باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان تەسىرلىك يوزتىسىيە.

**ئىنسانىيەت**

1. ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى تەرىپىدىن تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان، ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر گېئولوگىيىلىك ھادىسە.

2. بارلىق ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ؛ بىر كوللېكتىپنىڭ نامى. لېكىن ئۇ مايمۇنلار قاتارىدىكى شائىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

3. تەڭرىنىڭ قىياپىتىدە ياساپ چىقىلغان كىرەكسىز مال.

4. ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى زاڭلىق قىلىشنى بىلىدىغان بىردىنبىر مەخلۇق.

5. يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئالۋاستى.

*ئىسراپچىلىق*

بىر چۈشىنى خورسىنغان ھالدا يەنە بىر چۈشىنىغا دەپتۇ:

ـ ئىنسان دېگەن بەك كالۋا نەرسىكەن!

ـ قانداق دەيسەن؟

ـ ئۇلار بۇنچە ئېگىز بىنالارنى سېلىۋالىدىكەن، يەنە تېخى بىزگە ئوخشاش تورۇستا مېڭىشنى بىلمەيدىكەن. يۇتۇنلەي ئىسراپچىلىق ـ تە، بۇ! ئۇلار ئاران يەردە مېڭىشنىلا بىلىدىكەن. لىفت بولمىسا ئۆزى سالغان بىناغا چىقالمايدىكەن...

**ئىنستىتۇت**

1. بىر خىل زامانىۋى مەكتەپ، ئۆگىتىدىغىنى ـ پۇتبول تېپىش.

2. بۇ بىر خىل جامائەت ئورگىنى. ئوقۇغۇچىلار بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنۋان ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشى بولسا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن

تۇزان.

**ئىناۋەت**

نەق پۇل، ئامانەت چېكى، زىبۇزىننەت ۋە كۆچمەس مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ئىناۋەتلىك كارتوچكا**

خۇشاللىقنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەمما مېمورىئال چەك يالغان بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئادەم پۇلنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي بولۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.

**ئىندىئان**

ئۇلار قەيەردە چېدىر تىكسە، نېفىت شىركىتى شۇ يەردە نېفىت قۇدۇقى كولاپ، ئىشەنچلىك ھالدا نېفىت تاپالايدۇ. شىركەت ھەر قېتىم قۇدۇقنى كولاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ باشقا جايغا بېرىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار نېفىت قىدىرىشنىڭ تىرىك ئەسۋابى. پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق نېفىت شىركەتلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى چارچىتىدۇ، ئۆزلىرىمۇ چارچاپ ھالىدىن كېتىدۇ. ئۇلار قوزغالسا، تېخنىك خادىملارمۇ جىمى ماشىنا، قۇدۇق جازىسى، دۈگىلەتېل قاتارلىق ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ قوزغىلىدۇ. ئىندىئانلار تىرىك بايلىق ئىلاھى. ئۇلار قەيەرگە بارسا، شۇ يەر گۈللەپ ياشنايدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، بىچارە ئىندىئانلار يا تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمايدۇ، يا ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىشى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنالمايدۇ. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، ماڭغۇدەك يولىمۇ قالمىدى، بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ سانى شىددەتلىك ئازىيىپ كەتتى. ئېھتىمال ئۇلار ئاق سارايىنىڭ چىملىقىغا قوغلاپ بېرىلىپ، چېدىر تىكىشكە مەجبۇر بولغان كۈنى، ئاشۇ قەبىھ نېفىت شىركەتلىرى ئاق ساراي مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن ئىندىئانلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنداق ئىش يۈز بېرىدىغان بولسا، نېفىت شىركەتلىرىنىڭ خادىملىرى داۋاملىق ئەگىشىشتىن ئىبارەت پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلەش ئۈچۈن ئاق سارايىنى سۇ كىرمىگۈدەك دەرىجىدە قورشىۋې-

# ي

**ياتلىق بولۇش**

1. ماڭغۇدەك يولى قالمىغاندا يۇت قويغۇدەك جاينى تېپىش.

2. ئەمەلىيەتتە كۆزگە توپا چېچىش.

**ياخشى ئادەم**

ئۆزگە چالا - بۇلا، باشقىلارغا قارىتا بوشراق مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم. ياخشى ئادەم ئۆمۈر بويى بىرەر قېتىم ھەقىقىي ياشاپ بېقىشنى ئويلاپلا يۈرىدۇ، بىراق بۇنداق قىلىشنىڭ يۈرىكىنى تاپالمايدۇ. يۈرسەتنى تاپقان ھامان ئۇلار تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ياخشى ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولالايدۇكى، ئۇ ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئارزۇيۇمغا يېتىپ قېلىشىم مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئاقىۋەتتە بۇ ئادەمنىڭ ئۆپكىسىنىڭ كۆپ قىسمى پىتنە - ئىغۋالار بىلەن يۇقۇملىنىپ كېتىدۇ.

**ياخشىچاق بولۇش**

ئالدامچىلىق بىناسىغا ئۇل سېلىش.

**يادرو بومبىسى**

تۇنجى يادرو بومبىسى قويۇپ بېرىلگەن بازىدىكى خاتىرە مۇنارىغا تۇۋەندىكى سۆزلەر يېزىپ قويۇلغان: بۇ يادرو بومبىسىنىڭ سىناق قىلىنىشى دۇنيا تىنچلىقى مۇساپىسىنى غايەت زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى، دۈشمەنلىشىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ دۆلىتىمىزگە ۋە دۇنيا خەلقىگە بولغان يادرو تەھدىتىنى بىتچىت قىلدى.

**يارىشىپ قېلىش**

دۈشمەنلىك نىيەتنىڭ ۋاقىتنىچە ئۈززۈلۈپ قېلىشى، ئۆلگەنلەرنى يەر قويىنىدىن كولاپ چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، تولۇق قوراللانغان ھالدا ئۇرۇشنى

كېيىن باشلىنىدۇ.

**ئىنقىلاب**

1. قالپاقلارنىڭ كۆپىيىشى، باشلارنىڭ ئازىيىشى.

2. ئادەم ئۆلتۈرۈش ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش.

3. سىياسىيدا، باشقۇرۇلۇشى قالايمىقان بولغان مەمۇرىي تۈزۈلمە-نىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگەرتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا تارىخىدا، زۇڭ-تۇڭلۇق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىل-گەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ئامېرىكا خەلقىنىڭ پاراۋانلىق ۋە بەختىنىڭ سەۋىيىسىنى يېرىم ئىنگلىز سوڭى ئۈستۈردى. ئىنقىلاب پات-پات زور كۆلەمدە قان تۆكۈلۈشنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنقىلابتىن مەنپەئەتدار بولغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەرزىيدىغان ئىشمىش. بىراق بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز قېنىنى تۆكۈش پۇرسىتى بولمايدۇ.

2. تېخى خىزمەتنى باشلىماي تۇرۇپلا چارچاپ كېتىش.

3. ئەستايىدىللىق بىلەن قارىغاندا مەيلى قايسى خىل ئايال بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش ياشتا بولىدۇ.

4. پادىچى ئىشتىنى كىيگەنلەر بىلەن ئىش كىيىمى كىيگەنلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك پەرقى.

*ئاياللارنىڭ پەرقى*

ـ مۇنداقلا قارىسام مېنىڭ ئوتتۇز ياشقا كىرگەنلىكىمنى بىلگىلى بولمايدىغاندۇ؟

ـ شۇنداق، بىلگىلى بولمايدىكەن، تۆت ـ بەش يىل بۇرۇن بىلگىلى بولاتتى...

**ياشاش**

شۇنچە قىسقا ۋە ئاجايىپ، قورقۇنچلۇق چۈش،
ئوخشاشمايدۇ ئۇندا ھەممە قارىماققا.
ئاياغلىشار ئۇيقۇ دوستى ـ ئەزرائىل
دوستلۇق مېھرى بىلەن بىزنى ئويغاتقاندا،
«ھەممە نەرسە بىلجىرلاشكەن!» دەيمىز شۇندا.

**ياشانغان، قېرىغان**

1. ياشانغان كىشى ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان ياشلارغا سەپسالغىنىدا، بۇ يەردىكى بارلىق تىڭشىغۇچىلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكتىن ئىبارەت ئالاھىدە ھوقۇقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ياشانغان كىشى ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالىدۇ. پەقەت بىر ئادەم ياشىنىپ قالغاندىلا، ئاندىن خىزمەتداشلىرىنىڭ، ئاممىنىڭ ياكى كەلگۈسىنىڭ پىكىرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى توختىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە قاراپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنى تەنھا كۈتۈۋالىدۇ.

2. قىرىق ياش ـ ياشلىقنىڭ قېرىلىقى، ئەللىك ياش ـ قېرىلىقنىڭ ياشلىق باھارى.

3. پاراۋان دۆلەتلەردە جازا مۇددىتى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

توختىتىپ تۇرۇش.

**يارىلىنىش**

تىرىك قالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى.

**ياز**

تۆت پەسىل ئىچىدىكى يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى.

**يازغۇچى**

1. بۇ ئادەتتە مۇلايىم يورىدىغان نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچى بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ تەرتىپىنى قايتا - قايتا يۆتكەشنى، ھەرپلەرنىڭ سېپىدىنى قايتا - قايتا مەشىق قىلدۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن بەزىلىرى شۋېتسىيە خان جەمەتى ئاكادېمىيىسىگە تەكلىپ بىلەن بېرىپ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

2. كونا سۆزلەرنى ئېلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ـ جاھاندىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى ئاڭلاش.

3. ئاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن پەيدا بولغان خاتا تۇيغۇ.

4. پو ئېتىش پىرى.

5. ئۆزىنىڭ يازغىنىغا ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان ئادەم.

*ئىككى يازغۇچىنىڭ سۆھبىتى*

- ئەگەر مەن ئەسەر يازسام، بىر يازغانچە يېرىم كېچىگىچە يېزىپ كېتىمەن، يېزىپ بولغاندىن كېيىن بولسا زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

- ئۇنداق بولسا، يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئەسىرىڭىزنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقسىڭىز، دەرھال ئۇخلاپ قالىسىز.

**يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى**

تەرجىمىھال ئاپتورىنىڭ يازغۇچى ئۈستىدىن قىلغان ئەخلاق جەھەتتىكى شىكايىتى.

**ياش**

1. ئۆزىنىڭ قورۇقلىرىنى ساناشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ھېساب-لاش ئەسۋابى.

ماڭا ئوخشاش بىر نەچچە ئېغىز يالغان سۆزلەپ قويسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

**ياق**

ئاسىيلىق قىلىشنىڭ سىگنالى.

**ياخراتقۇ**

روھنى كۆپتۈرۈۋېتىدىغان ناپۇس. ھەددىدىن تاشقىرى كۆپتۈرۈۋېتىلگەن روھلار غايەت زور شارلارغا ئايلىنىدۇ ـ دە، مۇزىكا زالىنىڭ تورۇسىدا لەيلەپ يۈرىدۇ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى قىستاڭچىلىق ئىچىدە ئۆزئارا سوقۇلىدۇ.

**يالغان پوت**

رېماتىزم كېسىلى بولمايدىغان پۇت.

**يالغان پۇل**

راست پۇل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، «قىممىتى كىچىكرەك» قەغەز پۇل.

**يالغان چاچ**

1. ئەرلەر ياشلىق باھارىنى سېغىنىشتا ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر قورال.

2. چىۋىنلارنىڭ تېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قاپ.

**يالغان چىش**

دائىم ئۇپراپ تۇرىدىغان چىش.

**يالغان سۆزلەش**

ئاغزىڭىزدىن چىققانىكەن، خاتىرىڭىز چوقۇم ياخشى بولسۇن.

**يالغانچى**

مۇقىم ۋاكالەتچىلىك ھوقۇقى بولمىغان بىر ئادۋوكات.

**يالغانچىلىقنى سىناش ئەسۋابى**

1. خوتۇن.

2. مەھبۇسلار ئۇنى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان قورۇلما، دەپ قارايدۇ.

3. تەسەۋۋۇرنىڭ دۈشمىنى.

غان مەھبۇس.

**ياشلىق**

1. يا بوۋاق ۋاقتىدىكى نادانلىقى، يا ئوتتۇرا ياشلىقلارغا خاس ھىيلە-مىكرى ۋە قىرىلارغا خاس پۇشايمىنى يوق بولغان باسقۇچ.

2. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئېھتىماللىقتا تولغان بىر مەزگىلى.

3. ھەر خىل نەزەرلەرنى پەيدا قىلىدىغان ئېچىلىپ قالغان يوپكا.

4. بىر دەملىك غەزەپ دولقۇنى سىزنى يالماپ ئۆتۈۋېتىدىغان، چۈش-تىن ئويغانغان ھامان، مۇھەببەتنىڭ مەخسۇس باشقىلارغا ياتلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايدىغان دەۋر.

5. بارىدا قەدرى بولمايدىغان، قېرىغاندا ھەسرەت ئىچىدە ئەسلەيدىغان دەۋر.

**ياغلىما سۆز**

1. ئاڭلىغۇچىنى خۇشاللىقتا چۆمدۈرۈۋېتىدىغان سۆز.

2. ئادەمگە كۆز بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشتا ئامالسىز قالغاندا ئىشلە-تىلىدىغان قورال.

*ياش*

ئايال: سەن ھەتتا مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنىمۇ ئېسىڭدە تۇتمايدىكەن-سەن!

ئەر: نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ سەن ئازراقمۇ قېرىمىغان تۇرساڭ!

*بىر گېپىنى يالغان سۆزلەپ قويۇپتۇ*

بىر قېتىم مارك تۋېن تەكلىپكە بىنائەن زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. ئۇ بەك خۇش بولۇپ كەتكەچكە، يېنىدا تۇرغان ئايالغا:

– سىز بەك چىرايلىقكەنسىز، – دەپ ساپتۇ.

ئايال تەكەببۇرلۇق بىلەن مارك تۋېننىڭ ئۈستۈۋېشىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ:

– ئەپسۇس، مەن سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىققان ئۇنداق دەبدەبىلىك سۆزلەرگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمايمەن، – دەپتۇ.

– بۇنىڭ كارى چاغلىق، – دەپتۇ مارك تۋېن كۈلۈپ، – سىزمۇ

**يامغۇرلۇق**

باشقا چۈشىدىغان يامغۇرنى پۈچقاقتا چۈشۈرىدىغان نەرسە.

**يانچۇقچى**

سىزنى بۇلاڭچىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالدا پۇل قاپچۇقىڭىزنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتىدىغان دوست.

**ياۋاشلىق**

مەسخىرە قىلىنىۋاتقان ئاجىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى گۈزەل ئەخلاقى.

**ياۋايى ئادەم**

ھەممىمىزنىڭ بىر قانچە يىللار ئىلگىرىكى ئورتاق نامى. ھازىر بولسا بەدىنىمىزدىكى مەلۇم ئەزالارنىڭ رېئاللىقتىن ھالقىغان ھەرىكىتىنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

**يەر، زېمىن**

يەر يەر شارىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بىر خىل مۈلۈك، دەپ قارىلىدۇ. يەر بىر خىل خۇسۇسىي مۈلۈك، شۇنداقلا شەخسىي ئىگىلىۋېلىشقا بولىدۇ، دېگەن نەزەرىيە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى. بۇ نەزەرىيىنىڭ مەنتىقلىق يەكۈنى، مەلۇم كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياشىشىغا يول قويماسلىققا ھوقۇقلۇق، دېگەندىن ئىبارەت. چۈنكى «خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق»تا باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەيەردە زېمىنغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش بولىدىكەن، شۇ يەردە خۇسۇسىي زېمىنغا باشقىلارنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى بولىدۇ. مۇبادا پۈتۈن زېمىننى A، B، C ئۈچەيلەن ئىگىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا D، E، F، G قاتارلىقلارنىڭ تۇغۇلغۇدەك يېرىمۇ بولمايدۇ ياكى تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ باشقىلارنىڭ زېمىنغا بېسىپ كىرگەن جىنايەتچى بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئادەملەرنىڭ ياشىغۇدەك يېرىمۇ بولمايدۇ.

**يەر شارىنىڭ گۇمران بولۇشى**

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقىرى-

**ياللانما ئەسكەر**

تۇرمۇش ياللىنىۋالغان كالتەكچى.

ئۇ بەش ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن تىرىك قېلىش ئۈچۈن جان تالاشقان ئادەم. ئۇ شۇ تۇپەيلىدىن تىرىك قالغانكى، ئازدۇر - كۆپتۇر بولسىمۇ ئاتىسىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن، بىراق ئانىسى ئۇنى تاشلىۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئاياللارغا قاتتىق رەھىمسىزلىك قىلىدۇ. ۋەزىپە ئىجرا قىلغان ۋاقتىدا بىر ئايال بىلەن كۆڭۈل ئاچماي تۇرۇپمۇ ئۇنى دۇمبالاش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ.

**يالىڭاچ**

1. ئۆزىنىڭ تېرىسىنى ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ئېسىپ قويۇش.

2. يوشۇرۇن نەرسىمۇ كۆرۈنۈپ قېلىش، يوشۇرۇن بولمىغان نەرسىمۇ كۆرۈنۈپ قېلىش.

**يالىڭاچچىلار**

1. يىلتىزىنى ئىزدىگۈچىلەر.

2. ئىزا - نومۇس كىيىمىنى سېلىۋەتكۈچىلەر.

**يالىڭاچلىق ئىستېتىكىسى**

كۆپىنچىسى «بەدەن سەنئىتى» قاتارىغا مەنسۇپ.

**يامغۇر**

1. چاڭ - توزاننى ئېرىتىش سۇيۇقلۇقى.

2. كۈنلۈك تۇتۇپ چىققان چاغدا چۈشمەي قويىدىغان سۇيۇقلۇق.

*مىجەزسى يوق*

– چاتاق بولدى، يامغۇرلۇق بۇلۇت سۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

– بەك ياخشى بولدى! بۇ دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر بولىدىغان بولدى.

– قانداقمۇ دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر بولىدىكەن؟ ئايالىم تېخى ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى.

– ئايالىڭ بىرەر ماگىزىنغا كىرىۋېلىپ يامغۇردىن پاناھلىنىشنى بىلىدىغاندۇ؟

– بىلىدۇ، ئەمما مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىممۇ مۇشۇ ئىش - تە!

**يەمچۈك**

قارماقنى مەززىلىك تائامغا ئايلاندۇرىدىغان نەرسە. ئەڭ ياخشى يەم-چۈك گۈزەل بولىدۇ.

**يوپكا**

1. پۇشقىقى يوق ئىشتان.

2. ئايال مەھبۇسلارنىڭ يالغۇز كىشىلىك كامېرى.

**يول**

بۇ ئۇچەيدەك ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن شەكىللىك يەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ماڭسىڭىز سىز ياشاپ بىزار بولغان يەردىن ئوخشاشلا زېرىكەرلىك يەنە بىر يەرگە بارالايسىز.

**يولۋاس**

قورقۇنچلۇق گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى.

**يۇرت**

دەۋر قوشۇنىدىن چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھگا-ھى.

**يۇرتنى سېغىنىش كېسىلى**

قارا ئاش يېيىشنى سېغىنىپ قالىدىغان قەلب ئاجىزلىق كېسىلى.

**يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتى**

مۇقىم سورۇنى بولمىغان سورۇن. ئۇ يەرگە دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى كىشىلەرنىڭ تېتىمىپ بېقىشى ئۈچۈن دەرياغا سىيىدىغان بىر مۇنچە ئادەملەر جەم بولىدۇ.

**يۇقىرى مەرتىۋە**

يۇقىرى مەرتىۋە شۇنداق ئاجايىپ نەرسىكى، بۇنىڭغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ، ھەتتا قېرىپ ھالىدىن كەتسىمۇ، تورلۇك كېسەللەر ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتسىمۇ، خۇددى ياشانغان سودىگەر دۇكىنىنىڭ ئىشىكىدە دۈمچىيىپ ئولتۇرۇۋالغىنىدەك، مەرتىۋىسىدە ئولتۇرۇۋېرىشكە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسى ۋە «ئۆلمەيدىغان قېرى» دېگەن تىل - ھاقارىتىگە قالىدۇ.

دىغان ھادىسە.

**يەرلىك ئاھالە**

1. گۇناھى ئىنتايىن ئېغىر ئىرق، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى.

قۇتقۇزۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ مىسالى شۇكى، ئەينى يىللاردا ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى يەرلىك ئاھالە ــ ئىندىئانلارنى ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان قىياپەتكە ئۆزگەرتىۋەتتى. بۈگۈنكى ئىندىئانلار يا شالغۇتلىشىپ، يا تېرىسىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، يۇلتۇز، بالداقلىق بايراق ئاستىدا يېشىل پاسپورت ئالالمايۋاتقان سېرىق تەنلىكلەرنى زوقلاندۇرىدىغان بولدى.

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىقىنىڭ مىسالىنى 1521 - يىل 3 - ئايدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەينى چاغدا، پورتۇگالىيىنىڭ دېڭىزچىسى ماگېللان ئاتلانتىك ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈپ فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرىغا كەلگەنىدى. ئۇ ئارالدىكى گۇناھى ئېغىر ئىرقنى قورال بىلەن قۇتقازماقچى بولۇۋىدى، ئەكسىچە ياخشىلىقنى قىلچە بىلمەيدىغان يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ماگېللان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ باشلاپ كەلگەن قۇدرەتلىك كېمە ئەترىتىدىن پەقەت «ۋېكتورىيە» ناملىق بىرىلا ئۇ خىزمەت قىلغان ئىسپانىيىگە قايتىپ بارالىدى. پورتۇگالىيىلىكلەر چەكلىك دەرىجىدە ماگېللانغا ماتەم بىلدۈرۈپ بولدى قىلدى. چۈنكى، ئۇ پورتۇگالىيىلىك ئەمەس ئىدى.

2. بۇ قىسمىتى ئانچە زور بولمىغان كىشىلەر بولۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن بايقالغان چاغدا ئۇلار يېڭى بايقالغان دۆلەتنىڭ زېمىنى بىلەن ئاۋارە بولۇپ جاپا تارتىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇلار باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى تېزلا بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئوغۇتقا ئايلىنىپ زېمىننى مۇنبەتلەشتۈرىدىغان بولدى.

3. ئىس - تۈتەكنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمايدىغان، ئاپتاپقا تولۇق قاقلىنالايدىغان ئادەملەر.

4. ھەقىقىي ئادەمگەرچىلىكنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر.

يوگورۇپ كېتىۋاتسا، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان دوستى سوراپتۇ:

- نېمە ئىش بولدى؟
- يانچۇقچىنى قوغلاپ كېتىۋاتىمەن.
- ئۇ قېنى؟
- ئارقامدىن يوگورۇپ كېلىۋاتقان شۇ.

**يېتىم**

بۇ ھەقىقىي يەككە ئادەم بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ياكى تاشلىۋېتىشى ئۇنى بېقىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھوقۇق ■ىن مەھرۇم قىلغان. ئۇنىڭ تەقدىرى ئىللىقلىققا تولغان دارىلئاجىزىنغا ئاپىرىپ بېرىلىش، ھەقسىز مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش، ئاخىرىدا بولسا جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسى ئېھتىياجلىق بولغان مايلامچى ياكى كىر يۇغۇچى بولۇشتىن ئىبارەت.

**يېزىقچىلىق**

كىشىلەرنىڭ ماددىنىڭ سىرتقى قېپىدىن قۇتۇلۇپ، نەپس ئىچكى يادروسىنى تەتقىق قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان، ئۆتكۈر سەزگۈ ئەزاسىغا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغان غەلىتە قىلمىش.

**يېزىقچىلىق مەستانىسى**

بۇ ئادەم ئۆزىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭىدۇ. ھەر كۈنى ئاشنىسىغا ئاتتە پارچە خەت يازىدىغان بىر ئايال يېزىقچىلىق مەستانىسى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوبيېكتى بىرلا بولۇپ، ئۇ پەقەت مۇھەببەت قايىنىمىدىكى بىر ئايالدىنلا ئىبارەت. لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خەتلەرنى نەشر قىلىشقا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلغان بولسا، دېمەك ئۇ بىر يېزىقچىلىق مەستانىسى بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە ئەگەر تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغان بولسا، يېزىقچىلىق مەستانىسى بولۇش جامائەتچىلىك ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك مودىغا ئايلانغان بولاتتى: باي ۋە بىكار تەلەپ بولسا؛ ئومۇمىيۈزلۈك تەنھالىق تۇيغۇسى قاپلىسا؛ جەمئىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولمىسا. مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. لېكىن، يې-

**يۇمۇر**

1. روھنى ھەقسىز تىنچلاندۇرغۇچى.
2. پىسخىك جەھەتتىكى ئىش - تۇتەك.
3. مەنىۋى جەھەتتىكى تەسەللى.

**يۇيۇنۇش**

پاكىزلىك سوغۇق بولىدۇ، پاكىز بولماقچى بولغانلار بەدەن تېمپېرا-تۇرىسىنى سەرپ قىلىشى كېرەك. يۇيۇنۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى شۇكى، ئۇ بىزنى يەنە بىر قېتىم غەم - غۇسسىسىز بالىلىقىمىزغا قايتۇرىدۇ.

**يۈرەك**

قاننى ئايلاندۇرغۇچى گۆش ناسوس. كىشىلەر ئۇنى ھېسسىياتنىڭ ئۇۋىسى، دەپ ئاتايدۇ. لېكىن بۇ بىر گۈزەل تەسەۋۋۇردىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇرۇن ئومۇملاشقان بىر خىل ئېتىقاد ئىدى. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى شۇنى بىلدۈردىكى، ئاشقازان ئىنسانلار ھېسسىياتىنىڭ ھەقىقىي ئۇۋىسى. يېمەكلىك ئاشقازان سۇيۇقلۇقىنىڭ رولى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرلۇك - تۇمەن ھېسسىياتى ۋە ئىنتىلىشلىرىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر پارچە كالا گۆشى قورۇمىسى بىر خىل ھېسسىياتقا ئايلىنىدۇ. بۇ ھېسسىياتنىڭ قاتتىق - يۇمشاق بولۇشى يېگەن كالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك ئىكەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. . .

**يۈز**

بىر خىل نىقاب، بارىدا ئادەم ئادەم كۆرۈنىدۇ، يوقىدا ئادەم نىجىس كۆرۈنىدۇ.

**يۈزى ئېچىلمىغان قىز**

1. بەختكە قول تەگكۈزۈپ باقمىغان ئايال.
2. ئادەمنى بىئارامىلىقتا سالىدىغان ئايال.

**يوگۇرۇش**

ھاۋانى تېپىپ ئويناش.

*چېمپىيون*

بىر قېتىم بىر يوگۇرۇش ماھىرى يانچۇقچىنى قوغلاپتۇ. ئۇ تازا

*قىزنىڭ كۆڭلى*

ئانا: ئاچچىقىڭىزدىن يېنىپ قالدىڭىزمۇ قىزىم؟ ئۆيىڭىزگە قايتىپ ئېرىڭىز بىلەن يارىشىپ قالاي دەۋاتامسىز؟

قىزى: تېخى ئاچچىقىمدىن يانمىدىم. لېكىن، ئۆيۈمگە قايتىمەن. چۈنكى ئۇنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويالمايمەن ـ دە!

**يېمەكلىك**

1. بىز قاپ يۇرەكلىك بىلەن ئاشقازىنىمىزغا يوشۇرۇپ قويىدىغان تۇراقلىق ئىبارە. ئۇ بىزنى ئاغزىمىزنى ئىشقا سېلىپ كىشىلەرنى سۆيۈشكە ياكى كېسەل بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ.

2. ئادەم بەدىنىنىڭ يېقىلغۇسى.

3. ئۆتمۈشتە ئۇ سەنئەت ئىدى، هازىر كالورىيە بولۇپ قالدى.

*ئالدى بىلەن بەدەننى قوغۇدەتلەش*

بىر كىشى ئىشتىن هېرىپ ـ ئېچىپ كەلسە، ئايالى ئوغلىنىڭ كاسىسىغا ئۇرۇۋاتقۇدەك.

ـ نېمە ئىش بولدى؟

ـ بۇ بالا مەكتەپتە قىزلارنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى قۇچاقلاپتۇ، سۆيۈپتۇ. ئوقۇتقۇچىسى مېنى مەكتەپكە چاقىرىپ، ئوغلىڭىزنى ئوبدان باشقۇرۇڭ، دېدى.

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەر ئوغلىنى سۆرىگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپتۇ ـ دە، تامغا ئېسىپ قويۇلغان چۆمۈچنى ئاپتۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئايال ئېرىنىڭ قولىغا ئېسىلىپتۇ:

ـ بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇرماڭ!

ـ هەي ئەخمەق، ئۇنى ئۇراي دەۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭغا تۇخۇم قورۇپ بېرەي دەۋاتىمەن!

**يېنىك جىنايەت**

بۇ بىر خىل قانۇنغا يەڭگىل دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش بولۇپ، ئېغىر جىنايەتنىڭ يۈكسەكلىكىدىن ناهايىتى ئۇزاقتا تۇرىدۇ. شۇڭا، يېنىك جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىگە كە-

ۇنقچىلىق مەستانىلىقى قاپلاپ كەتكەن بىر دەۋردە، كىتاب يېزىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش ئەكسىچە ئۇنۇم بەرمەكتە: ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىقىغا باغلىنىپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ نىداسى ۋە پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالمايۋاتىدۇ.

يېقىن، يېقىنچىلىق

تەڭرى جور بولۇپ بەرگەنلىكتىن ئەخمەقلەر مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى ئورنىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ مەقسىتى بىر - بىرىنى ھالاك قىلىشتىنلا ئىبارەت.

يېقىن دوست

ئىچكى سىرىڭنى دەپ بەرسەڭ، ئۇنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويىدىغان ئادەم.

يېڭى ئەسكەر

يېڭى ئەسكەر مۇنداق ئادەم: ئۇ ئۇستىدىكى فورمىسى بىلەن ئادەتتىكى پۇقرالاردىن، يول ماڭغان چاغدىكى قىياپىتى بىلەن ھەقىقىي ئەسكەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

يېڭى توي قىلغان يىگىت

1. ھەم جىددىيلىشىدىغان، ھەم ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالىدىغان ئەر.

2. ئۆز ئىختىيارى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى.

يېڭى كېلىن

1. خالىغىنىنى قىلالايدىغان گۈزەل تۇرمۇشتىن زېرىككەن بىر ئايال.

2. گۈزەل ئىستىقبالنى ئارقىغا تاشلىۋەتكەن ئايال.

يېڭى يىل

ئادەتتىكى كۈنلەرنىڭ باشلىنىشى.

يېڭىۋاشتىن ھېسابلاش

ئامېرىكا سىياسىيسىدا شىشخالنى يەنە بىر قېتىم ئېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يېڭىۋاشتىن ئويلىنىش

ئۆزى چىقارغان قارارغا يوللۇق سەۋەب ئىزدەش.

*مۇئەييەنلىككە بىرىشنىڭ يولى*

ـ يىغىنىڭلار نەتىجىلىك بولغاندۇ؟

ـ شۇنداق بولمامدىغان! بىز كېلەر ھەپتىدە يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىشقا بىردەك قوشۇلدۇق.

**يىغىن زالى**

مۇنبەردىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئىرادىسىنى تاڭىدىغان ئورۇن.

**يىگىت**

نومۇسنىڭ قۇلى.

**يىڭنە**

بۇرۇن ئاياللارنىڭ ياماقچىلىقىغا ئىشلىتىلەتتى, ھازىر ئەرلەرنىڭ ئورۇندۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

**يىل**

بۇ 365 قېتىم ئۇمىدسىزلىنىدىغان ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

رىش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

**يېنىكلىك**

ئاياللارغا ئالاھىدە مەنسۇپ بولغان گۇناھ.

*سىز ئەمەسما*

پويىز تونېلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت سۆيگىنىگە دەپتۇ:

- تونېلنىڭ مۇنداق ئۇزۇنلۇقىنى بىلگەن بولسام، سىزنى بىر سۆيۈۋالاركەنمەن.

سۆيگىنى ھەيرانلىق بىلەن سۆزلەپتۇ:

- بايا مېنى سۆيگەن سىز ئەمەسما؟!

**يىراقنى كۆرەلىگى يوق**

ئەتىكى كىرىمى بىلەن بۈگۈنكى راسخوتىنى تۆلەش.

**يىرتقۇچ ھايۋان**

«ئەر» دېگەن بىلەن مەنداش.

**يىغىن**

1. كوللېكتىپنىڭ بىر پارچە ئاق بۈلۈتنى مۇھاكىمە قىلىشى بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۈنىڭغا ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدۇ. لېكىن، رىياسەتچى ھاۋارايىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاۋېرىدۇ.

2. ئىچكى جەھەتتە ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولغان ئىشلار توغرىسىدا بىر تالاي ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ قارار چىقىرىش.

3. مۇخبىرلار سۈرەتكە تارتقاندىلا چىرايى ئېچىلىدىغان كىشىلەرنىڭ يىغىلىشى.

4. ئىككى قېتىملىق ئۆگدەك ئارىسىدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ قويىدىغان يىغىلىش.

*ئارام ئالغۇدەك ۋاقىت يوق*

- يېقىندىن بۇيان ئالدىراپلا يۈرىسەنغۇ؟

- ئۇنى بىر دېمە، خىزمەتنىڭ تولىلىقىدا يىغىن ئاچقۇدەكمۇ ۋاقىت چىقمايۋاتىدۇ.

责任编辑:艾合买提·伊明
责任校对:伊力亚斯·热依祢
封面设计:刘堪海

旧词新解 (维吾尔文)

卡德尔·阿尔斯兰 编译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 10.625印张2插页
1998年11月第1版 1998年11月第1次印刷
印数:1—5,000

ISBN7—228—04765—6/G·475定价:15.85元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ليۇ كەنخەي

# شەيتان لۇغەت

تۈزگۈچى : قادىر ئارسلان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى : 10.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1998 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1998 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1— 5,000
ISBN7—228—04765—6/G • 475
باھاسى : 15.85 يۈەن



# شەيتان لۇغەت

ISBN 7-228-04765-6

9 787228 047659 >

ISBN7－228－04765－6

G·475　定价: 15.85 元